TANGRITAG

2003.5

天尔塔格



ئەدەبىي خاتىرىلەر

ISSN 1004-1745

9 771004 174028 09

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل
مۇھەررىرى ئەركىن نۇر



«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل
لىق مۇھەررىرى بولات ھېۋزۇللا





«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر
بۆلۈمىدىكىلەر (ئالدىنقى رەت
ئوڭدىن) ئەكبەر سالىھ، بولات
ھېۋزۇللا، ھەبىبۇللا مۇھەممەت،
ئەركىن نۇر؛ (ئارقا رەت ئوڭ-
دىن) ئىمىرھەسەن مەخمۇت،
خەلچەم ئابلىمىت، سىنەۋەر ئۆ-
مەر، ئالىم خالىدىن





# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

# 2003.5



ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## 100 ساننغا مۇبارەك

بىغىشلىمىلار ............ ئىسمائىل تىلىۋالدى، كۈرەش مەخسۇت (4)
«تەكرىتاغ» ئەسلىمىلىرى ...................... ئەخمەت ئابدۇللا (6)
«تەكرىتاغ»، ساڭا تەكرىتاغ پەرزەنتلىرى قايىل ............ ئەخمەت ئىمىن (14)
قەلبىمدىكى «تەكرىتاغ» ............ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (تايماس) (35)
«تەكرىتاغ» قا تەبرىك ............ ئېزىز ساۋۇت (38)
تېخىمۇ گۈللەپ ياشنا، «تەكرىتاغ» ............ ماھمۇد زەيدى (21)
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدىكى ئارالچە............ ئابدۇللا مەتقۇربان (40)
ئەدەبىياتىمىز، «تەكرىتاغ» ژۇرنىلى ۋە مەن ............ ئەكبەر نىياز پەتتارى (15)
ئۆتتىن مۇھەببەتكە. . . ............ ئابباس مۇنىياز (19)
«تەكرىتاغ»، مەن ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىزدىنىش مۇساپىسى............ نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى (41)
«تەكرىتاغ» بويلاپ ............ يالقۇن ئەزىزى (26)
سەت ئۆردەك بالىسى ............ ۋەلى داۋۇت (33)
ھايات ئىنسانلار قەلبىدىن باشلىنىدۇ ............ ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم (30)
«تەكرىتاغ» ۋە مەن ............ ئابدۇللا ئېلى (24)
ھەر چېچىكنىڭ تۇغار بىر قۇياش ............ ئەخمەتجان تۇرۇپ (46)

## ئەسلىمە

«ۋارىس ھۆكۈمەت» ............ يالڭ لىخېڭ (78)
زوردۇن سابىر ۋە مەكتەپ ............ مۇتەللىپ سىيت (56)

نەشرىيات باشلىقى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
بۇ ساننىڭ مۇھەررىرلىرى: ئەزىزى، ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
ئىشخانا خادىمى: سەنەۋەر ئۆمەر، رىسالەت (تەكلىپلىك)
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت
فوتوگراف: ئالىم خالىدىن

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) ئومۇمىي 100 - سان

## ھېكايىلەر

بىر نەچچە دۇكان ........................ ئەخمەتجان قۇربان (86)
مۇڭلۇق كېچە ........................ نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى (48)

## شېئىرلار

جۇلالار ........................ ۋاھىتجان غوپۇر (46)
ئەللىيىدە تەبىئەتنىڭ ئۇخلايدۇ دېگىنىز ........................ ھاجى قۇتلۇق قادىرى (72)
شېئىرلار ........................ قەيسەر تۇرسۇن (74)
ئۈچ شېئىر ........................ ھۆرىيەت مۇھەممەت (75)
شېئىرلار ........................ پەرھات كازىمى (76)

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

ئەدەبىي خاتىرىلەر ........................ ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن (103)
ئۈچ ئەدەبىي خاتىرە ........................ ئەھەت داۋۇت (105)
ھېكمەت ئۇچقۇنلىرى ........................ ئېزىز نۇر (107)

## مۇساپىلەر

سۇ ھەققىدە قىسسە ........................ ئەھەد بارات (109)

مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى ئۆتكۈر نىجات تارتقان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تور ئادرېس: http://www.tangritagh.net
E—mail:editor@tangritagh.net
polat@tangritagh.net
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 - خەت ساندۇقى)
خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: ISSN1004—I745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 —1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58
پارچە سېتىلىشى: 5.00 يۈەن

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزغا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 100-سانى

نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

[illegible]

ئىسمائىل تىلىۋالدى.

2003-يىل 12-سېنتەبىر.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۆرەش مەخسۇتنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزغا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە تېخىمۇ زور تۆھپە يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۆرەش مەخسۇت

2003-يىل 12-سېنتەبىر

www.uyghurkitap.com



# «تەڭرىتاغ» ئەسلىمىلىرى

ئەخمەت ئابدۇللا

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى)

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بارلىق زىيالىيلارنىڭ قەتئىي قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىمىز 1986 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنياغا كەلگەنىدى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ ئەدىب - يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلىرىمىزغا يەنە بىر ئەدەبىي ماھارەت زېمىنى ھازىرلاپ بېرىلگەنىدى. تېپىلغۇسىز يېڭى دەۋر دولقۇنلىرى ئېلىپ كەلگەن ياخشى پۇرسەتتە، ژۇرنىلىمىز ئەتراپىدىكى ئىجادكارلىرىمىز غەيرەت - شىجائەت بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مىسلىسىز كەڭ سورۇنىنى ئېچىپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە يېڭى دەۋرنىڭ تەلەپ، ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تېمىسىدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي خۇسۇسىيەت، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە بولغان شېئىر، نەسر، ھېكايە، پوۋېست، ئوبزور ۋە باشقا ھەر خىل ژانىردىكى نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىپ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىمىزنىڭ پەرۋىشكار باغۋەنلىرى بولۇپ قالدى. يۈز سانىنىڭ تويىنى قىلىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بىلەن يىللار ياساپ ژۇرنىلىمىزنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن كۈرەشكەن، مەدەت بەرگەن دوستلارغا، باغۋەنلىرىمىزگە، قەلەمكەش ئاپتورلارغا، ئۇستازلارغا سەمىمىي يالقۇنلۇق سالام يوللايمىز! خەلقىمىزدە «قاناتسىز قۇش ئۇچالماس، پەرۋىشسىز باغ ئاينىماس» دېگەن گەپ بار. تەھرىر بۆلۈم ۋە ژۇرنالنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق تەرەققىيات مۇساپىسىگە نەزەر سالساق، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماي، بەلكى ئۆزلىرى بىۋاستە «يول باشلىغۇچى ھەم سەپەرداش» بولۇپ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىگە قىزغىنلىق بىلەن ئەسەر بېرىپ كەڭ قەلەمكەش، ئاپتورلىرىمىزغا ئۈلگە بولدى.

شۇنداق قىلىپ بۈگۈنكى ئالتۇن دەۋرنىڭ ئىلھامىدا «تەڭرىتاغ» نىڭ غەمگۇزار ئوغلانلىرى ساخاۋەتلىك قوللىرىنى سۇنغاچقا، «ئىزدەنگەن كىشى كامالەت تاپار» دېگەندەك ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ كەتتۇق. ھەش - پەش دېگۈچە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى «كىچىك»، «نارەسىدە» بولسىمۇ ئۆز ئانىسى «ئۈرۈمچى» نىڭ قوينىدا بارلىققا كېلىپ، كۈچىنىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، 17 يىلدا كۈنلەرنى ئايلارغا، ئايلارنى يىللارغا ئۇلاپ 100 سان نەشر قىلىنىپتۇ! داۋانلار ئېشىپ غالىب يىللارنى يارىتقان «تەڭرىتاغ» كامالەت يولىدا ئىزدىنىپ، بارغانسېرى ئىسمى - جىسمىغا مۇناسىپلىشىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى مەنىۋى دوستى بولۇپ قالدى.

ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، مائارىپ مەركىزىي شەھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربىي دىيارىمىزدا 1 مىليون 5 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسى بار، زىيالىيلار يۇكسەك مەركەزلەشكەن قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئەنئەنىۋى مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى ئېچىپ ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلاھاتتىن كېيىن خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېز ئۆسۈپ، ئۇلارنىڭ خىلمۇ خىل مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تولىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ھەر قاتلام زىيالىيلارنىڭ «شەھىرىمىزدە بىر ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ژۇرنال بولۇشى كېرەك» دېگەن جىددىي تەلەپلىرىنى 1985 - يىلىدىن باشلاپلا كەڭ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە كۆپ قېتىم دادىل

ئىنكاس قىلدى. چۈنكى شۇ چاغدا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياج - تەلەپلىرى، ئارزۇلىرى مۇرىمىزنى بېسىپ تۇراتتى! مۇشۇنداق ئۇرغۇپ تۇرغان روھىي بېسىم ئاستىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى يۈكسەك تەخىرسىزلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن 1986 - يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا ژۇرنالنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمەت كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، كۆپ قېتىم ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. شۇ ۋاقىتتىكى پايدىلىق شەرتلەر بولسا — شەھىرىمىزدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ زىيالىيلارنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ مەنىۋى بوشلۇقنى جەزمەن تولدۇرۇش شەرت ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن: خەلق ھۆكۈمىتى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شەھەرلىك پارتكوم بىزنىڭ دوكلاتىمىزنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە يوللاپ دەسلەپكى قەدەمدە تەستىقلانغانلىقى ئېلان قىلىنغاندا، بۇ پەۋقۇلئاددە ھاياجانلىق خۇش خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە شەھىرىمىزدە پۇر كەتتى. بۇ خەۋەر خۇددى چاقماقتەك تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زىيالىيلار ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ تەشنالىق قەلبلىرىنى لەرزىگە سالدى. بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقىغا ئېرىشىشى تولىمۇ تەس بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىچكى جەھەتتە يېنىمىزدىكى «تىيانشان» ژۇرنىلىنىڭ بەزى خاتالىقلىرى تەنقىد قىلىنغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، شەھىرىمىزدە ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنىڭ بارلىققا كېلىشى خۇددى تەسەۋۋۇردىكى خاسىيەتلىك چۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەمدى بىز تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ بالىغا قانداق ئىسىم قويۇش كېرەك؟ بۇ بىر ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان چوڭ تېما بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر تەرەپلىمە كۆپ ئىزدەندۇق. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەردىن، ئالىملاردىن، مۇتەخەسسىسلەردىن، ئورۇنلاردىن يوليورۇق ۋە مەسلىھەت سورىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ دەسلەپكى پىكرى «تەڭرىتاغ» ياكى «خانتەڭرى» دېگەن ئىسىملار بىرقەدەر ئومۇملۇق ۋە سىمۋول خاراكتېرى يۇقىرىراق بولۇپ، ژۇرنالنىڭ ئىسمى - جىسمىغا مۇۋاپىق كېلەتتى. «خانتەڭرى» «تەڭرىتاغ» نىڭ چوققىسى بولسىمۇ، ئەينى يىللىرى ئۇنىڭ ئاساسلىق قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە جايلاشقان بولغاچقا، يەنىلا «تەڭرىتاغ» دەپ ئېلىشنى لايىق تاپتۇق. خەنزۇچە نامىنى « 天尔塔格 » دەپ ئۇيغۇرچىغا بويسۇندۇرۇپ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئالدۇق. ئىبراھىم مۇتئىغا ئوخشاش ئالىملىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، «تەڭرىتاغ» سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇنداق ئىكەن: قەدىمدە خەلقىمىز كۆپ خۇدالىق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلار قاراخان، ئوماي. . . دېگەنگە ئوخشاش ئۈچ تەڭرىسى بار ئىكەن. ئۇلار يىلدا بىر قېتىم تەڭرىتېغىغا يىغىلىدىكەن، شۇ يىغىلىشلاردا ئۇلار بەزى مۇھىم ئىشلاردا باش قوشۇشىدىكەن. شۇڭا ئۇ تاغ «تەڭرىلەر تېغى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «تەڭرىتاغ» دەپ قىسقارتىلىپ ئىستېمال قىلىنغانىكەن.

تەڭرىتاغ ئەنە شۇنداق مۇقەددەس تاغ بولسىمۇ، ئەينى چاغلاردا بەزى كىشىلەر دەماللىققا بۇ ئاتالغۇغا قوشۇلۇپ كېتەلمىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن تەڭرىتاغلىرى دۇنيا تاغ تىزمىلىرى ئىچىدە ئاسمان - پەلەك بولۇپ، خەلقىمىزگە يۈكسەك غۇرۇر ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بۇ ژۇرنال نامى «تەڭرىتاغ» دەپ مۇقىملاشتى. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش جەريانىدا رايونىمىز تەۋەسىدىكى يۆنىلىش ۋە باشقۇرۇلۇش يېتەكچى ئىدىيىسى ياخشى بولمىغان بەزى گېزىت - ژۇرناللار پېچەتلەنگەنىدى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، ژۇرنال ئۈچۈن «دەۋر روھى»، «يەرلىك خۇسۇسىيەت»، «ياشلار ئالاھىدىلىكى»، «مىللىي ئۇسلۇب» دېگەندەك تۆت ئاساسىي يېتەكچى مىزاننى بەلگىلەپ بەردى. ھەممىگە ئايانكى، ھازىرقى يېڭى تارىخىي دەۋردە، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يۈكسەك ئىلغار مەدەنىيەت يارىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ دۇنياۋى پەللىلىرى ئۇنىڭ جەۋھەرلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەنسۇپ بولۇپ كەلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياشىغان زامان - ماكانلارنى ئەسلىسەك، 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەزىزانە قەشقەرنى مەركەز قىلغان «يىپەك يولى» تولىمۇ راۋان بولۇپ، «بۇ مۇنبەت گۈزەل زېمىندا» ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، ياۋروپا مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان ھالقىسمان چەمبىرەك نۇقتىسىدا تۇرۇپ، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يۈكسەك شىجائەت بىلەن مۇجەسسەملەپ، ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىككە يەتكەن بولسا كېرەك. غەربىي دىيارىمىزدا قەدىمكى زاماننىڭ مەدەنىيەت - سەنئەتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇشىغا قەدىمكى زامان «يىپەك يولى» سەۋەبچى بولغان بولسا، بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي دەۋردە 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن پارتىيىمىز ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكى سىياسەتلىرى ئارقىلىق دۇنياۋى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىلغار مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنىڭ كىرىشىگە داغدام يول ئېچىپ بەردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتەرگەن كۆپ مىللەتلىك، 5 مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە سوتسىيالىستىك دۆلەت. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەت پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولغان بىر خىل ئىدېئولوگىيە، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادىي بازىسنىڭ نەسىرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. يېڭى تارىخىي دەۋردە ئىقتىسادىي بازىس سوتسىيالىستىك خاراكتېرى بىلەن ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى ئۆز - ئۆزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز پۇرسەت ۋە ئالتۇن دەۋرنى ئاتا قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن

دۆلەت بايرىمىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان سۆزىدە: «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى بولمىغان مىللەتنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى. يولداش جياڭ زېمىن يەنە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بىرى «ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىش»، «ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىش»، «ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشتىن» ئىبارەت. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى: «ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىنتايىن يۈكسەك كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئومۇمىي قاتلاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى ئېنىقراقى، بارلىق مەدەنىيەت ئومۇمىيىتىنىڭ خەلققە پايدىلىق يۈكسەك ئىلغار تەرەپىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئەلۋەتتە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇشۇ ساھەسىدە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، شائىر، قەلەمكەش ئاپتورلارنى دادىل يېتەكلەپ يۇقىرى سەۋىيىلىك نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلىيەلىسەك، ھەممە مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە زور ھەسسە قوشالىساق، ئىلغار مەدەنىيەتكە «ۋەكىللىك قىلىش» بىلەن «ئىلغار مەدەنىيەت»نى ياراتقۇچىلار جۈملىسىگە كىرىشىمىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە ئىشلىگۈچى بىزلەرمۇ شۇ بىرىنچى سەپنىڭ جەڭچىلىرىگە خاس. بىز ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنى ئەسلىسەك، ژۇرنالنىڭ دەسلەپتە تەجرىبىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن تەھرىر بۆلۈمىنىڭ بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندۇق. تەھرىر بۆلۈم خۇددى بىر ماشىنىنىڭ ماتورى دېسەك، ئۇنىڭ زاپچاسلىرى بولسا دەل تەھرىر بۆلۈمىدىكى

ھەربىر ئەزادىن ئىبارەت. شۇ ۋەجىدىن ھەربىر تەھرىر خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بارلىقىنى بېغىشلىغانىكەن، ئەلۋەتتە پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن مەقسەت بىلەن ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ يۈكسەك كەسپىي ئەخلاق يېتىلدۈرۈپ «نامسىز قەھرىمان»لاردىن بولۇشى لازىم. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن 1986 - يىلدىن باشلاپلا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى مەسىلىسىدە دائىم مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ تۇردۇق. ئىقتىدارلىق ياشلارنى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەپ ئەكىلىپ تەھرىرلىك مەشغۇلاتىنى مۇكەممەللەشتۇردۇق.

بىز ژۇرنالنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي يوللىرىنى سەممىي ئەسلىسەك: ئەينى چاغدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق شۇجىسى يولداش جاۋ چىجەن ۋە شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ھەبىبۇللا رىقىپ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ دەسلەپكى تەشكىلىي قۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن تارتىپ تاكى ژۇرنالنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغىچە بولسۇن، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە يۈكسەك مەسئۇلىيەت، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن پۈتۈن كۈچى بىلەن سەممىي قوللاپ، نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ ھەر ۋاقىت خەۋەرلەندۈرۈش، مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىپ ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ ژۇرنالنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. تەھرىر بۆلۈمىمىزدىكى يولداشلار ۋە شەھىرىمىزدىكى ھەر قاتلام زىيالىيلار ئۇلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. تەھرىرلىرىمىز ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزئارا ماسلىشىپ، يېڭىلىق يارىتىپ تىرىشىپ ئىشلەپ ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك ئىشلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇنتىزىملاشتۇردى. ئۇلار 17 يىلدىن بۇيان بارلىق تەھرىرلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىق مەركىزىنى شەكىللەندۈرۈپ ژۇرنالنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ، بۇ ئۇزۇن مۇساپىدە «نامسىز قەھرىمانلار»دىن بولۇپ قالدى. بىز بۈگۈنكى ئەسلىمىمىزدە ژۇرنالنىڭ تەييارلىق سانىنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق. 1986 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەييارلىق سانىنىڭ مۇقاۋا لايىھىسى توغرىسىدا رەھبىرىي يولداشلارنىڭ پىكرى بويىچە ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدىكى ئومۇملاشقان قارىياغاچ يوپۇرمىقىنى سىمۋول خاراكتېرىدە ژۇرنال مۇقاۋىسىغا چۈشۈرۈپ، مىڭ بىر جاپالار بىلەن سىناق سان نەشردىن چىقتى. پىلان بويىچە بۇ سان ئىچكى جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، رەھبەرلەرگە، ھەرقايسى گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئاتاقلىق ئەربابلارغا تارقىتىلىپ كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىندى. نەتىجىدە بېرىلگەن ئىنكاس، تەكلىپ - پىكىرلەر ئىجابىي بولۇپ، تەييارلىق سان ئۇ خۇددى بىر «نارەسىدە» ئەقىلگە توشمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى يوقتىن بارلىققا كېلىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئۆسۈپ تاۋلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىمىزدا شائىر، ئاپتور، قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغان سەھنىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى!

تەھرىر بۆلۈمىمىز تەييارلىق سانىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، 1987 - يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ژۇرنالنىڭ بىرىنچى سانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك نەشردىن چىقاردى. بۇ خۇش خەۋەر خۇددى باھار گۈلدۈرمامىسىدەك پارتلاش خاراكتېرى بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى زىيالىيلار، ياشلار، ئوقۇتقۇچى، قەلەمكەشلەر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئارىسىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. ژۇرنالنىڭ دەسلەپكى تىرازى ھە دېگەندىلا 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ژۇرنالغا مۇشتىرى بولمىغانلار قولدىن - قولغا تالىشىپ ئوقۇشقان، ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى شەھەرلىرىدە كىتاب يايمىچىلىرى بىرىنچى سانىنى 10 يۈەن، 15 يۈەن پۇل بېرىپمۇ ئالالمىغان. ئەنە قاراڭ، «تەڭرىتاغ» ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا قارىماي كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ! قەھرىمانلارغا ماھارەت كۆرسىتىدىغان يەنە بىر مۇنبەت زېمىن ھازىرلاندى. مانا بۇ مىللىتىمىزنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى روھىي تۈۋرۈكىنى يارىتىشتا مىسلىسىز ئىجابىي تەسىر

www.uyghurkitap.com



كۆرسەتكۈسى. تەھرىر بۆلۈم ھەر بىر سان ژۇرنال چىققاندىن كېيىن، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ژۇرنال سەھىپىلىرىنىڭ خىلمۇ خىل، رەڭدار، ئەتراپلىق بولۇشنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى ئەگرى - توقاي بولغان بولسىمۇ، لېكىن تەھرىر بۆلۈم ھەر بىر ساندا ئارقىمىزغا بىر قەدەم چېكىنىپ يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ ھەربىر سانىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى قەدەممۇ قەدەم ياخشىلاپ ماڭدى. يولداش ھەبىبۇللا مۇھەممەت مەسئۇل مۇھەررىر، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر قاتارلىق كونا تەھرىرلىرىمىز شۇنچە ئۇزۇن يىللار مابەينىدە مىليون، مىليون خەتلىك ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەن بولسىمۇ، بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدىغان، بىر - بىرىگە دۆڭگەپ قويىدىغان، ئارقىدىن گەپ ساتىدىغان، ھەسەتخورلۇقتەك ئىشلارنى سادىر قىلمايلا قالماي، بەلكى ئاز گەپ قىلىپ باش چۆكۈرۈپ ئەمەلىي، كۆپ ئىشلەپ ئىناقسىزلىقتىن خالاس بولدى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇقىملىقى پۈتكۈل كەسپىي ئىشلىرىمىزنىڭ جان تومۇرى!

بىزگە ئايانكى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى، ھەرقانداق بىر ساھە، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتتىمۇ ئىنتايىن ئېغىر قاتماللىق ھۆكۈم سۈرگەچكە، دۇنياۋى ئەدەبىيات - سەنئەت نامايەندىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىغان. شۇڭا تەھرىر بۆلۈمىمىز دادىللىق بىلەن ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى كەڭ، سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىش ئۈچۈن ئىدىيە ۋە كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ سەر خىل، ئىلغار جەۋھەرلىرىنى ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، داڭدار ئەسەرلەرنى تاللاپ، پىلانلىق ئېلان قىلىپ، ئاپتور - ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بەدىئىي ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇش، ئىدىيە ۋە كۆزقاراشنى يېڭىلىشىغا مەدەت بېرىلدى.

«بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش» 1989 - يىلى تەتۈر ئېقىمنىڭ تەسىرىدە ئەسلىدىكى «تيانشان» ژۇرنىلى (خەنزۇچە يېزىقتىكى) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تەھرىر بۆلۈم ئەنە شۇنداق سەزگۈر ۋەزىيەتتە كەسكىن سىناققا دۇچ كەلدى. لېكىن «تەڭرىتاغ» ئەزىمەتلىرى مەزمۇت تۇرۇپ، ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولغاچقا «بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش»كە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا پارتىيە رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈپ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى قەتئىي قوغداپ قالىمىز دېيىشتى. 1989 - يىلى ۋەزىيەت تولىمۇ جىددىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسى پېقىرنىڭ تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار بىلەن خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە بارلىق پائالىيەتلەردە بىللە بولۇشۇمنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ھەبىبۇللا رېقىپنى ۋاقىتلىق باش مۇھەررىرلىككە تەكلىپ قىلىپ، ئەسەرلەر قايتا - قايتا تاۋلاشتىن ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەھرىر بۆلۈم كۆز ئالدىمىزدىكى ئاچچىق ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىپ، سىياسىي، ئىدىيىۋى، كەسپىي ئۆگىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ زىچ ئىتتىپاقلاشقانلىقى ئۈچۈن تەھرىرلەر ئارا ئىرادە بىرلىكى ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىپ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتى، سەھىپىلىرى رەڭدارلاشتى.

بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئوربىتىسىدا ياخشى ئايلىنىشىغا شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىش ۋە قوبۇل قىلىش جەريانىدا غەيرىي ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ يامان تەسىرلىرىدىن ھوشيار بولۇش شەرت. بۇ بىر ژۇرنالنىڭ توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش - تۇرالماسلىقى ماھىيەتتە ئۇنىڭ تەرەققىيات سەپىرىدە ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، ئاپتورلار قوشۇنىنى كېڭەيتىش، قەلەمكەشلەرنى تەربىيىلەش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، «قانداق قىلغاندا ژۇرنالنىڭ

ھاياتىي كۆچىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ» دېگەن مەسىلىنى تەھرىر بۆلۈم خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك دەپ قارىدۇق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، توغرا سىياسىي - ئىدىيىۋى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئەدەبىياتتا داۋاملىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، قاتماللىقتىن قۇتۇلۇش، ئىجادچان بولۇپ دادىل يېڭىلىق يارىتىش، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ماڭماي مۇستەقىل تەجرىبە يارىتىش، ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش، تەھرىرلەرگە قەتئىي ئىشىنىپ ئۇلارغا مىللىتىمىز ئالدىدىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى تونۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. «تەڭرىتاغ» تەھرىر بۆلۈمى ئۆتكەندە شۇنداق قىلغان، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ بۇ ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ بېيىتقۇسى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بىر ژۇرنالنىڭ ھاياتىي كۆچىنى ئۇرغۇتۇشتا ئىقتىسادىي ئامىل ناھايىتى مۇھىم. ئەينى يىللاردا ئىزا - ئاھانەتتىن قورقماي بىر ئاماللار بىلەن ئىجتىمائىي كۆچلەردىن ئىقتىساد جۇغلاپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قورقماي ئۆز يولىمىزدا مېڭىپ ئاپتور ۋە قەلەمكەشلەر ئارا ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە شەرت - شارائىت ھازىرلىدۇق. شەھىرىمىزدە ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە ئىجتىمائىي كۆچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش، خەير - ساخاۋەتلىك ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى ئەڭ ئالدى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنچىلا يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. دېمەك، مۇشۇنداق ئاكتىپ ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ تۈرتكىسىدە ژۇرنال ئەتراپىدىكى يازغۇچى، شائىر، ئاپتور، قەلەمكەشلەر ئارا، ئۆزئارا ئۇچراشتۇرۇش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش ھەمدە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل پائالىيەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ باردۇق.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى كوللېكتىپى پائالىيەتچانلىق، مەشغۇلاتچانلىق ئەندىزىسى جەھەتتە يەرلىك ژۇرناللارغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئالدىسى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا مەتبۇئات ساھەسىدە بازار ئىگىلىكى سىياسىتى يولغا قويۇلۇشتىن خېلىلا بۇرۇنلا ئويغىنىپ، «ئىقتىسادىي كاللا» بىلەن ھەر خىل مۇلازىمەت يوللىرىنى ئېچىش ياكى ھەربىر سانغا ھەقلىق يوسۇنغا ئېلان بېرىشتەك يېڭىلىقلارنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا باشقىلاردا بۇنداق ئاڭدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىمۇ ئۆزگىچە خاس يېڭىلىققا، ئىجادىيلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتلەردە بىرقىسىم يەرلىك ژۇرناللارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى ياكى ئۇلارغا ئۆرنەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭىچە شېئىرلارغا باشتىن - ئاخىر ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۆز سەھىپىلىرىدە ئۇلارغا كەڭ ئورۇن بېرىش، ماقالە - ئوبزورلارنى ئېلان قىلىش ھەم ھەر خىل شېئىرىيەت ئىلمىي مۇھاكىمىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەرنى تاللاپ «سالغا تېشى» (خەنزۇچە)، «قەشقەردىكى يەرشارى» (ئۇيغۇرچە) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىلا ئەمەس، جۇڭگودىكى خەنزۇ كىتابخانلىرى ۋە ئوبزورچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچىدىكى «يىشىن»، «قەلبداشلار» كىتابخانىسى بۇ «سالغا تېشى» ھەققىدە خەنزۇ مۇتەخەسسىسلىرىنى يىغىپ مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ھەم بۇ ھەقتە مەتبۇئاتلارغا خەۋەر بەردى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى كوللېكتىپى ژۇرنالغا كەلگەن ئەسەرلەرنى كۆرۈش، تاللاش، تەھرىرلەش ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك چىقىشى ئۈچۈن ئىزچىل تەر تۆكۈپ كەلگەندىن سىرت، ياش ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈنمۇ كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەر خىل پائالىيەت، كۇرس، پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىنىڭ ئۈنۈمىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا 80 - يىللاردىن كېيىن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى بازا قىلىپ تونۇلغان ياش ئاپتورلىرىمىزنى خېلى كۆپ ساناپ بېرەلەيمىز. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئىجادچانلىق بىلەن يول ئېچىپ نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلدى، 1988 - يىلى ۋە 1989 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك ژۇرناللار ئىچىدە

www.uyghurkitap.com



ئىجتىمائىي كۆچلەرنىڭ يەردىمىگە تايانغان (ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسمە چۆپ زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چالغۇ ئەسۋاپلىرى زاۋۇتى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا ئالدىن بېيىغان مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچىلاردىن ئوبۇل ھەسەن مۇساباييوپ، شېرىپ ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىگە تايانغاندۇق) تۇنجى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تەسىس قىلدى. ھازىر يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان «خانتەڭرى مۇكاپاتى» «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تەشەببۇسى ۋە دەسلەپتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يەرلىك ژۇرناللار بىرلىشىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇكاپاتقا ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خانتەڭرى مۇكاپاتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان چوڭ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىگە ئايلاندى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى كوللېكتىپى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە قاراشلىق ھەرقايسى جەمئىيەتلەرنىڭ (ئالايلۇق، ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ خەلق قوشاقلىرى، خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاش، نەشر قىلىش خىزمەتلىرىنى بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىدى) ئۇيغۇر تىلى سىستېمىسىدىكى خىزمەتلىرىنىمۇ ئىشلىدى. ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىمۇ قانات يايدۇرۇشقا قاتناشتى. ئالايلۇق، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1990 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى دارىلئىتام ۋە نىيانشان رايونىدىكى بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. تۇرپاننىڭ مەلۇم يېزا مەكتىپىگە 1000 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل كىتابلارنى ئىئانە قىلدى. 1987 - يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجتىمائىي كۈچلەردىن خىراجەت توپلىشى، پىلانلىشى، ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ تۇنجى نورۇز سەنئەت فىلىمىنى ئىشلەپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا بىرنەچچە يىلغىچە ھەر يىلى دېگۈدەك نورۇزغا ئاتاپ سەنئەت فىلىملىرىنى ئىشلەپ، باشقا تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا بىر مەزگىل «نورۇز فىلىمى ئىشلەش قىزغىنلىقى» دولقۇنىنىڭ قوزغىلىشىغا ھەمدە كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن بىر مەزگىل ئۇنتۇلغان مىللىي بايرىمىمىزنى قايتىدىن ئومۇملاشتۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن «ئۈرۈمچى يۇلتۇزى»، «سادا»... قاتارلىق سەنئەت فىلىملىرىنى ئىشلىدى. 1992 - يىلى شىنجاڭ بويىچە «مەن ياخشى كۆرىدىغان ئەدىب» راي سىناش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى.

1994 - يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن بېيجىڭدا 5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى بىلەن 1 - قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا يولداش ئىسمائىل ئەھمەد مۇھىم سۆز قىلدى. سۆزىدە:

يەرلىك ژۇرناللار ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ نۇرغۇن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مېنىڭچە، بۇ يىغىننى ئۇيغۇر ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ بىر قېتىملىق كۆرىكى دېسەك بولىدۇ. بۇ قوشۇن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ... بىر مىللەت باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە تەڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بىر خىل روھ بولۇشى كېرەك. بۇ روھ دەل شۇ مىللەتتىكى يۇكسەك مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت. يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يەنە شۇ يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى مەرھۇم قەييۇم تۇردى ئەپەندى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلىپ: مەلۇمكى «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» 1989 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ئون نەچچە يەرلىك

ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىرى مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» پائالىيىتىنى ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللار قارارلىق ھالدا يىلدا بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن ئۇيۇشتۇرىدىغان، مۇكاپاتلاش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، مۇھاكىمە قىلىش سورۇنىغا ئايلاندۇرغان، كېيىن بۇ پائالىيەتكە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «تارىم» ژۇرنىلىمۇ قاتنىشىپ، «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» پائالىيىتىنى ئاكتىپ ۋە پائال قوللىغان. ئۆتكەن بەش يىللىق «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ يۆنىلىشى توغرا، تەسىرى زور ۋە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ئەدەبىيات ژۇرناللىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، سىڭىشتۇرۇپ، پەرقىنى تېپىپ، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىش ۋە ژۇرنال باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش ھەمدە كۆپلەپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش، ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراماي، كورلا، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن تۆت قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» پائالىيىتىدە 80 نەپەر ئاپتورنىڭ «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنلىكى ۋە بۇ پائالىيەتكە بىرنەچچە مىڭ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئۈمىدلىك ئىجادكارلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قاتناشقانلىقى، بۇ پائالىيەتنىڭ تەسىرىنى ۋە ئۇنىڭ زور ئاممىۋىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» پائالىيىتى تەبىئىيكى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئومۇمىي پائالىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ شان - شەرەپ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئەتراپىدىكى بارلىق شائىر، يازغۇچى، ئاپتور، ئوقۇرمەنلەرگە مەنسۇپ. تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىدىكى تۈپ مەقسىتىمۇ دەل «ژۇرنال باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش، ھەمدە كۆپلەپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ ئىلغار مەدەنىيەتكە ھەسسە قوشۇش»تىن ئىبارەت ئىدى. بىر تەھرىر بۆلۈم ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، قەرەللىك ئىشخانىدىن چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ئاپتور، ئوقۇرمەن قەلەمكەشلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش بەكمۇ مۇھىم. ھېلىھەم ئېنىق ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ، ژۇرنالنىڭ سىناق سانى ۋە 1 - سانىنى خاتاسىز كوررېكتور قىلىش ناھايىتى تەسكە توختىغانىدى. ھېلىمۇ بەختىمىزگە يارىشا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دىكى يولداشلار بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىزنى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقى دەپ بىلىپ بۇ ماھارەتلىك كوررېكتور خەلچەم ئابلىمىتنى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە يۆتكەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ژۇرنال تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى تاغدەك بولۇپ، ئۆز كەسپىدە «نامسىز قەھرىمان» بولۇشقا مۇناسىپ، ئەلۋەتتە!

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» (بۇرۇنقى نامى «كومپيۇتېر دۇنياسى»، مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال)، «بۈگۈن» (بۇرۇنقى نامى «ئىجادىيەت ۋە ئۇچۇر» ئىچكى ژۇرنال) قاتارلىق ئىككى ژۇرنالنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرىياتىغا ئايلاندى. پەن - تېخنىكا ئۇچۇر مۇلازىمىتى، تور تېخنىكىسى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە، دەۋر ئېقىمىغا، دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن «تەڭرىتاغ» تور پونكىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئۆزىنىڭ تور پونكىتىنى تۇنجى قېتىم قۇرغان مىللىي تىل - يېزىقتىكى بىردىنبىر ژۇرنال بولۇپ قالدى.

دېمەك، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 17 يىللىق مۇساپىسىدە مىڭلاپ ئاپتور، قەلەمكەش، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى خۇددى قېرىنداش ژۇرناللارغا ئوخشاش زىيالىيلار ۋە ئۈمىدلىك ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئەتىۋارلاپ يېتىشتۈرىدىغان ئانا مەكتەپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغۇسى!

# «تەڭرىتاغ»، سىلەرگە تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى قايىل

ئەخمەت ئىمىن

بۈگۈندىن 17 يىل بۇرۇنقى مەزگىللەرنى ئويلىسام، كىشىلىك ھاياتىمنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرى ئىكەن، لېكىن ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىمدا ياشلىقىمنىڭ نەۋباھار مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. يازسام - يازسام ھارمايتتىم، ئىجادىيەت سەھنىسىدە تۇرۇپ بالىلىق رولىغا، تۇرۇپ ياشانلار رولىغا چىققۇم، تۇرۇپ شائىر بولغۇم، تۇرۇپ يازغۇچى بولغۇم كېلەتتى. ھەتتا تېخى بالىلارنىڭ تىلىدا گەپ قىلغىنىم يەتمىگەندەك، چوكانلارنىڭ تىلىدىمۇ سۆزلىگۈم كېلىپ كېتەتتى. شۇنداق بىر ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرغۇن ئاياللار بىلەن سۇقا - سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى «ئانا قەسىدىسى» ناملىق بىر نەسرىنىمۇ يېزىپ چىققان بولدۇم. ئۇ نەسرىم 1986 - يىلى دەل مۇشۇ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانىدا ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن بۇيان مەن «تەڭرىتاغ» بىلەن بىللە ياشاۋاتىمەن. تەبىئەتتىكى تەڭرىتېغىمىز ھەممىمىزنى ئۆز بايلىقى بىلەن بېقىپ كەلگەندەك، مەنۋىيىتىمىزدىكى بۇ «تەڭرىتاغ» مۇ بىزنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ روھىي ئوزۇقلىرى بىلەن بېقىپ كەلدى. مەنمۇ بۇ «تەڭرىتاغ» دىن جىق بەھرە ئالغانلارنىڭ بىرى. شۇ چاغدىكى بۇ «تاغ» نىڭ ئەتراپىدىكى ئەدەبىيات قوشۇنىنى بىر كارۋانغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. كارۋاننىڭ بېشىدا زوردۇن سابىر، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىز، ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك مۇھەممەت پولات، بوغدا ئابدۇللا، ئابلىكىم خىۋىر، رەخىم قاسىم، مىرزاھىد كەرىمى، مەتىلى زۇنۇن قاتارلىق ئوتتۇرا ياشلىقلىرىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارسلان، روزى سايىت، مۇھەممەت باغراش، قادىر ئارسلان، تۇرسۇن لېتىپ، مۇھەممەت روزى يارقىن، ياسىن مۇخپۇل، ئابدۇراخمان ئەبەي قاتارلىق مەن دېمەتلىكلەر بار ئىدى، كەينىدە ياشلىرىمىز «ياشلىق چۇقانلىرى» نى توۋلاپ كېلەتتى. ھېچقايسىمىز دەۋر روھىنى ئۇنتۇمىدۇق، مىللىي خۇسۇسىيەتنى ئۇنتۇمىدۇق، يەرلىك ئۇسلۇبمۇ ئەكس ئېتىپ تۇردى. ياشلار ئالاھىدىلىكى دەسلەپتە ئىزلىنىش بىلەن، كېيىنچە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن خاراكتېرلىنىپ تۇردى، ئۇلار «تاپ» تىمۇ مېڭىپ باقتى، «تاپ» تىنىمۇ چىقىپ باقتى، ئاخىر ئۆزلىرىگە خاس بىر يول ياراتتى. شۇ ياشلار ھازىر ئوتتۇرا ياش مەزگىللىرىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپى پىشتى، تاكامۇللاشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كەينىدىمۇ بىر تۈركۈم ياشلار ھېلىھەم «ياشلىق چۇقانلىرى» نى توۋلاپ كەلمەكتە. بۈگۈندىن مەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرمەكتىمەن. دەرھەقىقەت، ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى ئۈزۈلمەس كارۋان بولالايدىكەن. بىرىمىزنىڭ ئىزىنى بىرىمىز باستۇق، باسالىدۇق ھەم باسالايدىكەنمىز. قەيسەر، جۇشقۇن كارۋانلا بولىدىكەن، يولنى قۇم بېسىپ قالمايدىكەن، يول پەقەت بىرنەچچىلا بولۇپ قالمايدىكەن، يېڭى - يېڭى يوللار ئېچىلىپ تۇرىدىكەن.

مەن مۇشۇنداق يول ئاچقۇچىلار ئۈچۈن يەنە بىر ئۆزگىچە يول ئېچىپ كېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ پەرۋىشكار مۇھەررىرلىرىگە مۇنداق بىر كۆڭۈل سۆزۈمنى ئېيتقۇم كېلىدۇ: جىق ئىزلەندىڭلار، دوستلار، بۇ «تاغ» ئۈچۈن جىق يۈرەك قانلىرىڭلارنى سەرپ قىلدىڭلار. سىلەرگە تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى قايىللىق ۋە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ. 17 - 18 ياش ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەقىقىي ياشلىققا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. سىلەر بەرپا قىلغان «تاغ» مۇ ئەمدى شۇ ياشقا قەدەم قويدى، سىلەر تېخى نۇرغۇن ئىش قىلىسىلەر، ئەجر - ئىزىڭلار مۇشۇ «تەڭرىتاغ» قا مەڭگۈ - مەڭگۈ يادنامە بولۇپ پۈتۈلگۈسى.

# سىرداشىم «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ۋە مەن

**ئەكبەر نىياز پەتتارى**

ئۇستازىم، سىرداش دوستۇم «تەڭرىتاغ»ىم،
بىر قۇشمەن شوخ سايراشقا ئۆزۈڭ باغىم.
رىشتىمىز ئۈزۈلمىدى «يۈز سان» گۇۋاھ،
مەنلەر تاپتى سەندە قىران چاغىم. . .

مەيلى باشقىلار نىمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ مۇشۇ تاپتىكى ھېس - تۇيغۇلىرىمنى، خۇشاللىقلىرىمنى ئىپادىلەشكە «تەڭرىتاغ»قا سىرداش، قېرىنداش بولۇپ كەلگەن قەلىمىمدىن تۆكۈلگەن مۇشۇ مىسرالار ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپەمنى ئەسلەپ كۆرسەم، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بىلەن ئارىمىزدا ئەقىدە، سەمىمىيەتنى ئۆزىگە ئۇل قىلغان دوستلۇق كۆۋرۈكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ئالىي مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، قولۇمغا چىقىپ قالغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» قاتارلىق پىكرى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزگىچە نەسرىي ئەسەرلىرى، ياش شائىر ئەخمەتجان ئوسمان، غالىپ راخمان، ئىلغارجان سادىق، پەرھات ئىلياسلارنىڭ ئىشلەتكەن تىلى، تەپەككۇرى يېڭى ھەم «غەلىتە» شېئىرلىرىنى كۆرگەن چاغدىكى قىزىقىش، ئىزتىراپقا ئوخشاپ كېتىدىغان تۇيغۇلىرىمنى ھازىر ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. راستىنى دېگەندە، بۇ ئەسەرلەر مېنىڭ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ھەتتا ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆگەنگەن ئەدەبىيات ھەققىدىكى تونۇش، چۈشەنچىلىرىمنى خېلى ئوبدانلا غىدىقلىغان، تەۋرىتىۋەتكەنىدى. مەن ئەينى چاغدا ھەرقانچە ئويلىساممۇ بۇ ژۇرنالدىكى بۇ يېڭىلىقلارنى، «غەلىتە» لىكلەرنى كۆزۈمگە، كۆڭلۈمگە سىغدۇرالمىدىم. بىراق شۇنىڭدىن بۇيانقى 16 يىللىق ئەمەلىيەتنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى، ئۆزۈمنىڭ شېئىرىيەتتە باسقان يولۇمنى ئويلاپ باقسام، بۇ ژۇرنال مەن ئۈچۈن، بىز ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى.

مەلۇمكى، دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاق 16 يىلدا سەبىيلىك، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆزىتىپ ياشلىقنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىز بىلەن سىرداشلىقنى ئۈنسىز داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىمۇ ھازىر دەل ئۆزىنىڭ قىران چاغلىرىنى كۈتۈۋالدى ۋە مۇشۇ يىللاردا ئۆزىگە خاس يول، ئۇسۇل بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئىجابىي رول ئوينىدى. بۇ ئاساسلىق تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

**«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يېڭىلىق مۇنبىرى**

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىگە ئايانكى، بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ئىلغار، يېڭى نەرسىلەرنى تونۇشتۇرىدىغان، دادىل سىناق قىلىدىغان مۇنبەر، كۆزنەك بولۇپ كەلدى. شەخسەن ئۆزۈمنى ئالسام، ھازىرغىچە «تۇتۇق»، «غۇۋا» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان (بەلكىم بۇلار ھەقىقىي ئۇيغۇرچە شېئىرلار بولۇشى مۇمكىن، ھازىرچە بۇنى قويۇپ تۇرايلى) شېئىرلارنى بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىدىن ئوقۇدۇم، چۈشەنمەي بىلجىرلىغانغا قارىغاندا يۈزەكى بولسىمۇ چۈشەندىم. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، مەنمۇ مۇشۇ خىل شېئىرلارغا ياندىشقان ھالدا بەزى «شېئىر» لارنى يېزىپ ئېلان قىلدىم. راستىنى ئېيتسام، تىل توسالغۇسى سەۋەبلىك مەن ئۈچۈن تىلسىم بولۇپ كېلىۋاتقان ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ

بۇرۇنقى، ھازىرقى ئەھۋالى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت يېڭى ئۇقۇم، يېڭى چۈشەنچىلەرنى بۇ ژۇرنالدىن ئوقۇدۇم، بىلدىم. بىزدە «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ بىل» دەيدىغان بىر ماقال بار. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ ھەربىر ساندا خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، يۈزلىنىشى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىلغارلىقتا، يېڭىلىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان نادىر نەمۇنىلەرنى تونۇشتۇرۇشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۆزىنىڭ ساماۋى قۇچىقىدا يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ كەلدى. 16 يىلدىن بۇيان بۇ ژۇرنال ئەسەر تاللاشتىلا ئەمەس، مۇقاۋا، ئىچ بەت، سۈرەتلەرنىڭ لايىھىلىنىشى جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس بىر خىل ئىزچىللىقنى، يېڭى شەكىل، يېڭى ئۇسلۇبنى ساقلاپ كەلدى. بۇ ژۇرنال ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە باشقا پائالىيەتلەردىمۇ مۇشۇ روھ ئىپادىلەندى. نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر قاتارىدا مەنمۇ ئىزلەنمە ھېكايە، يېڭىچە شېئىر دېگەنلەرنى مۇشۇ ژۇرنالدا كۆردۈم، بىلدىم. قىسقىسى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن ھازىرغىچە يېڭىلىق مۇنبىرى بولۇشتەك مۇقەددەسلىكىدىن بىر مىنۇتمۇ تېيىپ باقمىدى.

**ياش ئەدىبلەرنىڭ يولباشچىسى**

ياشلار بۈگۈننىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپلا قالماي، گۈزەل ئەتىنىڭمۇ قۇرغۇچىسىدۇر. شۇڭا، ماۋ زېدۇڭ ئەينى يىللىرى ياشلار ھەققىدە توختالغىنىدا «ئۈمىد سىلەردە» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ نۇقتىنى ھەممىدىنمۇ بەكرەك چۈشەنگەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان بىر بۆلەك پېشقەدەملەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ياش ئەدىبلەرگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش بۇرچىنى تونۇتتى، باشقا قېرىنداش ژۇرناللار بىلەن بىر قاتاردا بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۇلارغا يۈكلىدى. مۇشۇ يولدا ياشلار بىلەن ئورتاق ئىزدەندى.

80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر بۆلەك ياشلار دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلاپ يېڭىچە شېئىرلارنى ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك مۇنازىرە قوزغىدى. بۇ چاغدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى يۈزتۇرا مۇنازىرە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ پائالىيەتلەر ئەينى چاغدا پېشقەدەملەر بىلەن ياشلار، بىر قىسىم ياش ئەدىبلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا شەكىللىنىپ قالغان ئۇقۇشماسلىق، چۈشەنمەسلىكلەرنى تۈگىتىش، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىشتا كۆۋرۈك بولدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەنئەنىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىلەردە ئۇ يەنىلا ئوقۇرمەنلەرنى توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىگە يېتەكلىدى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يېڭى، تېخى ياش ژۇرنال بولۇشىغا قارىماي، ياش ئەدىبلەرنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇشقا ھەر ساندا مۇۋاپىق سەھىپە، بەت ئاجراتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بىرنەچچە قېتىم ياش ئەدىبلەر سىمنارىيىسى، سۆھبەت يىغىنى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قىممەتلىك تەجربە ۋە كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئاپتورلارنى ئۆزئارا تونۇشۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇش مۇشۇ ئاساستا ئورتاق ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەنمۇ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئارقىلىق نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلاردىن ئاز بولمىغان نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. بەزى ياش قەلەمكەشلەر بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدىم. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ياش ئاپتورلارنى تەربىيىلىگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنغان مەخسۇس توپلاملارنى چىقىرىپ، ئۇلارنى مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى قېرىنداشلارغا تونۇشتۇرۇشنىمۇ قولدىن بەرمىدى. «قەشقەردىكى يەر شارى» (خەنزۇچە نۇسخىسى «سالغا تېشى») بۇلارغا ئەڭ ياخشى ئۆرنەكتۇر. جۈملىدىن مەنمۇ ئاشۇ قىممەتلىك تەربىيىلىنىش پۇرسىتى ۋە شەرەپلەردىن بىر چەتتە قالمىدىم ھەم ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىياتتىكى خاس

www.uyghurkitap.com

ئورنۇمنى تېپىش يولىدا مۇناسىپ تىرىشتىم. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان «تېگىرقىغان مىسرالار» ناملىق شېئىرىمدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا مەن بۇ ژۇرنالدا ئەسەر ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقىلى 15 يىلدىن ئاشتى. ئۆزۈم ۋە بىر بۆلەك ئوقۇرمەنلەر ياخشى كۆرىدىغان «خىيالچان گۇگۇم»، «شېئىرلار مېنىڭ يۈرىكىم»، «پەرۋازنامە»، «غەزەللەر» گە ئوخشاش ئەسەرلىرىمنىڭ مۇشۇ ژۇرنالدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ مەن ھەر يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا يارايدىغان بىرەر پارچە ئەسەر يېزىشنى ئۆزۈمنىڭ ئارمىنى قىلىپ كەلدىم. كۆڭلۈمدىكىنى قالدۇرماي ئېيتسام، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ۋە بۇ ژۇرنالدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ مەن ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرى ناھايىتى كۆپ. بۇ مېنىڭلا ئەمەس، نۇرغۇن ياش ئاپتورلارنىڭمۇ يۈرەك سۆزى بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

### دەۋر روھى ئاساسىي مېلودىيە

ئىسلاھات بىلەن تەرەققىيات دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپلا قالماي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، جۈملىدىن بۇ دۇنيانى قۇرۇۋاتقان ئادەملەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ياندىشىدىغان ئەدەبىياتنىڭمۇ ئاساسىي مېلودىيىسىدۇر. ھەممىمىز ئىپتىخار، سۆيۈنۈش بىلەن 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى قۇتلۇقلاۋاتقان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان يىللاردا دۇنياغا كەلدى ۋە دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ئۆزىدە، ئۆزىنىڭ ھەر خىل ژانىرىدىكى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىدى. بۇ جەھەتتە باشقا ژۇرناللارغا ئۈلگە بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيادا، ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ھۆجەيرىسى بولغان ئادەملەرنىڭ پىكرى، قىممەت قارىشى، دۇنيا قارىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. مۇشۇ يىللاردا دىلكەشىمىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى مەخسۇس سەھىپە، مەخسۇس بەتلەرنى ئېچىپ ۋە ئاجرىتىپ ئوقۇرمەنلەرنى ئەتراپىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تولۇق خەۋەردار قىلدى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ساپ ئەدەبىيات - سەنئەتنى پۈچەكلەشتۈرۈپ قويمىدى. بۇنىڭغا ژۇرنالنىڭ ھەر ساندا بېرىلىۋاتقان ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، ئەدەبىي مۇلاھىزىلەر ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىدىن ئىبارەت بۇ «ئاتلىق قوشۇن» نىڭ تەرەققىياتى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانىدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ۋە بۇ ژۇرنال ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئېچىۋېتىش روھىغا باي، ياش قابىل مۇھەررىرلەر ژۇرنالدا ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنى ئېتىبار بىلەن ئىشلىتىپ، ئۇنى ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرى بىلەن بىر قاتاردا گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، مۇلاھىزىلەر جەھەتتە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۆزىمىزگە تونۇش بولغان ساھەلەردىن، يېنىمىزدىكى ئىشلار، يېنىمىزدىكى كىشىلەردىن گەپ ئېچىشنى ئۆزىنىڭ پرىنسىپى قىلدى. ئەڭ بولمىدى دېگەندە، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەدەبىي ئاخباراتلارنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇردى. باللارنى ئېلىپ - سېتىش، زەھەر چېكىش، زەھەر ئەتكەسچىلىكى، ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ھەققىدىكى تەرجىمە، مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان، ئادەمنى ئويلىنىشقا ئۈندەيدىغان خاتىرىلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ژۇرنالنىڭ «يۈزمۇيۈز»، «مەخپىي خاتىرىلەر»... دېگەنگە ئوخشاش سەھىپىلىرىمۇ دەل جەمئىيەتكە، تۇرمۇشقا يۈزلەنگەن سەھىپىلەر بولۇپ، بۇلارمۇ چوڭ جەھەتتىن يەنىلا ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە ژانىرىغا تەۋە نەرسىلەردۇر. خۇلاسە قىلغاندا، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئاخباراتتىن ئىبارەت بۇ «بوز يەر» نى ئېچىش، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشتىكى رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

### مىللىيلىك مىللىي ئەدەبىياتنىڭ يىلتىزى

ھازىر بەزى كىشىلەر مىللىي، يەرلىك دېگەن ئاتالغۇلارنى ئاڭلىسىلا تەشۋىشكە چۆكۈپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنچىۋالا چۆچۈشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئۇسلۇب دېگەن تۇرمۇشتىكى، روھتىكى مىللىيلىكنى

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زېمىنى قىلغان. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۆز يېزىقىمىزدا نەشر قىلىنىۋاتقان نادىر ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىيلىك مۇھىتىدا مىللىي ئۇسلۇبنى يېتىلدۈرۈش، ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا ئىنچىل كۈچ سەرپ قىلدى. ئەدەبىيات تۇرمۇشنى مەنبە قىلىپ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق ئەسەرگە يازغۇچى ۋەكىللىك قىلىدىغان رايون، مىللەتنىڭ مۇئەييەن تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچى ئوكتاۋىئو پازنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان «يۈز يىل غېرىبلىق» قا ئوخشاش ئەسەرلىرىدىكى گارسىئا ماركوس ۋەكىللىك قىلغان خەلقنىڭ قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇرمۇشى، ئەپسانە - رىۋايەتلىرى، ئۆرپ - ئادىتى بولماي نېمە؟! شۇنىڭغا ئوخشاش «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان رايونىمىز تۇرمۇشىدىن ئېلىنىپ يېزىلغان ئەسەرلەردىمۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەتنىڭ قايناق تۇرمۇش مۇھىتى، خەلقنىڭ زامانىۋى تۇرمۇش قۇچىقىدىكى ئارزۇلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. دېمەك، روشەن مىللىي خاسلىق، يەرلىك خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەش مىللىي ئەدەبىياتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. مىللەتنى باشقىلارغا تونۇتۇشتا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. قىرغىزلارنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق دۇنيا خەلقى قىرغىزلارنى باشقىدىن چۈشەنمىدىمۇ، بىلمىدىمۇ؟! بۇ يەردىكى گەپ مىللىيلىكنى، خاسلىقنى قايسى نۇقتىدا تۇرۇپ، قايسى دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتە. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ «يەرلىك خۇسۇسىيەت» دېگەن ئاتالغۇنى ئۆزىنىڭ شوئارى قاتارىغا كىرگۈزگىنىگە ئوخشاش ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ مۇشۇ ھالقىلىرىغا ئەھمىيەت بىلەن قارىدى. بۇ ژۇرنال قويۇق شەھەر مۇھىتىدا نەشر قىلىنىدىغان ژۇرنال بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭدا قەدىم تەكلىماكان، يىراق نىيە، پامىر، ئورخۇن، كوئىنلۇن، ئالتاي زېمىنىدا ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ تونۇگۈنكى، بۈگۈنكى تۇرمۇشى، جۈملىدىن رايونىمىزدىكى زامانىۋى شەھەرلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات رەستىلىرى، خالتا كوچىلىرىدىكى كىشىلەر بار. بىز بۇ ژۇرنالدىكى ئەسەرلەردىن جاپاكەش دېھقانىمىزنى، ئىشسىز ئىشچىنىڭ باشقىدىن ئىگىلىك بەرپا قىلىش يولىدىكى كەچۈرمىشىنىمۇ، ستۇدېنتلارنىڭ دىپلومىنى كۆتۈرۈپ، ئورگان - ئىدارىلەردە تەمتىرەپ يۈرۈشلىرىنىمۇ كۆرەلەيمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ھەققىدىكى ئىنتىلىشلىرىگە ئىختىيارسىز جور بولىمىز. ئۇلار بىلەن ئۆزىمىزنىڭ پەقەت ئۆزىمىزلا بىلىدىغان «ئىچكى تىلىمىز» دا سىردىشالايمىز، مۇڭدىشالايمىز. بىزنىڭ بۇ ژۇرنالدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاشۇنداق تۇيغۇلارغا چۆمۈلەلىشىمىز دەل بىز دەۋاتقان مىللىيلىك بولسا كېرەك.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان مۇھەررىرلەر، ئاپتورلارنىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى ئوقۇرمەنلەر ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ژۇرنالغا ئايلاندۇرۇشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىدىن باشقا، پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلارنى، تۆھپىكار ئەدىبلەرنى قەدىرلەش، ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنى تونۇتۇش جەھەتتىكى ئەھمىيەتلىك خىزمەتلىرىنىمۇ ئەلۋەتتە تىلغا ئېلىشقا، ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ژۇرنال بىلەن تونۇشقان، سىرداشقان 16 يىلىمنى سۆيۈنۈش، ئىپتىخار بىلەن ئەسلىسەم، ماڭا بۇ ژۇرنال ۋە بۇ ژۇرنالدىكى ئەسەرلەردىن نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەر يۇقتى. مەن ئۆمرۈمدە مۇشۇنداق بىر ياخشى ژۇرنالنىڭ ئوقۇرمەنى، ئاپتورى بولالىغانلىقىمدىن مىڭ مەرتىۋە رازىمەن. . .

ھەر تاق ئايلارنىڭ يىگىرمىسى بولار - بولمايلا قەلبىم تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل ئىزتىراپ، خۇشاللىقتا چۆمىدۇ - دە، پوچتىكەشنىڭ يولىغا قارايمەن ياكى گېزىت - ژۇرنال بوتكىسىغا چاپىمەن. مەندىكى بۇ روھىي ھالەت 16 يىلدىن بۇيان ئىنچىل داۋاملىشىپ كەلدى. مېنىڭچە، مۇھەببەت، ئامراقلىق مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندە، بۇ ھەقتە يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

بىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان «تەڭرىتاغ»

ژۇرنىلى ھەققىدىكى بۇ تەسىراتلىرىمدا يۈزەكىلىكلەر، ئاشۇرۇۋەتكەن تەرەپلەر بار بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ھەققىدىكى بۇ ئاددىي يازمامنى تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

يۈز سان دېمەك يۈز تال چېچەكتۇر،
ھەربىر چېچەك باغدىن كۆرەكتۇر.
مىڭ تال چېچەك، يۈزمىڭ تال چېچەك،
قەلبىمدىكى ئالىي تىلەكتۇر. . .

# [illegible]

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشرىگە بېغىشلاپ)

**ئابباس مۇنىياز**

ژۇرنالنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قەلەم تەۋرىتىش تەكلىپى قولۇمغا تەگكىنىدە، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. 100 سان! بۇ، ھەقىقەتەنمۇ ۋەزنى ئېغىر سان ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر رەقەمدار بېتى ۋە مەنىلىك يىل - ياشلىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇچۇن تۆكۈلگەن مېھنەت سەمەرىسى يالتىراش بىلەن بىرگە، قېنىلىپ - سوقۇلۇپ كېتىۋاتقان كەمسۆز بىر ئاپتورنىڭ، ئازاب ۋە مۇشەققەت ئادىمى ئابباس مۇنىيازنىڭ مۇھەببەت ۋە قايىللىق بىلەن تولغان سىنچى نەزەرلىرىمۇ قېتىپ قالغانىدى. ئۇ شۇ يىللاردىكىدەكلا سۆيۈنۈپ كېلەتتى، كۆزىتىپ باراتتى. . .

ئۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇن ئۇتلۇق يىللار بولغانىدى. 80 - يىللارنى يەنە شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنتۇيالمايتتىمكى، دەل مۇشۇ يىللار ئىچىدە مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكىمۇ چىققاندىم. تېخىمۇ خاسىيەتلىك بولغىنى، خىزمەتكە چىققان يىلىمغا ئۇلگۇرۇپلا جەلپكار بىر نامايەندە — «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانىدى.

«دەۋر روھى، يەرلىك ئۇسلۇب، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي خۇسۇسىيەت» ژۇرنال ئىستىلىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئۆزگىچە تۆت جۈملە سۆز ژۇرنالنىڭ سىناق سانىدا، يەنە كېلىپ مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدىلا چوڭ خەت شەكلىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇ شوئارىغا يارىشا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ غوللۇق ۋەكىللىرىنى ئۆز سەھىپىسىگە جەلپ قىلغان سىناق سان ئىجادىيەت بېغىسى ئۇچۇن ئىشەنچلىك بىر سەھنە يارالغانلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى. چۈنكى بۇ ساندا يەنە ئۆز شوئارىغا مۇناسىپ ھالدا تۇرلۇك سەۋىيە ۋە تۇرلۇك ئېقىمغا مەنسۇپ ئەدىبلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ كەڭ ئورۇن بېرىلگەنىدى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوپ، زوردۇن سابىر، ئوسمانجان ساۋۇت، مۇھەممەت باغراش، ئەخمەتجان ئوسمان، مۇختار مەخسۇت، ئەركىن ئىبراھىم، ئەزىزى، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر. . . «بوغدادىن سادا»، «بۇ يەر شۇنداق خىسلەتلىك»، «ئۇرۇمچى سەن مېنىڭ ئۈن توققۇز يېشىم»، «ئېزىققان يوللار»، «بولاقتىكى ئاي»، «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت». . .

تالانتلىق ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇرلۇك پىكىر، ئېقىمغا تەئەللۇق ئەسەرلىرى مېنى ئېيتىپ توگەتكۈسىز شادلىققا چۆمدۈردى، ھەيرەتتىمۇ ھەم قالدۇردى. قانداق شېئىر بۇ؟ قانداق پوۋېست بۇ؟ ئەدەبىي ئەسەر دېگەننى مۇشۇنداق يازسىمۇ بولامدىكىنە؟

خۇش بولاتتىمۇ، گاڭگىراپ تۇراتتىم. مۇشۇ ھالىتىم بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرەلەيدىغانلىقىمغا ھېچ كۆزۈم يەتمەيتتى. يۈرىكىمگە تۇتاشقان ئوت بىلەن پىكرىي تېپىزلىق ئىپادە قىلغان رىئاللىق مېنى قورقۇنچلۇق بىر

www.uyghurkitap.com



گاڭگىراشقا سېلىپ قىينايتتى. . . ئەمدى بىلسەم، بۇ مەندىكىلا ئەمەس، شۇ چاغدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىدىكى ئورتاق گاڭگىراش، ئورتاق ھەيرانلىق ئىكەن. چۈنكى دەل مۇشۇ ساندىكى ئەسەرلەردىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان مۇنازىرىگە سەۋەبكار ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئەدەبىياتىدا «گۇڭگا شېئىر» نامى بىلەن باشلانغان يېڭى سەزگۈ تەرەپدارلىرى بىلەن ئاممىباب، ئەنئەنىۋى ئىجاد ۋە لەززەت ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان كەسكىن مۇنازىرىلەر نەق مۇشۇ سىناق ساندىكى ئەسەرلەر ئۈستىدىكى مۇنازىرىدىن باشلاندى، داۋاملاشتى. . .

«خائىن تاغلار» شېئىرمۇ؟، «مۇھەممەت باغراشنىڭ يازغىنى قانداق ئەسەر؟». . . مۇنازىرىلەر مۇشۇ يوسۇندا باراتتى. 1987 - يىللىق تۇنجى سانمۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچىسىمۇ. . . ئۆز شوئارىغا سادىق چىقىۋەردى. يېڭى پىكىر، سىمۋوللۇق ئوبرازلار بىلەن تويۇنغان نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئۇزۇلمەي يۈز كۆرۈشۈپ تۇردى. بۇ ئەسەرلەر ھەققىدىكى مۇنازىرىنى مەزمۇن قىلغان سۆھبەتلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ژۇرنال سەھىپىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مۇنازىرىلىك سۆھبەتلەر ئاجايىپ ئىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ، پەلسەپىۋى پىكىرگە تويۇنغان سۆز دۇردانىلىرى بىلەن، ئەسلىدىنلا قىزىق نۇقتا بولغان ئەدەبىيات زېمىنىنى ھەممە قىزىقىدىغان ئوتلۇق بىر ساھەگە ئايلاندۇردى. راست، ھەممە ئوت ئىدى، رەھبەرلەر ئوتتەك قىزغىن ئىدى. ئەدىبلەر ئوتتەك يۈرىكىنى يەنە شۇ ئوتلۇق ساھەگە بەخشەندە قىلاتتى. ژۇرنالىستلار ئوتلۇق قەلبى ۋە ئەقلى بىلەن ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ باراتتى. ھەتتا ئاۋام خەلقمۇ ئوت ئەتراپىدا پىرقىرايتتى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى دەل مۇشۇ ئوتنىڭ مەركىزىدە ئىدى. ژۇرنالدا يېڭى ئەدەبىي ئېقىملار (ئەلۋەتتە بىزگە يېڭى بىلىنىدىغان ئېقىملار)، ئاشۇ ئېقىمدا يېزىلغان ئەسەرلەر، تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى؛ مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى قاراشلىرى، ئۇيغۇر ئاپتورلاردىن تۇغۇلغان ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەر. . . ئۈزۈلمەي ئېلان قىلىندى. ئوقا - ئوقا يېڭى بىر دۇنياغا كىرىپ كەتتىم. مۇشۇ ژۇرنالدىن باشلانغان بەس - مۇنازىرە قىزغىنلىقى ماڭا يېڭى بىر جۇرئەتنى، يەنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇقىم قېلىپى بولمايدىكەن، دېگەن قاراشنى ئاتا قىلدى. نەتىجىدە مەندە ئەسەر ئېلان قىلىش جۈرئىتى تۇغۇلدى. تەرجىمىھالىمدا «1985 - يىلى ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان» دەپ يېزىپ كېلىۋاتساممۇ، ھەقىقىي ئىجادىيەت قەدىمىم ئەمەلىيەتتە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭ باشلانغانىدى. شۇنداق دېيىشىم كېرەككى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى مېنى يېڭىچە قاراش، ئۆزگىچە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەمىن ئەتمىگەن بولسا، بەلكى بۈگۈنگىچە «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سەۋىيىسىنى ئوقۇرمەن سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈش كېرەك» دېگەن تەشەببۇسنىڭ بەندىسى بولۇپ «تۆنقولاق»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «بۆرە جىلغا»، «قارا قورساق سەركە» قاتارلىق ئېسىل ئەسەرلەرنى «ياخشى يازالماپتۇ»غا چىقىرىپ قارغاپ يۈرگەن ۋە ئۆزۈممۇ يامان ئەمەس يېزىلدى دەپ قاراپ كېلىۋاتقان «كۈيلەر كۆزى»، «ئائىلە سۈرىتى»، «ئاخىرقى ئوۋ»، «خاراباتى»، «ئۆچەكتىكى ئادەم»، «قىسمەت»، «كېسەل». . . دېگەندەك ئەسەرلەرنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتىم.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى بىر سان - بىر ساندىن كۆرۈپ 17 يىلنى ئۆتكۈزدۇم. ئەمدى ئەتراپىمغا قارىسام ئەھۋال باشقىچە: ئەڭ مۇرەككەپ ئەسەرلەرنىمۇ تومۇر - تومۇرلىرىغىچە ئىزلەپ چۈشىنەلەيدىكەنمەن. ئەينى چاغلاردا مەنىسىز بىلىنگەن ئەسەرلەردە مانا ئەمدى باشقىچە لەززەت. . .

ئەمما، ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوزغالغان ئەدەبىيات ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرنىڭ مانا ئەمدى سايىسىمۇ يوق. ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ھادىسە

بولغان ئاشۇ ئالتۇن چاغلارنى، ئاشۇ ئوتلۇق يىللارنى ئارمان بىلەن ئەسلەپلا قالىمىز. . .

شۇنداقتىمۇ، مېنى خۇش قىلىدىغىنى، 80 - يىللاردىكى ئوتلۇق ھادىسە پەسكويغا چۈشۈپ، ژۇرنال چىقىرىشىمۇ، يېزىشىمۇ، كىتابخانلىقىمۇ قىيىنلاشقان بولسىمۇ، ئاشۇ ئوتنىڭ تەپتىدىن بىر مۆجىزە يارىلىپ چىقتى. ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت! ھازىر بىزگە مۇشۇلا قالدى. ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببەت مېھنەتكە ئۈندەپ تۇرمىغاندا ئىدى، رېئاللىق مەنپەئەت قارىشى ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان بۇ دەۋردە ھېچ كىشى قولىغا قەلەم ئالماس، ھېچ كىم مۇھەررىر بولماس ۋە ھېچقانداق ئادەم ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇماس ئىدى. دېمەككى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى مېنىمۇ مۇشۇ خىل ئۇلۇغ مۇھەببەتكە شېرىك قىلىپ يېتىشتۈردى. ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن ئەمدىلىكتە مەن يازغۇچى ۋە ئۇشبۇ ژۇرنالنىڭ ئەتىۋارلىق ئاپتورى.

قىسقىسى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ماڭا يېڭىچە پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، يېڭىچە روھتىكى ئەسەرلەرنىمۇ كەڭ سورۇن ھازىرلاپ بەردى.

80 - يىللاردىكى ئۇنتۇلماس ئەدەبىيات مۇنازىرە ھادىسىسىگە پىلتە بولغان ئاشۇ سىناق سانغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە 17 يىلنى مەنىگە تولدۇرۇپ كەلگەن كېيىنكى سانلارغىمۇ سۆزۈم بار:

— ئەسسالام، 100 - سان!

## تېخىمۇ گۈللەپ ياشنا، «تەڭرىتاغ»

ماھمۇد زەيدى

مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ كونا ئوقۇرمەنى. ئۇلۇغۋار خىسلەتلەرگە تولغان تەڭرىتاغنى تەقلىد قىلغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۆزىدە تەڭرىتاغنىڭ خىسلەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تەڭرىتاغ ئەزەلدىن ئېلىمىزنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق خەزىنىسى، ئۇ باتۇرلۇققا كۆمۈلگەن، تىز پۈكمەس سىما، ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ غەربتىكى قاراۋۇلى بولۇپ كەلدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىمۇ تەڭرىتاغدەك سۈپەتلەرنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەتراپتىكى كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، بىزنى مەنىۋى جەھەتتىن ئوزۇقلاندۇرۇپ كەلدى. بەلكى ئۆزىمىزنى تونۇشقا، تارىخىمىزنى بىلىشكە، تەبىئىي ئىقتىدارىمىزنى ئېچىش ۋە قابىلىيىتىمىزنى جارىي قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

بۇ ژۇرنال دۇنياغا كېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. بەلكى مىڭلىغان ياشلارغا چوڭ ۋە ئازادە سورۇن ھازىرلىدى. ئۆز سەھىپىسىنى قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجاد گۈللىرىنى ئۈستۈرىدىغان باغقا، ماھارەت كۆرسىتىدىغان سەھنىگە ئايلاندۇردى.

80 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭىۋاشتىن گۈللەنگەن، يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن يىللار بولدى دېيىلسە، «تەڭرىتاغ» مۇشۇ گۈللىنىشنىڭ، مۇشۇ يېڭى پەللىگە ئۆرلەشنىڭ كارۋان بېشى بولۇشقا مۇناسىپ ئىشلارنى قىلدى.

«تەڭرىتاغ» ئۆزىنىڭ باش سەھىپىسىگە «دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب» دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆزىنىڭ تۆت سۆزلۈك پروگراممىسى قىلىپ، يوغان ھەرپلەر بىلەن يازدىلا ئەمەس، بەلكى بۇ سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ۋە ئىستېمالدىكى مەزمۇننى ھەربىر شېئىر ۋە ھېكايە، ئەدەبىي ئوبزور ۋە پوۋېست. . . لاردا نامايان قىلىپ كەلدى. ئەگەر يۇقىرىدىكى تەلەپلەر كەم قالغان بولسا، تەھرىرلىكتە بۇ مەزمۇنلارنى ئەسەرلەرگە سىڭدۈرۈشنى ئۇنتۇمىدى.

* *

www.uyghurkitap.com



«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ خالىغان بىر ساننى ۋاراقلاپ كۆرسەم ئۇنىڭدا كۆڭۈلگە گۈل تەرگەن، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنى كۆردۈم. شېئىرلاردىن باشقا ئەسەرلەر: ھېكايە، پوۋېست، ئەدەبىي ئاخباراتلار مېنى ئۇمىدلەندۈردى. ئۇنىڭ بەزىلىرىدىن خاتىرە دەپتىرىمگە ئۈزۈندىلەرنى يېزىۋالدىم. بۇ خىل ئادىتىم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېنىڭ ئۆتكەن ئۆمرۈمنىڭ مەنىلىك بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. بۇلا ئەمەس، مەن رادىئو ئاڭلىتىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىمەن. ئەينى زاماندا «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىنى ۋە «ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» . . . قاتارلىقلارنى ئاڭلاپ بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرىمنى رادىئودىكىلەر بىلەن ئورتاقلاشقانلىقىم ئېسىمدە ۋە يەنە يېقىندىلا مەركىزىي خەلق رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدىن «ئۇيغۇر ناخشىسى» ناملىق ماقالىنى ئاڭلىدىم. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر مىجەزى، ئۇيغۇر پسىخىكىسى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 3 - ساندىكى بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ۋاڭ مېڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ماقالىنى يېڭىۋاشتىن ئوقۇپ كۆرگەنىدىم. بۇ يىل ئاۋغۇست ئېيىدا مەن تۇرپانغا بارغاندا مەركىزىي خەلق رادىئوسىدىن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان «ئاكام ئەركىن ئەمەتنى ئەسلەيمەن» دېگەن ئاڭلىتىشنى ئاڭلىدىم. بۇ ماقالىمۇ لىرىك ئەسلىمە ۋە ئوبرازلىق ھېكمەتلەرگە باي، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئەسەر ئىكەن. بۇ يىلدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارنى ئەسلىسەم، مەركىزىي خەلق رادىئوسى «تارىم» ۋە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكى م. شاۋدۇن، مۇھەممەتجان راشىدىن، م. سادىق، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاڭلاتقانلىقى مەدەنىي كىتابخانىلارغا مەلۇم ئىدى (مەن يۇقىرىدىكى ئاڭلىتىشلاردىن بەزىلىرىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋالغانىدىم).

ھەش - پەش دېگۈچە بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغىنىغا 17 يىل بوپتۇ. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ ئەڭ كونا مۇخلىسى بولۇپ، تۇنجى ساندىن ھازىرغىچە مۇشتەرى بولۇپ كەلدىم. كۆڭلۈمگە ياققان شېئىر، ماقالە، بەدىئىي پارچىلاردىن خاتىرە يېزىپ كەلدىم.

* *

ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. قۇتۇپ يۇلتۇزى دائىما شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرغاندەك، «تەڭرىتاغ» ھەر دائىم خەلق ئاممىسىغا خىزمەت قىلىشنى قىبلىنامە قىلدى. ئۇ ئاممىبابلىقنى ئاساس، نەپىسلىكنى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ، كۆپ خىللىق ۋە رەڭدارلىقنى كىتابخان رايىغا ماسلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ژۇرنال ھەر خىل قاتلام ۋە ھەر خىل سەۋىيىدىكىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان دەرسلىكىگە ئايلاندى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان تارىختىكى ھەرقانداق دەۋرگە ئوخشىمايدىغان تەرەققىيات دەۋرىگە كىردى. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى بولغان «تەڭرىتاغ» ئەدەبىياتى بۇ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى گىگانت ماشىنىسىنىڭ مۇھىم چىشلىق چاقى بولۇپ كەلدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن قارىغاندا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈزلىنىشى ئېستېتىك قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قاراپ بۇرالدى. بۇرۇنقى نوقۇل سىياسىي قىممەتنى تەكىتلەيدىغان قاتماللىقلار بۇزۇپ تاشلاندى. خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى ئىلغار پىكىر ئېقىملىرى ۋە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش، ئۆزىنى يېڭىلاش، بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىمىزغا يېڭىچە بىلىش ۋە يېڭىچە تەبىر بېرىشلەر، يېڭى مەنىلەر قوشۇلدى.

* *

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 90 - يىللاردا ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا ئەھمىيەت بەردى. «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى ھەققىدىكى سۆھبەت، ۋە يەنە «سالغا تېشى» ھەم شۇنىڭغا ئوخشىغان تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان سۆھبەت ۋە مۇلاھىزىلەر،

كىتابلارنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى، تارىخىي بىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئەدەبىياتنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇردى. مەلۇم مەنىدە «تەڭرىتاغ» بىر قاتار مۇھاكىمىلىرى ۋە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، مىللىتىمىز ۋۇجۇدىدا تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىكى ئىجابىي ئامىللارنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشتى. (قۇتادغۇبىلىك داستانىنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى شەرھىسىدىن بېرىلگەن پارچىلار، 1989 - يىلقى 6 - ساندا) ئەھمەد زىيا ھەققىدىكى ئەسلىمە، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مىللەت ساپاسى ھەققىدىكى ماقالە، (1995 - يىلقى 1 - ساندا) سۆھبەتلىرى يۇقىرىدىكى پىكرىمىزنى گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

* *

«تەڭرىتاغ» تەھرىراتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ ھەرقايسى ژانىرلىرى ئۈستىدە مۇنازىرە مەيدانى ئېچىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ كەلدى. كىتابخانلار رايىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئايرىم پىكىر ئېلىش جەدۋەللىرىنى تارقىتىپ، ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا خىزمەت قىلىش ئىستىلىنى قېلىپلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ژۇرنال تەھرىراتى ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق بىلەن يېتەرسىزلىكلەر ئۈستىدە ئويلاندى ۋە ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى بىلەن ھازىرقى زامان قىممەت قارىشى مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ژۇرنالنى يىلمۇ يىل دەۋر روھى بىلەن تەڭ سەۋىيىگە ئىگە قىلىش، ھەتتا دەۋرنى يۇكسەلدۈرىدىغان سەۋىيىدە چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شۇڭا كىتابخانلار تەشەككۈر ئېيتىمىز!

* *

«تەڭرىتاغ» ئۆز سەھىپىسىدە جۇڭگونىڭ داڭلىق شائىر ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇشتىن سىرت، يەنە دۇنياۋى ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەم تونۇشتۇردى. تەرجىمە سەۋىيىسىگىمۇ ئەھمىيەت بەردى. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەدىبلەرنىڭ شېئىر ۋە نۇتۇقلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ بەھرىلىنىشىگە سۇندى. بۇ خىل ئەسەرلەر يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇپ، قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى ئۈچۈن دەستۇر بولۇپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

باشقا تىللاردىكى نەمۇنىلەرنى ئوقۇپ، ئۆگىنىش بىر شائىر ياكى يازغۇچى ئۈچۈن ئۆز كەسپىگە مەبلەغ سالغاندەك بىر ئىش ياكى ئۆزىنىڭ تەجرىبە ئېتىزىغا، بەدىئىي تەربىيىلىنىشىگە قۇۋۋەت دورىسى ئىچكەنگە باراۋەر دېيىشكە بولىدۇ. سەۋىيىسى يۇقىرى ئەسەرلەرنى ئوقۇش، تەرجىمە قىلىشمۇ، ماھارەت پىچىقىڭنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان قايراق بولۇشى تەبىئىي. تۇرمۇش خۇددى بىلەيگە ئوخشاش، قەلەم بولسا، پىچاققا. پىچاقنىڭ داتلاشماستىن دائىما ئۆتكۈر ھالەتتە تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنى بىلەش، ئىشلىتىپ تۇرۇش كېرەك.

ژۇرنال ھەر ساننى يېڭى - يېڭى ئەسەرلەر بىلەن روھىي دۇنيايىمىزنى يورۇتۇپ، ھەر كۈنى بىزنى يېڭى ئۈمىد بوستانلىرىغا يېتەكلەپ كەلدى، كەلمەكتە. ئەدەبىيات ئىنسان روھىي ساغلاملىقىنى ۋە روھىي كەيپىياتىنى تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. كىشىلەر ھاللىق تۇرمۇشقا ئېرىشكەنچە يېڭى - يېڭى مەنىۋى ئوزۇق تەلەپ قىلماقتا. ھازىرقى كىتابخانلار ئادەتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئەمەس، يۇقىرى سەۋىيىلىك، سىغىمچانلىق، قاراتمىلىقى دارىتمىلىق، تېخىچە چاينالمىغان، تەمى ئۆزگىچە ئەسەرلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۈگۈنكى ئوقۇرمەنلەر تۇرمۇشنىڭ چىگىش تۈگۈنلىرى يېشىپ بېرىلگەن، كىشىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدىغان، روھىي ئېچىرقاشقا ئوزۇق بولىدىغان ئەسەرلەرگە موھتاج. بۈگۈنكى ئەدەبىيات بازار ئىگىلىكىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئىلھام بېرىدىغان ئاخبارات خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە «يېڭى بىر سودا جېڭى: VCD ۋە ئۇنىڭ بىلەن بېيىغۇچىلار»، «ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ستۇدېنتلار» (تەڭرىتاغ 1999 - يىلقى 4 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساندا) قاتارلىق ئاخبارات ئەدەبىياتىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. مۇشۇنداق هازىر جاۋاب ئەدەبىيات ئۇسسىغانغا بۇلاق، يىرتىلغانغا ياماق بولىدۇ.

«تەكرىتاغ» نىڭ تەسىر دائىرىسى كۆنسايىن كېڭەيدى. تۇنجى ساندىنلا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. هېلىمۇ ئېسىمدە، «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستنى جاڭ خوڭ چاۋ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، مەن ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە سۆز، ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئەسلىگە مۇۋاپىق تەرجىمە قىلىنىشىغا ياردەملەشكەن. ئوسمانجان ساۋۇت ۋە قەييۇم تۇردى قاتارلىقلارنىڭمۇ ئەسەرلىرىنى جاڭ خوڭ چاۋ تەرجىمە قىلغاندا، مەن يەنە هەمكارلاشقاندىم.

«تەكرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مەملىكىتىمىز ئىچىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ خېرىدارلىرى بار ئىكەن. مەن 1989 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغاندا ئالمۇتادا ساۋۇتجان، ت. ۋاهىدى قاتارلىقلارنىڭ ئۆيلىرىدە، تاشكەنتتە ئەمىن ئوسمان، چولپانلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئەنجاندا هەنىپە، م. هەمرايېۋ قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆردۈم. «تەكرىتاغ» ۋە «تارىم» ژۇرنىلىدىكى بىرقىسىم شېئىر ۋە هېكايىلەر بىلەن بىرگە ئىجادكارلارنىڭ سۈرەتلىرى ئالماتادا چىقىدىغان «پەرۋاز» ناملىق مەجمۇئەلەردە ۋە «كوممۇنىزم تۇغى» ، «بىزنىڭ ۋەتەن» ، «يېڭى هايات» ناملىق گېزىتلەردە بوغدا ئابدۇللا، ئەبەيدۇللا ئىبراهىم، پولات هېۋزۇللا، ئىمىن ئەهمىدى، ئىلغارجان سادىق، ئەركىن ئىبراهىم، ت. پەخرىدىن قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان. بۇ خىلدىكى ئاپتورلار كېيىنرەك (90 - يىلى بولسا كېرەك) ئۆزبېكچە ئەدەبىي ئىلمىي ئايلىق ژۇرنال «ياشلىق» سەهىپىسىدە تونۇشتۇرۇلدى.

## ئاخىرقى سۆز

«تەكرىتاغ» ژۇرنىلى هازىرغىچە 100 سان چىقىرىلدى. ئۇنىڭ هەر بىرىنى بىر چوققا دېسەك، بۇ چوققىلار يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي گۇۋاهچىسى. بۇ چوققىلار بىر - بىرىدىن گۈزەل دولقۇنلارغا ئوخشايدۇ. خۇددى دولقۇنلىنىپ ئاققان دەريادەك، ئۇ مىليونلارنىڭ قەلب ئېتىزلىرىغا سىڭىپ بارماقتا.

«تەكرىتاغ» چاڭقىغانلارغا سۇ ۋە شەربەت، هارغانلارغا مەدەت، كۈچ - قۇۋۋەت، كارۋانغا سۈرئەت ۋە ئاراملىق بېكەت، ئاشىق ۋە ساياهەتچىگە باغ - خۇش پۇراق گۈللەرنى ئاتا قىلغۇچى باغۋەندۇر.

تەكرىتاغ شۇڭا تېخىمۇ گۈللەپ ياشنايدۇ.

# «تەكرىتاغ» ۋە مەن

ئابدۇللا ئېلى ئەرچىن

بىزنىڭ كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىرلىرىمىز «سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا نېمە سەۋەب بولغان» دېگەن سوئالغا «مومام ئېيتقان چۆچەكلەر» ، «گۈلىستان» ياكى «پۇشكىن، لېرمونتوف، بايرون، گېيوتى. . . شېئىرلىرى» دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇنىڭ بەزىلىرى ساپ هېسسىيات بولسىمۇ، بەزىلىرى ساختا ئىلهامنىڭ مەهسۇلىدۇر.

ئادەملىرىمىزدىكى ئەجەللىك پىسخىكا باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۆز نەرسىمىزدىن ئۈستۈن كۆرۈش بولۇپ قالدى. شېئىرىيەتتە پۇشكىن، پابلو نېرودا. . . لاردىن سۆز ئاچىمىز، هېكايىچىلىقتا چېخوپتىن ئەگىپ كېتەلمەيمىز، رومان ئىجادىيىتىدە گارسىيا

ماركوس، چىڭغىز ئايتماتوفلارنى زىكرى قىلىشىمىز. بۇ هال مەتبۇئاتچىلىق قارشىمىزدىمۇ بەلگىلىك ئورۇن ئىگىلىگەن. جۇملىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىدىغان بىر بۆلۈك ژۇرناللىرىمىز رەڭدار جۇلاسى بىلەن ئىسىل بەدئىي ئەدەبىيات سەمەرىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتسىمۇ، بەزىلەرنىڭ زادىلا ئىتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بىراق بۇ ژۇرناللىرىمىز ئىمانى پاكىز، ۋىجدانى ئەركەك مۇھەررىرلەرنىڭ قولىدا يەنىلا ئۆز سەلتەنىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدۇر.

ئويلاپ باقسام، مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بىلەن 90 - يىللارنىڭ بېشىدا تونۇشقانىكەنمەن. ئۇ ۋاقىتلاردا ژۇرنالدىكى ئۆزگىچە سەھىپىلەر مەندە كۈچلۈك قىزىقىش قوزغىغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇدا بۇ ژۇرنالغا يېزىلىپ تۇردۇم. ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئەسەرنى كۆرۈپ چىقتىم. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى ئۆسۈپ يېتىلىشىمدىكى «مەنىۋىيەت دەرسى» دېسەممۇ بولىدۇ.

مېنىڭ ئەدەبىي ھاياتىمدىكى بۇرۇلۇش ۋە ئۆسۈش 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىم بولدى. خېلىلا قويۇق ئەدەبىي مۇھىت مېنى سان قوغلىشىپ ئەسەر يېزىشتىن ئاۋامغا مەنىۋى نەپ بېرەلەيدىغان نەرسىلەرنى يېزىشقا باشلىدى، ئوقۇرمەنلەرگە جاۋابكار بولۇش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۇردى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، 1997 - يىلى 12 - ئايدا ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇلئەھەت ئابدۇرەشىد بەرقى، جېلىل خېلىل قاتارلىق ياش شائىرلارنىڭ تەشۇىقاتى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن كىچىك دائىرىدىكى «شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» ئاچتۇق. بۇنىڭغا خېلى كۆپ شائىر، يازغۇچى، تەنقىدچىلەر، مۇھەررىرلەر قاتناشتى. ھەبىبۇللا ئاكىمىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۈستىدە توختىلىپ: «ژۇرنىلىمىز ‹دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب› نى ئۆزىگە مەۋقە قىلغان. ژۇرنىلىمىزدىن ئوقۇرمەنلەر سۆيۈنسە، ئۇلارغا تېگىشلىك

مەنىۋى ئوزۇق بېرەلىسەك شۇمۇ چوڭ نەتىجە. سىلەر ھەممىڭلار ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىڭلار، بىز سىلەرگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىمىز» دېدى. دەرۋەقە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىر تاغا - ھەدىلەر تۇنجى بولۇپ «ستۇدېنتلار كۈلۈبى» سەھىپىسىنى ئاچتى ۋە شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بەردى. كېيىنكى سانلارنىڭ سەھىپىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى قاتارلىقلارغا بېرىلدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بۇ قۇتلۇق ئىشىدىن ئىلھام ئالغان «كروران» ژۇرنىلىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي «ستۇدېنتلار» سەھىپىسىنى ئېچىپ، ئىشنى بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدىن باشلىدى. شۇ ۋاقىتلاردا بىز «كروران» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى بولغان «تەكلىماكان گېزىتى» دىن بىر سان ئىشلىدۇق. دەل شۇ چاغدا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىكى ئىلغارجان سادىق قاتارلىقلارمۇ بىزدەك ئۈمىدلىك مايسىلارغا مەيدان ھازىرلاپ بېرىشنى ۋىجدانىي بۇرچى دەپ قاراپ، ئەدەبىي بەتتە مەخسۇس سەھىپە ئاچتى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋاقىتتا بىرقانچىمىزنىڭ ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇردى.

«يول ئاچقۇچىلارغا، ئىز ماڭغۇچىلارغا مەنسۇپ» . «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدەك ئەدەبىيات دالاسىدا چاپچىپ كېتىۋاتقان ياش ژۇرناللارنىڭ ئاچقان يولى مېنىڭ بەدئىي ئىنىرگىيەمگە بىۋاسىتە كۈچ قوشتى، ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ھەممىگە ئايان، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1986 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تاۋلىنىپ، بۈگۈنكى ھالىتىگە كەلدى. يېڭى شېئىرىيەت مۇنازىرىسى قوزغالغاندا، بىر قىسىملار بۇ ژۇرنالنى زەھەرلىك تىللار بىلەن ئەرزىمەس قەغەز دۆۋىسىگە چىقىرىۋەتتى. بىراق ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر گۇۋاھچىسى تارىخ بۇ ژۇرنالنىڭ يېڭىلمەس مەۋقەدە تۇرۇپ، ئاۋام روھى بىلەن سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

«ئەدەبىياتنىڭ قىياممىتى ۋە نوھنىڭ

www.uyghurkitap.com



كېمىسى» دە ئېيتىلغىنىدەك، 100 قېتىملىق بەدىئىي بالاغەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى سەلتەنەتلىك قامىتى، جىلۋىگەر ھۆسنى بىلەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق نوھنىڭ كېمىسىگە ئايلاندى.

ئىشىنىمەنكى، بىز بۇ كېمىگە ھالال نىيەت، پاكىز ئەقىدە، ئىمانى كامىللىق بىلەن چىقالىساقلا، بۇ كېمە بىزنى ھەرقانچە دەھشەتلىك قايناملاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، مەنىۋى دۇنيانىڭ گۈلىستانىغا باشلاپ بارالايدۇ.

# «تەڭرىتاغ» بويلاپ

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن)

**يالقۇن ئەزىزى**

مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بىلەن ناھايىتى بالدۇر تونۇشقان ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرسى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ 1986 - يىلى كۈز ئايلىرى ئىدى. بىر كۈنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا كىتاب ئالماشتۇرغىلى كىردىم. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرلىرى ۋە مەن تونۇيدىغان بىرنەچچە يازغۇچى، شائىر مۇقاۋىسى خېلىلا نەپىس ئىشلەنگەن بىر ژۇرنالنى تالىشىپ تۇرۇپ كۆرۈۋاتقانىكەن. مەنمۇ ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلدۇم. ھېس قىلىشىمچە، ئۇلار ژۇرنالنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققان بولسا كېرەك. ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىغان ئەسەرلەر ھەققىدە قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. . . ئەپسۇس، ژۇرنالنى ئوقۇش تۇگۈل قولۇمغا ئېلىپ بىر بېتىنىمۇ بولسا ۋاراقلاپ چىقىش ماڭا نېسىپ بولمىدى. لېكىن ژۇرنالنىڭ «تەڭرىتاغ» دېگەن ئىسمىنى ئېسىمدە مەھكەم تۇتۇۋالدىم.

كىتاب ئالماشتۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن، ئۇدۇل ئۇستازىم شائىر ئابابەكرى تۇيغۇننى ئىزدىدىم. غوۋۋا ئېسىمدە بار، مېنىڭ شۇ كۈنى ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ چىققان كىتابىم «ئەيچىلىك شېئىرلىرىدىن تاللانما» ئىدى. ئۇ قولۇمدىكى كىتابنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

- ياخشى كىتابنى ئېلىپ چىقىپسەن، - دېدى ئۇ دولامغا مەمنۇنلۇق بىلەن شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، - بۇ كىتابنى كىتابخانىغىمۇ ساپتىمۇ؟

- ئۇقمۇدۇم، - دېدىم مەن، - بەلكىم كىتابخانىدىمۇ بارغۇ دەيمەن.

- مە ماۋۇ پۇلنى، - دېدى ئۇ قولۇمغا بەش يۈەن تۇتقۇزۇپ، - ئەگەر كىتابخانىدا بولسا ئۆزۈڭگە بىرنى، ماڭا بىرنى ئالغاچ چىققىن.

مۇئەللىمنىڭ ياتىقىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ بولۇپ، تۇيۇقسىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يادىمغا كېلىپ كەينىمگە ياندىم.

- ھە راست مۇئەللىم، بۈگۈنكى بىر يىغىلىقنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، «تەڭرىتاغ» دەپ بىر ژۇرنال يېڭىدىن نەشر قىلىنغان ئوخشايدۇ. ئەگەر سىلىدە بولسا ئوقۇۋالسام بولاپتىكەن.

- نەدە شىنجاڭدا ئۇنداق ژۇرنال بار ئوغۇل بالا، - دېدى ئۇ «ئەيچىلىك شېئىرلىرى» دىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، - مەندە بولسا سەندىن ئايلانسۇن.

مەدەنىيەت يۇرتىدا كۆرگەنلىرىمنى مۇئەللىمگە تەپسىلىي دېدىم.

- ئۇنداق بولسا مەن سۈرۈشتە قىلىپ باقاي، - دېدى ئۇ مېنى ئۇزىتىپ چىقىپ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىزدەپ كىرسەم، ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ژۇرنالنى كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى). مېنىڭ كىرگىنىمنىمۇ تۇيمىدى.

- قانداق، مېنىڭ گېپىم راستىكەن، - دېدىم ئۇنىڭغا.

- مەنمۇ سېنى يالغان گەپ قىلدىڭ دېمىدىمغۇ يالقۇن، - دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ژۇرنالنى قاتلاپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ــ ژۇرنال ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىپتۇ. بۇ سىناق سانى ئىكەن. لېكىنزە ئەسەرلەرنى بەك تاللاپتۇ. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر بىر ـ بىرىدىن خىل ئىكەن.

ژۇرنالنى ئۈستەل ئۈستىدىن ئاۋايلاپ ئېلىپ ھاياجان بىلەن قوللىرىم تىترىگەن ھالدا ۋاراقلاشقا باشلىدىم. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بۇ سىناق سانى مەيلى مۇقاۋا، مەيلى ئىچ بەتلىرىنىڭ لايىھىلىنىشى بولسۇن، مەيلى ئەسەرلىرى بولسۇن ئۆزگىچە قىياپەت بىلەن جۇلالىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ «ياشلىق چۇقانلىرى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان شېئىرلار كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى قوزغايتتى.

ـ ئوقۇپ بولغان بولسىلا مەن ئوقۇۋالسام بولاپتىكەن، ــ دېدىم ژۇرنالنى بىرقۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا.

ـ ئىككى كۈن تەخىر قىلىپ تۇرغىنا، ــ دېدى مۇئەللىم موخۇركىسىنى يۆگەۋېتىپ، ــ ئازراق يېرى قالغانتى، كۆرۈپ بولاپلا ساڭا بېرىپ تۇراي. ھازىرچە سىرگىي يېسىنىن شېئىرلىرىنى ئوقۇپ تۇرغىنا. ھە راست، ئىلگىرى ئەكەتكەن كىتابلارنى ئەكىرمەيسەنغۇ؟ ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 1 ـ سانى ئىدى. بۇ سان ژۇرنالدا قۇربان بارات تەرجىمە قىلغان «پۇشكىن شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر» بار ئىدى.

ـ خانىرەمگە پۇشكىن شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈۋاتقانتىم، ئاز قالدى. چۈشتىن كېيىن تاشلاپ بېرەي، ــ دېدىم ئۇنىڭغا.

ـ قولۇڭدىكى ژۇرنالمۇ بەك مۇھىم ژۇرنال، ــ دېدى ئۇ ئۈيچانلىق بىلەن، ــ يۇتتۇرۇۋەتمىگىن. سىرگىي يېسىنىن رۇس شېئىرىيىتىنىڭ ئىككىنچى قۇياشى، رۇسلار ئارىسىدا پۇشكىندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. «داغلار كەتتى زىدە كۆڭۈلدىن، مەست جۈيلۇشى ئۆرتىيەلمەس جان» دەپ سۆزىنى تۈگەتتى ئۇ.

ئىلگىرى نامىنى باشقىلاردىن جىق ئاڭلىغان بۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقىنىمغا كۆپ خۇرسەن بولغان بولسامۇ، كۆزۈمنى يەنىلا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانىدىن ئۈزەلمىگەن ھالدا ئىشخانىدىن ئايرىلدىم. ئون كۈندىن كېيىن «تەڭرىتاغ» نى ئوقۇش ئاخىر ماڭا نېسىپ بولدى. ژۇرنالنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كىچىككىنە دەرەخزارلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم ـ دە، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئوقۇشقا باشلىدىم. . .

ئۇ مېنىڭ قولۇمغا يېڭىدىن قەلەم ئېلىپ ئۇنى ـ بۇنى يېزىپ تۇرۇۋاتقان ۋاقتىم ئىدى. ئابابەكرى تۇيغۇنىڭمۇ شېئىرىيەتكە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا خېلى جىق شېئىر ئېلان قىلىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ۋاقىتلىرى ئىدى. «ياشلىق چۇقانلىرى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان شېئىرلار ئۇنىڭغىمۇ، ماڭىمۇ كۆپ تەسىر قىلدى. كېيىن ژۇرنالنىڭ سىناق سانىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ھەققىدە ئىككىمىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئايرىم ئولتۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۇ ماڭا كەسكىنلىك بىلەن: « ‹تەڭرىتاغ› ژۇرنىلى ئەگەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز يۆنىلىشىدىن ئېغىپ كەتمىسە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەركە ژۇرنىلى بولۇشقا مۇناسىپ ژۇرنال ئىكەن» دېدى.

مەنمۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىرنەچچە پارچە ئەسەر ھەققىدە يۇزەكىرەك بولسىمۇ، ئۆز كۆزقارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. خاتالاشمىسام، 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىدىغۇ دەيمەن. دادامۇ ئەدەبىياتقا ناھايىتى قىزىقىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى «تەڭرىتاغ» نىڭ سىناق سانىنى ئۆيدە كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزى مۇشتىرى بولۇپ كېلىۋاتقان دائىملىق ژۇرناللاردىن «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللار بىلەن بىرگە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە (1988 ـ يىلىغىچە) «تەڭرىتاغ» نى ئۆز ئۆيۈمدە پۈت ـ قولۇمنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ خىرامان كۆرىدىغان

بولدۇم. لېكىن دادام «ياشلىق چوقانلىرى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان شېئىرلارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. مەنچۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ شېئىرلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا پات - پات تالاش - تارتىش بولۇپ قالاتتى.

- سەن بۇنداق كاللا دېسە پاقالچاق دەيدىغان نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرمەيدىغانسەن، - دەيتتى ئۇ پات - پات مەن بىلەن چېقىشىپ.

- دادا، - دەيتتىم مەن جىلە بولۇپ، - نېمە دېگىنىڭ بۇ، بۇ دېگەن يېڭى ھادىسە، يېڭى شەيئى. ئازراقلا بىر نەرسىنى چۈشەنمىسەڭ «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي» دەپ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلساڭ بولمايدۇ. ئوبدانراق ئويلانساڭ چۈشەنگىلى بولىدۇ.

- ئۇنداق بولسا سەن چۈشەنگەن بولساڭ قېنى ماۋۇ شېئىرنى چۈشەندۈرۈپ قويغىنا ماڭا، - دەيتتى ئۇ كىمنىڭدۇر شېئىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

مەن ئۆزۈمچە شۇ شېئىر ھەققىدە چۈشەنچەمنى يۇزەكىرەك بولسىمۇ سۆزلەپ بېرەتتىم. لېكىن دادام قايىل بولمايتتى.

- ھازىر بۇ شېئىرلارنى «تۇتۇق شېئىر، غۇۋا شېئىر» دەپ ئات قويۇۋاپسىلەر، «روپاش شېئىر» دېسەك توغرا بولاپتىكەن.

سۆھبەتنىڭ ئايىغىنى دادام مانا مۇشۇنداق زەھەردەك ئۆتكۈر چاقچاقلار بىلەن ئۈزەتتى. مەن بولسام جىلە بولاتتىم.

- بالام، - دەيتتى ئۇ بەزىدە يازغان قولىيازما شېئىرلىرىمنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ماڭا نەسىھەت قىلىپ، - مەيلى ئوچۇق يېزىڭلار، مەيلى تۇتۇق يېزىڭلار، يازغان ئەسىرىڭلار خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قالمىسۇن.

مەنمۇ سەندەك ئوقۇۋاتقان چاغلاردا تازا يازاتتىم. ھەتتا بىر پارچە شېئىرىم قەشقەر گېزىتىدە ئېلانمۇ قىلىنغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆي تۇتىمەن، بالا باقىمەن دەپ يازالمىدىم. لېكىن يازغۇچى، شائىرلارغا ھۆرمىتىم بەك يۇقىرى. سېنىڭمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ياشلارغا خېلى ئېتىبار قىلىدىكەن.

ئەسەرلىرىڭنى ئىلاجى بار مۇشۇ ژۇرنالغا ئەۋەتكىن.

لېكىن، مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا ژۇرنال نەشر قىلىنىپ ئون يىلدىن كېيىن ئەسەر ئەۋەتتىم. گەرچە ژۇرنال نەشر قىلىنغان 1986 - يىلىدىن بۇيان ژۇرنالغا ئىزچىل مۇشتىرى بولۇپ، ژۇرنالنىڭ سادىق بىر ئوقۇرمەنىگە ئايلانغان بولساممۇ، لېكىن ئەسەر ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. سەۋەبى، ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان بىر - بىرىدىن سەرخىل ئەسەرلەر ئالدىدا مېنىڭ ئەسەرلىرىم ناھايىتى ئاددىي بىر نەرسىدەك كۆرۈنەتتى.

1995 - يىلى شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا باردىم. تاسادىپىي بىر پۇرسەت بىلەن ياش شائىر ۋە ژۇرنالىست ئەركىن نۇر بىلەن، كېيىن پولات ھېۋزۇللا بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى خۇددى ئۆزۈندىن بۇيان كۆرۈشمىگەن يېقىن بىر تۇغقاندەك قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ ئەسەرلىرىمنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈپ چىقتى. مۇۋاپىق پىكىرلەرنى بەردى. 1996 - يىلى 5 - ساندا «دوسكا ۋە قىز» دېگەن شېئىرىم ئېلان قىلىندى. ياش شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىن شېئىرىمنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى. بۇ مېنىڭ «تەڭرىتاغ» دىكى تۇنجى ئەسىرىم ئىدى.

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا بىر تۈركۈم شېئىرلىرىم ئېلان قىلىندى. بەزىلىرى جامائەت ئىچىدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلىپ خەنزۇچىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى. ئىككى يىللىق ئوقۇشۇم پۈتكىچە ئەڭ ياخشى دېگەن شېئىرلارنى ئاساسىي جەھەتتىن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا ئەۋەتتىم. ژۇرنالدىكىلەر-مۇ مېنى قىزغىن قوللىدى. مەن بۇ جەھەتتە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكىلەردىن مەڭگۈ مىننەتدارمەن. 1997 - يىلىنىڭ بېشىدىرەك باتۇر روزى بىلەن تونۇشتۇم. ئىككىمىز مېنىڭ ياتىقىمدا ئولتۇرۇپ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالساق، ئۇ ئېپتىخارلىق بىلەن: «ئەگەر ‹تەڭرىتاغ› ژۇرنىلى يېڭى شېئىرىيەتنى باشتىن -

ئاخىر قوللاپ بەرمىگەن بولسا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكىدەك گۈللەپ ياشنىشى تەسكە توختايتتى. ‹تەڭرىتاغ› مەڭگۈ بايراقدار ژۇرنال بولۇشقا مۇناسىپ» دەپ ماختايتتى. «راست ئەمەسمۇ» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېڭىسارغا قايتىپ كەلگەن بولسامۇ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكى يولداشلار بىلەن پۇرسەت بولسىلا ياكى تېلېفون، ياكى خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇردۇم. ژۇرنال ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدۇم. باشقا ئەدەبىي ژۇرناللارمۇ ئاستا - ئاستا ئويغىنىپ تار بىكىنمىچىلىكتىن ئۆزىنى ئازاد قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە يۈزلىنىپ ئۆز سەھىپىسىنى رەڭمۇرەڭ بېزەۋاتقان مۇشۇنداق جىددىي بىر پەيتتە «تەڭرىتاغ» كۆتۈپ ياتماي، ئۆتمۈشتىكى شۆھرەتكە مەستانە بولۇپ كەتمەي، مەيلى ژۇرنالنى لايىھىلەشتە بولسۇن، مەيلى ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇشتا بولسۇن، يېڭى بىر قەدەم ئالمىسا بولمايتتى - دە.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 17 يىلى شانلىق 17 يىل. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكى جاپاكەش مۇھەررىرلەر ۋە كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئېتىخارلىنىدىغان 17 يىل. ژۇرنال بۇ 17 يىل ئىچىدە ئۆز بۇرچىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلغان 17 يىل. ژۇرنال بۇ 17 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى ۋە يېڭى پروزىچىلىقى بويىچە زور بىر تۈركۈم ئاپتورلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ ۋە ئۇلارنىڭ دىققەتكە سازاۋەر ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگىلا ئەمەس، دۇنياغا تونۇتۇپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر تىترەك پەيدا قىلغان 17 يىل.

مەن 16 يېشىمدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپتىمەن. بۇ يىل 33 ياشقا كىردىم. 17 يىلدىن بېرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ماڭا ھەمراھ. مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. ژۇرنال ماڭا جۇڭگو، چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ نۇرغۇن ئېسىل شېئىرلىرىنى، ھېكايىلىرىنى سوۋغا قىلدى. سوۋېتلىك تەرجىمە قىلىنغان بۇ شېئىرلارنى ھازىرغىچە ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتىمەن. ھېكايىلەرنى بوش، بىكار ۋاقتىم بولسا ئوقۇپ تۇرۇۋاتىمەن. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان تۆھپىسىگە ھېچكىم كۆز يۇممىسا كېرەك.

ھازىرمۇ ئۆيۈمگە پات - پات ياش شائىرلار جەم بولسا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ۋاراقلايدىغىنى يەنىلا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى. يېڭىسار ياش ئاپتورلار بىرقەدەر كۆپ ناھىيىلەرنىڭ بىرى. لېكىن خىزمەت ئورنىمىز تارقاق بولغاچ كۆپ ئىزدىشەلمەيمىز. ناۋادا پۇرسەت تېپىپ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قالساق، سۆزىمىزنىڭ تېمىسى تەبىئىي ھالدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ نۆۋەتتىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. بىز بەزىدە ئۆزئارا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن، بەزىدە سوغۇققانلىق بىلەن بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بارىمىز.

ئومۇمەن قىلغاندا، يېڭىساردىكى ياش ئاپتورلار قوشۇنى ئىچىدە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى ياخشى كۆرمەيدىغىنى يوق. بىز بىر تەرەپتىن ژورنال خىزمىتىنى ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇپ قوللىساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئەڭ ياخشى چىقتى دېگەن ئەسەرلىرىمىزنى ئەۋەتىپ قوللاپ كېلىۋاتىمىز. دادام پۇرسەت بولسىلا ئۆيۈمگە كىرىپ بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ مەن بىلەن ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆيۈمدىكى رەت - رەت تىزىپ قويۇلغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى كۆرۈپ، «ھازىرغىچە مۇشتىرى بولۇپ كېلىۋاتامسەن» دەپ سورايدۇ.

- ھەئە، - دەيمەن بېشىمنى لىڭشىتىپ.

ئۇ ژۇرنالنى باشتىن - ئاخىر تەپسىلىي ۋاراقلاپ كۆرۈپ چىقىپ «سېنىڭ شېئىرىڭ يوقما؟» دەپ ياندۇرۇپ سورايدۇ.

مەن ئۇنىڭغا شېئىرىم ئېلان قىلىنغان بىرنەچچە پارچە سان ژۇرنالنى كۆرسەتسەم، ئۇ تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن «يامان ئەمەس» دەپ قويىدۇ. قارىغاندا، مېنىڭ شېئىرلىرىم ئۇنىڭغا يېقىپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، دادام بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى چوقۇم مېنىڭ «تەڭرىتاغ» دىكى شېئىرلىرىمغا نىسبەتەن

ئوبيېكتىپ ئادىل باھا بېرىدۇ.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتقان بارلىق خادىملارنىڭ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرگە يۈزلىنىپ ۋە ئۇنى ئوقۇرمەنلەر تېخىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان داڭلىق ژۇرنالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى تىلەيمەن. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقىنى قۇتلاقلايمەن. مۇبارەك بولسۇن ئانىجان ژۇرنال!

# ھايات ئىنسانلار قەلبىدىن باشلىنىدۇ

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

قەلبىمدە مەلۇم ئورۇن ئىگىلەپ تۇرىدىغان كىتاب - ژۇرناللار بىلەن ئۇچرىشىش گويا خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋاتقاندەك يۈرىكىمنى ھاياجانغا سالىدۇ. ياخشى بىر ژۇرنال بىر كوزا ئېسىل شەربەتتەك نەپسىمنى تاقىلدىتىدۇ. مەن ئۇنى بىرنەچچە كۈن تېتىپ - تېتىپ سۈمۈرىمەن. مانا بۇ مېنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشۇم. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر يېڭى سانى قولۇمغا تەگكەن كۈنۈم خۇشاللىققا تولىدۇ. مەن بۇ چاغدا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى كۆڭۈللۈك تۇرمۇشۇمنى ئەسلەشكە باشلايمەن.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆزلىرى ھەمىشە شامەشرەپتەك يېنىپ تۇرىدىغان بىر تۈركۈم «ئۇنسۇر»لار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، مەن ئىجادىيىتىمدىن ھەتتا ھاياتىمدىن قانائەت ھېس قىلمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. چۈنكى مەن بۇ يەردە قەلبىمدىكى يۈكسەك پەللىلەرنى كۆردۈم. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ ساپ، سەممىمىي قىياپىتىنى، يېپيېڭى بىر دەۋرىنى يارىتىۋېتىپتۇ. ئەخمەتجان ئوسمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پەرھات تۇرسۇن، ئادىل تۇنىياز، ئابلىكىم ھەسەن، زاماندىن پاكزات، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت... مانا بۇ كىشىلەر ماڭا پارلاق بىر مەنزىلنى كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى مەن نۇرغۇن ھەۋەسكارلارغا ئوخشاش پۈتۈن قەلبىم، مېھرىم بىلەن شېئىرىيەتنىڭ مۇخلىسى ئىدىم. مەن شېئىرغا چوقۇنىمەن، شېئىرغا ئېتىقاد قىلىمەن. مەن ئۇنىڭ بىر كىچىك ھۆجەيرىسى تۇرۇپ ئاجايىپ شائىرانە ھېسلار ئىلكىدە ئۆزۈمنى غايەت زور ئادەمدەك ھېس قىلىپ يۈرىمەن.

كېيىن بۇ سىرلىق قەسىردىن چىقىپ كوچىدا مىغىلداپ يۈرگەن چاشقانلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ كەتتىم. بەزىدە ئەقىل رىجىملىرىدىن بىر نەپەس قۇتۇلۇپ ھاياتقا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ چارچىغان ھاياتىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن. ئەتراپىمدىكى شەيئىلەر، «تەڭرىتاغ» ۋە مېنى قاتارغا قاتقان «ئىلى دەرياسى»دىن بۆلەك نەرسە قالمىغاندەك ھېس قىلغان چېغىمدا ئۇلار يەنە «ئىچ باغرىڭدىكىنى تۆكۈپ باق» دېدى. بۇ چاغدا ئىچىمنىڭ چۆلگە ئايلانغانلىقىنى سەزدىم. ئۇ يەردە كۈن ئوت شارىدەك قايناپ تۇراتتى.

ئۇ ھەمىشە يېنىپ تۇرىدىغان ئوت بولسۇن، چۈنكى سىلەرنى سۆيەتتىم ئادەملەر... ئۆزۈمگە شۇنداق شىۋىرلايمەن.

شېئىر مېنى سەرسانلىق چۆلگە تاشلىۋەتمەكچى...

بەزىلەر «سەن ئەمدى تۈگىشىسەن، ئەمدى يازالمايسەن» دېيدۇ. ياق، ئاغىنىلەر، ھايات قەلبىمدە قايناق ھاياجان ۋە قىزغىنلىق ئۇرغۇتۇپ تۇرسىلا مەن يەنە خېلىغىچە يازىمەن... مەيلى ھايات، مەيلى ئۆلۈم بولسۇن قەلبىمدىكى قىزغىنلىقنى يوقىتىۋەتمىسىلا...

ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەر توختىماي ئۆزگەرمەكتە. ئەمدى سەنئەتنىڭ ھەر خىل رەڭلىرىگە نىسبەتەن يېڭىلىق بىردىنبىر شەرتكە ئايلاندى. مەيلى سەنئەت، مەيلى تۇرمۇش بولسۇن ئەسلى قىياپىتىنى ئەمدى يېڭىلاش كېرەك. مەيلى دەۋرلىك، مەيلى مىللىيلىك بولسۇن، سەنئەتكە قارىتا بۇ بىر خىل يەرشارىلىشىش بولۇپ قالىدۇ.

يۇلتۇزلار كىملەردۇر كۆز قىسمىسىمۇ چاراقلاپ تۇرىدۇ. ئاي بىرسى ھەمراھ بولمىسىمۇ مەڭگۈ ياپپاش، ھايات بىرسى ئاربىلاشمىسىمۇ ئۆز مەۋقەسىدە داۋام قىلىدۇ. ئۆلۈم بىرسى چاقىرمىسىمۇ بىر كۈنى بىزگە يېتىپ كېلىدۇ.

ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ يۈرەك گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان تۇرىدىكەن، بىزنىڭ ياشاش قىزغىنلىقىمىز يوقاپ كەتمەيدۇ. بىراق قانداقتۇر مەقسەت - مۇددىئالار بىلەن دەل - دەرەخلەردىكى مەڭگۈ كامىل قىياپەتنى، گۈل - چېچەكلەردىكى مەنىۋى لەززەتنى، قوڭغۇز - چېكەتكىلەرنىڭ غەمسىز چىرىلداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئادەم مەيلى سۇدەك ئېقىپ كەتسۇن، مەيلى شامالدەك پەرۋاز قىلسۇن، مەيلى غازاڭدەك لەيلىسۇن، توزاندەك چېچىلسۇن ئاخىر ئۆزىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىر دانىسى مەن دەپ ئويلىيالايدىغان بولسۇن.

شامال ئۇيۇقتا گىرەلەشمەكتە. ئۇلار ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلغان ئەمەس. ئۇلار پەقەت ئاشىق! ئۇلار پەقەت سۆيىدۇ، خالاس! ھېچنېمىنى كۈتمەيدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسىنى سۆيۈشتىن تاپىدۇ.

بۇ نۇقتىدا ماڭا شېئىردىن باشقا ھەممە نەرسە بىمەنە تۇيۇلىدۇ. شامالّلار ماڭا سوئال قويىدى. يۇلتۇزلار نېمىنى ئويلايدۇ، دەل - دەرەخلەر نېمىنى ئويلايدۇ؟ ئاھ، ئۇلاردا قايناپ تۇرغان جۇشقۇن ھايات! ئاھ، ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتى! . . .

شائىردىن ئىبارەت ئاخىرقى مېتافىزىك ھامان رېئاللىقنىڭ ئەخمىقى بولۇپ كەلدى.

مېنىڭچە، ھەقىقىي شائىر ئالاھىدە روھىي سەرگۈزەشتىگە ئىگە بولىدۇ. سەرگۈزەشتىنىڭ چوڭقۇر بولۇش - بولماسلىقى ھەقىقىي شېئىرىي ھېسسىياتنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى. بۇ ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا شائىرانە روھنىڭ بار - يوقلۇقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئۇنىڭ ھاياجان قوغلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتى نۇرغۇن نەرسىلەر ۋە بۇيۇكلەر ھەققىدىكى قىممەت قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ ھالەت بىر تۇرلۇك ئىچكى قىزغىنلىقتا، ئاسىيلىقتا ۋە خۇشلۇق، پۇشايمانغا تولغان بولۇپ، ئۇنىڭچە مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ھايات. . . ھەممە ھاياجاننى دەۋر قىلىدۇ. شېئىر ھاياجاندىن چىقىدىغان نەرسە، گويا ئۇ ھاياجاندىن تۇغۇلغان شائىر. . .

ئۇنداقتا شېئىر دېگەن نېمە؟ ئۇ ئىلاھىي سىرلاردىن بېشارەت بەرگۈچى ئىزگۈلۈك تەپسىرىمۇ؟ ئۇ ئىنسانىي تەبىئەتنى پەرق ئەتكۈچى ئەسەبىي ئەكسىلىنىشلەرمۇ؟ ئۇ بىر قەلبنىڭ سۆزلەۋاتقان يۈرىكىمۇ؟ ئۇ زادى نېمە؟

ئۇ سەندىن، مەندىن ۋە خۇدادىن مۇستەسنا دۈپۈلدەپ تۇرغان ئىنسان يۈرىكى! قارا، ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شامال. ئۇ ئېقىپ سىڭىۋاتقان سۇ، ئۇ لەززەتلىنىۋاتقان بىر جۈپ ئاق كەپتەر. ئۇ دائىم ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان چۆل. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ چۆلى. ئۇ ھاياتقا ئىنتىلگەن، تەشنا بولغان، ئۆلۈم قۇچىقىدا ئۇيقۇغا كەتكەن ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئېيتقان ئەڭ ئاخىرقى ناخشا. . . ئۇ ھېچنېمە! . . . ئۇنى ھەرقانداق تەبىر بىلەن مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپ قويماسلىق كېرەك. ئەقەللىيسى ئۇ ھاياتتىكى قانداقتۇر بىرنەرسىگە ئوخشاپ قالماسلىق كېرەك.

گۈگۈم چۈشتى.

ئۇ يوقاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن مەۋجۇت بولماسلىق كېرەك. شۇنداق، تۇرمۇشتا شېئىر مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ ھەممىمىزنىڭ كۆكسىدە دۈپۈلدەپ تۇرىدۇ. ئۇنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۆزگىرىدۇ، يوقاپ كەتمەيدۇ. ئۇنى بىلگىلى بولىدۇ، چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇ ھامان ئالدىمىزدا كېتىۋاتىدۇ.

گۈل چىرايلىق ئېچىلغان بىلەن سولۇپ تۈگەيدۇ. شام قاراڭغۇنى يورۇتقان بىلەن كۆيۈپ تۈگەيدۇ. قار ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ ئېرىپ

لايلىنىدۇ. ئەلۋەتتە ئادەم ھەرقانچە ياش بولسىمۇ قېرىپ ئۆلىدۇ. ئىشقىلىپ ھايات ھەممە نەرسىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇق تارتىشىشنىڭ زادى ھاجىتى يوق. بەلكى ئۇلار ئەنە شۇ ھالاكىتى بىلەن شۇنداق سۆيۈملۈك، يېقىملىقتۇر. سارغايمايدىغان گۈللەر خۇش پۇراق چاچالمايدۇ. ئېرىمەيدىغان قار باھارنى ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. شام ئۆچكەندىن كېيىن يورۇقلۇق يارالغان. ئەلۋەتتە ئادەممۇ شۇنىڭ ئۈچۈن يېقىملىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن چاقنايدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە مۇشۇ رېئاللىقنى كاللىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك. مەن ھايات ئىنسانلار قەلبىدىن باشلىنىدۇ دەپ قارايمەن. دېمەك، گۈلنىڭ مەۋقەسى نېمە؟ ئادەمنىڭ مەۋقەسىچۇ؟ مەن ئۆزۈمنى قەلبىمنىڭ يۆنىلىشىگە قويۇۋەتتىم. قەلبىمدە بىر پىغان بار. بۇ پىغان ماڭا ھاياتنىڭ قاپقاراڭغۇ بىر كارىدور ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىلگىرى ھايات كارىدورىدا تىقما - تىقما ئادەم بار دەپ قارايتتىم. ھازىر بىرمۇ ئادەم يوقلۇقىنى كۆردۈم. مەن ئەمدى باشقىلار پۈرمىسىمۇ ئېچىلىشىم كېرەك. باھار كەتمىسىمۇ ئېرىشىم كېرەك. بۇ دۇنيانى يورۇتالمايمەن. لېكىن كۆيۈۋېرىشىم كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ تەڭداشسىز گۈزەللىكتىن يارالغان. بۇ گۈزەللىك ئادەمنى سەۋدا قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا مەن دۇنيادا پەقەت ئاشىقلارلا راست دەپ قارايمەن. ئۇلار ھاياتنىڭ مەقسىتى كۆيۈش دەپ قارايدۇ. ئۇلار كۆيۈپ يوقالغانلىقىنى ناھايىتى بۇرۇنلا بىلگەن. مەن مۇشۇ ھاياتلىق كارىدورىدا ھەممە نەرسىنىڭ كۆيۈپ پۈتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۆزۈمنى ئالەمدە يوق دەپ ئويلايمەن. بۇ نېمىدېگەن ھۇزۇر، قانداق شان - شەرەپ!...

مەن ھاياتنىڭ تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنى ياقتۇرىمەن.

«تەڭرىتاغ» ئارقىلىق ئۇچراشقان شائىرلارنىڭ مېنى سۆيۈندۈرىدىغان يېرى، يەنى بۇ شائىرلار خىيالىي دۇنيادىن ھاياتقا قايتىپ كەلمەكتە. ئۇلار غايىۋى نەرسىلەرگە ئەمەس، روشەن ۋە جانلىق شەيئىلەرگە مۇھەببەت قويۇۋاتىدۇ. ئۇلار مۇھەببەتنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس، ئۆزگىرىپ كەتسىلا يوقىلىپ كېتىدىغان بىدئەتچىلىك دەپ قارىمايدىغان بولدى. ئۇلار ھەتتا ئۆزگىرىشكە، تۇرمۇشنىڭ، مۇھەببەتنىڭ رەڭدار قىياپىتىگە چوقۇنىدىغان بولدى. ھەببەللى، مانا ئەمدى ھاياتنىڭ رەڭدار قىياپىتىگە يېتىشەلەيدىغان بولدۇق.

بىز شائىرغا ھەقىقىي تەبىر بېرەلىگەن چاغدا ئىنساندىكى ھەممە نادانلىقنى تولۇق قارشى چىقىپ ئىنسان ئېڭىنىڭ پارلاقلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلغان بولىمىز. ھەقىقىي شائىر كىشىلىك جەمئىيەتتىكى نادانلىقلار بىلەن ئەڭ كەسكىن كۈرەش قىلغۇچى. ھەقىقىي شائىر مۇشەققەتنى، رىيازەتلىك تەقدىرنى تاللىۋالمىغىچە شائىر بولالمايدۇ. راھەتلىك شارائىتتىن شائىر چىقمايدۇ.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ماڭا بىلەرمەنلىكنىڭ نادانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. بىلەرمەن ئادەمگە نىسبەتەن ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى كونا. تۇرمۇش ئۇلارنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. مەن شۇنىڭدىن بۇيان ھاياتتىن سۆيۈنۈشنى ئۆگەندىم. مەن ھەممە نەرسىگە سۆيۈنۈش بىلەن قارىدىم. ھەتتا دەرەخ، تام، تاش... ھەممە نەرسىگە قىزىقىش، ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم... بۇ نۇقتىدا شائىر بىلەن بالىلار ئوخشاش ئىكەن. بىلەرمەن كىشىلەر ئايىنىمۇ، قۇياشنىمۇ ئالەمنىڭ ئۇ - بۇ چېتىنىمۇ كۆرۈپ تۇرغاندەك، تونۇپ تۇرغاندەك، ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىپ كەتكىنى بىلەن بالىلار مول مەنىۋى دۇنياسىدا ھەممە نەرسىنى قايتا يارىتىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ. شائىر ئىلاھىي سىرلاردىن تەبىئەتنىڭ تىلسىماتلىرىغىچە بولغان ھەممە رېئاللىقنى ئۆزىگە بىر چېكىتتەك سىڭدۈرگەن چاغدا شېئىر ئالەمنىڭ ھەممە يېرىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولىدۇ.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بىزگە 100 باھارنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ھەممە شائىر، يازغۇچىنىڭ خۇشاللىقىغا ئايلانسۇن. جاپاكەش، تىنىمسىز ئىزدەنگۈچى مۇھەررىر - ئۇستازلارنىڭ شان - شەرىپى بولسۇن. بىز ئەتىكى تېخىمۇ گۈزەل ئەدەبىيات - سەنئەت بېغىنىڭ ناشتىلىقى.

بىزگە يات پۈرسەتتە تېخىمۇ گۈزەل بولغان ئەنە شۇ ئەدەبىيات - سەنئەت بېغى نېسىپ بولغاي. شۇ يولدا تىنىمسىز ئىزدىنىپ يۈكسىلىۋاتقان دەۋرداشلىرىمىنىڭ قەلىمىگە بەرىكەت تىلەيمەن.

# سەت ئۆردەك بالىسى

ۋەلى داۋۇت

جاھاننى كۆكۈم قاپلىغان بىر ئاخشىمى سەت ئۆردەك بالىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قېچىپ چىقتى.

ئۇ كېلەڭسىز پۇتلىرىنى سۆرەپ خۇددى لاي ئىچىدە كېتىۋاتقاندەك ئېغاڭلاپ ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن يولنى قانداق بېسىش بەرىبىر ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇگۈن ئاخشامدىن باشلاپ بارسا كەلمەس يولغا چۈشكەنىدى.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇ چوڭ كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا كۆكۈم تۈگەپ جاھاننى سۈتتەك ئايدىڭ يورۇتۇپ تۇراتتى. چەكسىز كەتكەن كۆلدە ھېساپسىز ئاق نۇرلار جىمىرلايتتى.

ئەمدى ئۇ ئۆز ماكانى بىلەن ئەبەدىيلىك خوشلىشاتتى. ئۇ كۆل بويىدا يوغان بېشىنى ساڭگىلىتىپ، خۇددى قۇرۇپ قالغان بىر دۆۋە ياۋا ئوتتەك ئۇززۇنغىچە قېتىپ تۇردى. ۋەھالەنكى، بۇ ماكان ئۇنىڭ باللىق قەلبىدە خورلۇق ۋە ئازابتىن باشقا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنى تاشلاپ كېتىش شۇنچە قىيىن ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى سەت ئۆردەك بالىسى كۆلدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە - قاراڭغۇ ئورمانغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە پۈتۈنلەي يات بولغان بۇ جايدا! خېيىمخەتەرلەرگە تولغان ئاجايىپ - غارايىپ كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. قىسما - قىسما ئىقلىم - سىياقتىكىلەر بىلەن دوست تارتىشتى. تۈلكە بىلەن بىر ئىندا ياتقان ھەم ئۇنىڭغا يەم بولغىلى قىل - قىل قالغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئاخىر، ئۇ شۇنى ھېس قىلدىكى، گەرچە بۇ جايدىكى تۇرمۇشى خېيىمخەتەرگە تولغان بولسىمۇ، ساختا بىر خىل رىتىمدىكى ئۆلۈك تۇرمۇشتىن مىڭ ئەۋزەل ئىكەن.

سەت ئۆردەك بالىسىنىڭ كۈنلىرى قاراڭغۇ ئورماندا سۇدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئەزەلدىن مۇشۇ جايدا ياشاپ كېلىۋاتقاندەك، ھېچقاچان يەنە بىر ماكانى بولۇپ باقمىغاندەك ھەممىنى ئەلتۆكۈس ئۇنتۇپ كەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەت ئۆردەك بالىسى ھېلىقى كۆلنىڭ بويىدا پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى بۇ كۆلنىڭ بويىغا ئېزىپ - تېزىپ بولسىمۇ كېلىپ باقمىغانىدى. گويا غايىبتىن بىرى ئۇنى سېھىربەنت قىلىپ بۇ يەرگە تاشلىغاندەك ئەس - ھوشىنى يىغىپ شۇنداق قارىۋىدى، ئۆزىنى كۆل بويىدىلا كۆردى. ئۇ ھاڭ - تاڭ قالدى. كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان سىرلىق مەنزىرىدىن ئەقلى لال بولۇپ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى!

قىرغاقتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر توپ ئۆردەكلەر خىرامان ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاق ئۆردەك، كۆل رەڭ ئۆردەك، سەت ھەم چىرايلىق ئۆردەك، ئىشقىلىپ جاھاندا بار ئۆردەك خىللىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلار قىرغاقتا تۇرغان تەنھا سەت ئۆردەك بالىسىنى شۇ ھامان بايقاپ قالدى. ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا قاراپ ئۈزۈپ كېلىشكە باشلىدى.

* *

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن بىر بالا ـ ئەدەبىياتتىن باشقا چىقىش يولىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر بالا بىر پارچە ئەسىرىنى كۆتۈرۈپ مەلۇم بىر تەھرىر بۆلۈمىگە قورۇنۇپقىنا كىرىپ كەلدى. تەھرىر ئۇنىڭغا كېيىنچە كېلىپ جاۋاب ئېلىشنى ئېيتتى. شۇ «كېيىنچە» نى ئۇ كۈنلەرنى ئەمەس، سائەتلەرنى ساناپ ئۆتكۈزدى. ئۆز مۆلچەرىدە ئۇ «كېيىنچە» سىنىڭ مۇددىتىنى تۈگىتىپلا تەھرىر بۆلۈمىگە ئۇندى. پېشقەدەم تەھرىر ئۇنىڭغا بىرنەچچە دەقىقە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ دەقىقىلەردە ئۇ خۇددى ئۆز تەقدىر - قىسمىتىگە ھۆكۈم ئېيتىلىدىغاندەك تەرگە چۆمدى.

- ئۇكام، بۇنداق نەرسىنى ئىشلىتەلمەيمىز.

ئۇ تەھرىر بۆلۈمىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى (شۇ چاغدا بىرىنىڭ پەلەمپەيدە ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ بىرنېمىلەرنى دېگىنى ئېسىدە. ئەپسۇس، ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ھازىرغىچە ئەسلىيەلمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ نېمىلەرگىدۇر غەزەپلىنىۋاتقانلىقى، ئۆزىگە تەسەللى ئېيتىۋاتقىنى ئېسىدە) . ئۇرۇمچىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان كوچىلىرىدا چۆل - جەزىرىلەرگە قوغلانغان ئازغۇن ئەرۋاھتەك نىشانسىز مېڭىپ يۈردى.

- بۇنداق نەرسىنى ئىشلىتەلمەيمىز!

ئۇنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ ياناتتى. ئۆزى ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى دەپ قارىغان ئەسىرىنىڭ بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغىنىدىن نومۇس ھېس قىلاتتى.

- بۇنداق نەرسىنى ئىشلىتەلمەيمىز!

ئۇ غەزەپتىن تىترەيتتى. قانداقتۇر بىر چېكىدىن ئاشقان ئادالەتسىزلىكنى ھېس قىلاتتى. ھەممىگە، جۈملىدىن ئۆز ئەسىرىگىمۇ لەنەت ئوقۇغۇسى كېلەتتى.

شۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي كېيىن ئۇ باشقا بىر تەھرىر بۆلۈمىدە پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئۇ يەنە بىر پارچە ئەسىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. كېيىنچە كېلىپ جاۋاب ئېلىش ئېيتىلدى. ئۇ يەنە شۇنداق تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ «كېيىنچە» دىن كېيىن كېلىۋىدى، يەنە شۇ جاۋاب ئېيتىلدى. ئۇ يەنە كەلدى، بۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى سوغۇق قارشى ئېلىندى. گەرچە «بۇنداق نەرسىنى ئىشلىتەلمەيمىز» دېيىلمىگەن بولسىمۇ، شۇنداقراق بىر جاۋابنى ئېلىپ قايتتى.

. . . ئۇ ئۆندەرىگەندەك ناھايىتى سەھەر ئويغىنىپ كەتتى. سىرتتا گۈگۈم تېخى تارىمىغانىدى. ئۆزىدە قانداقتۇر بىر غەلىتىلىكنى ھېس قىلدى. قاچانلاردا قانداقتۇر بىر مۇھىم نەرسىنى يۈتتۈرۈپ قويغاندەك، ئۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تېپىۋالمىسا زادىلا بولمايدىغاندەك ئىدى. كىچىككىنە ھۇجرىسىنىڭ ھەممە يېرىگە بىر - بىر سەپسالدى. بۇلۇڭدىكى سىرلانمىغان ئاددىي كىتاب جاۋىنىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كىتاب جاۋىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. كىتابلارنى بىرلىك توپا باسقانىدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ خېلى ئۇزاققىچە ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن كىتاب جاۋىنىنى ئۈستىدىكى كىچىككىنە يېشىل ساندۇقنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. ساندۇق قۇلۇپلاقلىق بولۇپ ئاچقۇچى ئاللىبۇرۇنلا يوقكەنىدى. ئۇ ئاللىقانداق بىر تۆمۈر پارچىسىنى تېپىپ كېلىپ قۇلۇپنى قايرىپ ئاچتى. تىترىگەن قوللىرى بىلەن ساندۇق ئىچىدىن پۇرلىشىپ، سارغىيىپ كەتكەن بىر تۇتام قەغەزنى ئېلىپ چىقتى.

بۇ ھېلىقى ئىككى پارچە ئەسەرنىڭ ئورىگىنالى ئىدى.

ئۇ ئورىگىناللارنى شىرە ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ تۇرۇپ كەتتى. كۆڭلىدە ھېسابلاپ بېقىۋىدى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەھرىر بۆلۈمىدىن قايتىپ چىققاندىن بېرى قولىغا قەلەم ئېلىش تۇگۇل، بىرەر پارچە كىتابنى ۋاراقلاپ باقمىغىلىمۇ توپتوغرا تۆت يىل بوپتۇ. تاماق يەۋاتقاندىمۇ، ھاجەتخانىغا كىرگەندىمۇ قولىدىن كىتابنى چۈشۈرمەيدىغان، ئۆز ۋاقتىدا ئەدەبىياتتىن باشقا چىقىش يولىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر بالىنىڭ قولىغا بىرەر پارچە كىتابمۇ ئېلىپ باقمىغىنىغا توپتوغرا تۆت يىل بوپتۇ!

ئەيىۇھانناس! نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن تۆت يىل بۇ. ئۇنىڭ چېكىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. مەستلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان بىر غاپىل تورۇستىكى شامالدۇرغۇچنى كۆرۈپ «ئاھ!

تەڭرىم، نېمىدېگەن تېز ماڭىدىغان سائەت بۇ» دەپ ۋارقىراپ تاشلىغانىكەن. ئۇ خۇددى شۇنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇ بىردىنلا سىرلىق بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ھودۇقۇپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ قەلەم، قەغەزلەرنى تەييار قىلدى. كىيىملىرىنى كىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ يېرىم يالىڭاچ ئولتۇرۇپ ئورىگىنالنى ئاققا كۆچۈرۈشكە باشلىدى.

* *

شۇ كۈنكى سەھەردىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، مانا ئالاھەزەل ئون يىل ئۆتۈپتۇ. ئون يىلدىن بېرى گەرچە «مول ھوسۇللۇق» دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئون نەچچە پارچە ئەسىرى ئېلان قىلىنندى. ئەسەرلىرىگە ياخشى باھالار بېرىلدى. باشقىلار ئېلان قىلىشنى رەت قىلغان ھېلىقى ئىككى پارچە «نەرسە» سىنىڭ بىرى، «7 - قېتىملىق خاتىرى ئەدەبىياتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەنە بىرى، كىتابخانىلار ئارىسىدا تەسىر قوزغىدى دېگۈچىلىكى بولمىسىمۇ ھەر ھالدا ئۆزىگە يارىشا ئۇتۇق قازاندى. ئوبزور يېزىلىپ خېلىلا يۇقىرى تەرىپلەرگە نائىل بولدى. بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر نوپۇزلۇق ژۇرنالدا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

ئۇ شۇنى تونۇپ يەتتىكى، سەت ئۆردەك بالىسى چۆچەكتە ئېيتىلغىنىدەك بىردىنلا چىرايلىق ئۆردەككە ئايلىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنچە سەتمۇ ئەمەس ئىكەن.

مانا ئەمدى ئۆزىنى قاراڭغۇ ئورماندىن ئۆز ماكانىغا قايتۇرۇپ كەلگەن مۆھتەرەم ئۇستاز ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 100 سان تولۇپتۇ، ئۇ ئۆزىگە، شۇنداقلا ئۆزىدەك قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن سەت ئۆردەك بالىلىرىغا ۋاكالىتەن چىن قەلبىدىن شۇنى دېگۈسى بار:

- ئۆمرۈڭنىڭ 100 سانلىق مۇساپىسىگە مۇبارەك بولسۇن، تەڭرىتاغ!

# قەلبىمدىكى «تەڭرىتاغ»

**تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (تايماس)**

«تەڭرىتاغ» دېسە تەبىئىيكى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا سۆيۈملۈك ئانا دىيارىمىز باغرىدىكى مۆجىزىلەرگە باي ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى كېلىدۇ. ئاتەشلىك باغرى ئانا يەرنى چىڭ باغاشلىغان، تالاي ئىسسىق - سوغۇقنىڭ شاھىدى بولغان مەغرۇر بېشى بۇلۇتلاردىن ھالقىغان، ئىسمى - جىسمىغا لايىق بۇ مۇقەددەس تاغ ئەلمىساقتىن بۇيان مۇشۇ دىيارىمىزدا ياشاپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە بىر تەڭداشسىز سەلتەنەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قەدىرلىنىپ كەلمەكتە. مېنىڭ قەلبىمدە سەلتەنەت - ھۆرمىتى ئاشۇ تاغدىن قېلىشمايدىغان يەنە بىر مەنىۋى تاغ بار. ئۇ بولسىمۇ مەن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى.

شۇنداق، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى گەرچە ماددىي قەددى - قامەت ھەم سەلتەنەت يېشى جەھەتتىن ئانا دىيارىمىزنىڭ مۇقەددەس تېغى بولغان تەڭرىتاغقا تەڭلىشەلمىسىمۇ، لېكىن مەنىۋى جەھەتتىن سان - ساناقسىز قەلبلەرنىڭ تۆرىگە تىكلەنگەن ئۆلمەس ئوبراز ئارقىلىق ھەرقانداق سەلتەنەتلىك تاغلاردىن قېلىشمايدۇ. چۈنكى ئۇ تېخى ئەمدىلا 100 سان چىقىرىلىشىغا قارىماي يۈز مىڭلىغان قەلبلەرگە مەرىپەت مەشئىلىنى يېقىپ، پۈتكۈل كائىناتنى يورۇتقان قۇياش نۇرى يورىتالمايدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئىللىق شولا تاشلىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە: بۇنىڭدىن 15 يىللار مۇقەددەم ئۆلمەس ئىلاھىي ئىشقىنىڭ ئىلھامى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ غۇبارسىز سەبىي يۈرەكىنىڭ ئىزگۈ ئارزۇ - ئىستەكلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىڭدۈرۈلگەن دەسلەپكى يازمىلىرىمنى ئۆزىنىڭ نوپۇزلۇق چاقلايدىغان نەشر ئەپكارلىرىمىزغا يارىتالماي تەمتىرەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۆز سەھىپىلىرىدىن ئورۇن بېرىپ، مېنىڭ قەلەمداشلار سېپىگە قوشۇلۇشۇمغا ئۈمىد بېغىشلىغانىدى. ئېنىقكى، ئەينى چاغدىكى ئاشۇ ئۈمىد، ئاشۇ ئورۇن بېرىشلەر بولمىغان بولسا مېنىڭ قەلەمىمنىڭ تا بۈگۈنگىچە ئىزدىنىش يولىنى تايىماي داۋام ئەتكۈزۈشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر تۈركۈم ئېتىقادلىق، ئىستىبداتلىق قەلەم ئىگىلىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ مول مەنىۋى مېۋىلىرىنى تۆكۈشى ئۈچۈن كەڭ داستىخان هازىرلاپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق ئاراشلىرىدىكى تار يوللاردىن كەڭ هەم داغدام يۈنىلىشكە قاراپ يېتەكلىدى ۋە يېتەكلىمەكتە. جۈملىدىن ئەنئەنىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى ئەنئەنە ۋۇجۇدىدىكى مەڭگۈلۈك زامانىنىڭ ئارقىسىدا قالمايدىغان ئىجابىي ئامىللارغا يېڭى هاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغان يارقىن ئەسەرلەر ئارقىلىق، بۈگۈنكى مىسلىسىز يوشۇرۇن كرىزىسقا دۇچ كەلگەن مەنىۋىيىتىمىز ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ «نوھ كېمىسى» گە ئوخشىتىشى هەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئەمەس.

هەممىگە ئايانكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى هەرقانداق بىر يېڭى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماس هالدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ بارا - بارا هاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، ئاخىرقى هېسابتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئەدەبىياتمۇ باشقا كۆپلىگەن پەنلەرگە ئوخشاش بىر مۇستەقىل پەن بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىيات ئۆز ۋەزىپىسى ۋە رولىنى ئىجادىيەت يولى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئەسلى ماهىيىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىش ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن بىر قەدەم ئىلگىرى مېڭىپ، جەمئىيەتكە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. ۋەهالەنكى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى نوقۇل هالدا ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. ئەقەللىي ساۋات بويىچە ئېيتقاندىمۇ، بىرەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شۇ مىللەتنىڭ ۋىجدانى، ئىمان - ئېتىقادى، قىسقىسى، مىللىي روهىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان هەقىقىي يازغۇچى، شائىرلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، تارىخقا، بۈگۈنگە هەم كەلگۈسىگە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان نوپۇزلۇق نەشر ئەپكارلىرىنىڭ بولۇشى كېرەك. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ ئەمەلىي بولغان تۆهپىلەرنى قوشتى.

قىسقىلا ئەسلەپ ئۆتىدىغان بولساق، 1986 - يىلىدىكى سىناق ساندا «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستنى ۋە تۇنجى ساندا «مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق رومانىنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ، «هەيكەل»، «شاھ مەشرەپ هەققىدە هېكايە» قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق پوۋېست ۋە رومانىنى ئارقا - ئارقىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بۈگۈنكىدەك كۆپلەپ مەيدانغا چىقىپ، بەلگىلىك كۆلەم هاسىل قىلىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ كەلدى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تۆهپىلىرىنى ئەسكە ئالغاندا، ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتمەي بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭى هاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن يېڭىچە شېئىرلار بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ گۆش بىلەن قانغا ئوخشايدىغان تەبىئىي مۇناسىۋىتىدۇر. هەممىگە ئايانكى، مەتبەئە يۈزىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى 10 يىللارچە داۋام قىلغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرىدە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بىر خىللىققا يۈزلىنىپ قۇرۇق

شوئارۋازلار ۋە مەدھىيىۋازلارنىڭ چاكىنا ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، ئادىل تۇنىياز ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ئوت يۈرەك ياشلار ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ئاشۇ خىل شېئىرلاردىكى تەپەككۇر قاتماللىقىنى دادىل بۇزۇپ تاشلاپ، شېئىرنىڭ ئەسلىدە مەدھىيىۋازلارنىڭ ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسان روھىدىكى ئىلاھىي ئىشقىنىڭ چېقىن - چاقماق نۇرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. گەرچە شۇ چاغلاردا باھاردا بەسلىشىپ ئېچىلغان گۈللەردەك ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان شېئىرلاردا قىسمەن دورامچىلىق ئىللەتلىرى مەۋجۇت بولغان ھەم بىر خىل تەپەككۇردا پىكىر قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشىلەر بۇ خىل ئادەت بۇزۇپ تاشلانغان يېڭىچە شېئىرلارنى دەماللىققا ھەزىم قىلىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يېڭى شېئىرلارنىڭ ساغلام يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە نىسپىي بولسىمۇ خۇشاللىنارلىق كەيپىيات بارلىققا كەلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئېغىزدىن يۈرەككە بىر قەدەم يېقىنلىدى. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئېغىزدىن يۈرەككە يېقىنلىشىشىدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

تىرىشچانلىق دېگەن بۇ ئىبارە تولا تەكرارلىنىپ مەۋھۇم ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇنى ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق يېڭى مەزمۇن، يېڭى مەنىلەرگە ئىگە قىلدى. «ۋەتەن ۋە بۇرچ»، «ياشلىق چوقانلىرى»، «تۇنجى ئەسەر»، «مەخپىي خاتىرىلەر»، «ئۈچىنچى كۆز»، «يۈزمۇيۈز» ۋە «ئەدەبىي ئاخبارات» قاتارلىق يارقىن سەھىپىلەر يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىزنىڭ دەلىلى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە نەشر قىلىنىپ، كەڭ ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى ۋە كومپيۇتېر ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان «بۈگۈن» (ئەسلىدىكى «ئىجادىيەت ۋە ئۇچۇر»)، «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» (ئەسلىدىكى «كومپيۇتېر دۇنياسى») قاتارلىق ژۇرناللارمۇ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىكى بىر يېڭى شەيئى بولۇپ، كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يېڭى ژۇرناللار ئۈچۈن جاپاكەش تەھرىرلىرىمىزگە قانچە رەھمەت ئېيتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

ئاخىرقى سۆز شۇكى، قەلبىمىزدىكى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئەدەبىياتىمىزنىڭ «نوھ كېمىسى» بولۇپلا قالماستىن، مەنىۋىيىتىمىزدىكى نادانلىقنىڭ ئايرىم جاراھەت ئىزلىرىنى يۇيۇپ تازىلىغان شىپالىق مەلھەمدۇر. بۇنىڭ كونكرېت يېشىمى شۇكى، ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىز قويغان «تەڭرىتاغ» دېگەن تەبىئىي ئىسىم باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنىپ، ئاشۇ ئىسىمنىڭ تەڭداش تەرجىمىسى سۈپىتىدىكى «تيانشان» دېگەن سۆز ئىشلىتىشكە باشلىسا، زامانىۋى ساۋاتسىزلىق سايە تاشلىغان ئېڭىمىز، ئەسلىدىكى بىر چىرايلىق تەبىئىي ئىسىمنىڭ ئورنىغا كېيىنكى تەرجىمە ئىسمىنى دەسسىتىپ، «تەڭرىتاغ» سۆزى ئىستېمالدىن قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى سۆيۈملۈك ئانا دىيارىمىزنىڭ سىمۋولى بولغان مۇقەددەس تەڭرىتېغىنىڭ نامىنى ئۆزىگە مۇبارەك ئىسىم قىلىپ قويۇش ئارقىلىق، بىر مەزگىل ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن بۇ ئۇقۇمنى ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەنىۋىيىتىمىزدىكى بۇ نادانلىقنىڭ جاراھەت ئىزىنى يۇيۇپ تاشلىدى.

ئىشىنىمەنكى، قەلبىمىزدىكى «تەڭرىتاغ» تەبىئەتتىكى تەڭرىتاغقا ئوخشاش مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىگە خاس بولغان سالتەنىتىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# «تەڭرىتاغ»قا تەبرىك

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئەزىز ساۋۇت

«تەڭرىتاغ» - بۇ كاتتا بىر جۇغراپىيىلىك نام. ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ سوزۇلغان، دۇنياغا مەشھۇر، ھەيۋەتلىك بىر تاغ ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى تا بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ شانۇ - شەۋكىتى بىلەن كۆككە بوي تارتىپ جۇلالىنىپ تۇرماقتا. ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا، ئېتىكىدە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئىناقلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ بۇ تاغقا «تەڭرىتاغ»، «تيانشان»... قاتارلىق باب ۋە مۇنەۋۋەر ئىسىملارنى قويغان. پۈتۈن دۇنيا ئەھلى ۋە جۇغراپىيەئونلار ئاشۇ ناملارنى قوبۇل ۋە ئاتالغۇ قىلغان. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ نامى قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن ئۇلۇغ ۋە شۆھرەتلىك...

بۈگۈنگىچە بىز كۆرۈپ كېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ»نى ئۆزىگە نام - شەرەپ قىلغان بۇ ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانى چىققاندا، راست گېپىمنى قىلسام تازا قىزىقىپ كېتەلمىگەنىدىم. ئۆزۈممۇ يېزىقچىلىق، تەھرىرلىك ئىشى، ئائىلە - تۇرمۇش غەملىرى بىلەن ئالدىراش، كۆرىدىغان گېزىت - ژۇرناللار بەك كۆپ بولغاچقا ۋاقىت قىس، «قايسى بىرىنى كۆرۈپ بولارمەن؟» دېگەندەك ئاۋارىچىلىقلاردىن خالىي بولماق تەس ئىدى. ژۇرنالنىڭ ئادەمنى قانچىلىك جەلپ قىلالىشى... قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىشەنچسىزلىك ھېس قىلدىم. «نامى بەك كاتتا بولۇپ كەتكەنمۇ نېمە؟ ئاشۇ نامغا لايىق شۆھرەت قازىنالارمۇ؟» دېگەندەك گۇڭگا گۇمانلار بىلەن ژۇرنالنى كۆرۈشكە تازا قىزىقماي ياكى ئاندا - ساندا سانلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى كۆرۈش بىلەن چەكلىنىپ يۈردۈم. يىللار ئۆتتى، ژۇرنال يىلمۇ يىل چىقىپ تۇردى. بىر كۈنى ژۇرنالنىڭ شۇ يىلقى يېڭى سانى كەلدى. مۇندەرىجىسىگە قاراپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئىنتىزارلىق، خۇشاللىق، چاڭقاق ھاياجان ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. سەھىپىلەر ئارىسىدا ئىبراھىم تۇردى تونۇشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ھاياتى، تېخى ئېلان قىلىنمىغان نادىر شېئىرلىرى جۇلالىنىپ تۇراتتى. سۇغا تەشنا، چاڭقاپ كەتكەن ئادەمدەك، ماقالە ۋە شېئىرلارنى ئوقۇپ چىقتىم، ئاشۇ سەھىپىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن پۈتۈن سەھىپىلەرنى ئوقۇپ چىقتىم. «نېمىدېگەن ياخشى چىققان - ھە؟!» بارلىق سەھىپىلەر شۇنداق جايىدا، سۈپىتى يۇقىرى، تەھرىرلىكى، تەشكىللىشىمۇ بەلەن، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. مۇھەررىرلەر، خىزمەتچىلەر - تەھرىرات كوللېكتىپى ھەقىقەتەن ژۇرنالچىلىق، نەشرىياتچىلىقتىكى ئىقتىسادىي ۋە كەسپىي رىقابەتتە ماھارەت بىلەن ئېلىشقاندەك، سۈپەتكە كۈچلۈك ئىرادە - مەتانەت بىلەن بەدەل تۆلىگەندەك قىلىدۇ. گۈلزارلىقتەك بەس - بەستە ئېچىلىپ تۇرۇۋاتقان ژۇرناللار ئارىسىدىكى رىقابەت دولقۇنىدا ئۈزۈپ چىقىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقماقلىق بەسى مۇشكۈل. مەنمۇ مۇھەررىرلىك قىلىپ باققان. تېشىنى پارقىرىتىپ قويۇپلا ياكى تەرجىمە ماقالىلەر بىلەن توشقۇزۇش بىلەن ژۇرنالنىڭ سۈپەت - سالاپىتىنى كۆتۈرۈپ چىققىلى بولمايدۇ. كىشىلەر كۆرۈشكە ئىنتىزار ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى سورۇنغا چىقارغاندا، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىدىن بەھرە ئالالىغاندىلا ئاندىن نام - شەرىپىگە لايىق ئىش قىلغان بولىدۇ. ئىلگىرىكى سانلىرىمۇ شۇنداق ياخشى چىققان بولغىيمىدى؟ كېيىن ئىزدەپ ئىلگىرىكى سانلىرىنىمۇ كۆرۈپ چىقتىم. تەھرىرات، نام - شەرىپىگە داغ چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن باشتىنلا ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى چىقىرىپ كەلگەنىكەن. ئەپسۇس، مەن قاتمال

كاللام بىلەن ياخشى ئويلىيالماپتىمەن!

ھېلىقى گېپىمىزگە كەلسەك، ئىبراھىم تۇردى ئەپەندىنىڭ كىملىكىنى جامائەت ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ كىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى خەلق سېپىدە تۇرۇپ، كۆرەش قىلغان ئىنقىلابىي زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرسى، يېتۈك جامائەت ئەربابى، تالانتلىق شائىر، كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەشكىلاتچى. ئىبراھىم تۇردى ئەپەندى بىز بىلەن بالدۇرلا ۋىدالىشىپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ماڭا كىچىككىمدىنلا تونۇش. يېزىقچىلىق ئوتى تۇتىشىپ شۇ ساھەدە تەمتىلەپ يۈرگىنىمدە، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى چىقارغان شائىرنىڭ «كۆڭۈل ئارزۇسى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى، شۇ كەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۆپەت ئۆلچىمى بىلەن قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ چىقىرىلغان كىتابلارنىڭ سەرخىلى ئىدى. كىتابقا مەھلىيا بولۇپ قالدىم. «كۆڭۈل ئارزۇسى» ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق، كۆڭۈل ئارزۇلىرىمغا جاۋاب بەرگەن كۆڭۈل ئارزۇسى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى «دوستۇم دېمە!» دېگەن ساتىرىك شېئىرى ئەبەدىي ياخشى تەسىرات سۆپىتىدە يۈرىكىمدە قالدى. ئىبراھىم تۇردى ئەپەندى مەن ھۆرمەتلەيدىغان كىشىگە ئايلاندى. بۇ شېئىرنىڭ مىسرالىرىمۇ ياد ھالدا قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۆزۈم ھۆرمەتلەپ كەلگەن، شېئىرلىرى مەن ئۈچۈن تۇتىيا بولغان بۇ زاتنىڭ يىللار ئۆتۈپ، خاتا سول سىياسەتلەرنىڭ تەسىرى تازىلىنىپ، گۈزەل مەنىۋى، ماددىي ھاياتقا يول ئېچىلىپ، ئىبراھىم تۇردى ھەزرەتتەك ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ، جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ئاقلانغان پاك روھى بولسىمۇ بۈگۈنكى پاراۋان، كۆڭۈللۈك مەدەنىي ھاياتقا قايتىپ كېلەلىشىگە سورۇن، ئۇچۇر، ھۆرمەت - ئېھتىرام، سۈرىتى ئارقىلىق بولسىمۇ (شۇ سانغا سۈرىتى بىرگە بېرىلگەنىدى) دىدارىنى كۆرۈش - تونۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن بۇ ژۇرنالدىن بەكمۇ رازى ۋە خۇشال بولدۇم. «ھە، مەن خاتا ئويلاپ قاپتىمەن. ‹تەڭرىتاغ› نام - شەرىپىگە مۇناسىپ ئىش قىلىۋېتىپتۇ». شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ژۇرنالغا قىزغىن مۇشتىرى بولدۇم ياكى سانىمۇ سان سېتىۋېلىپ كۆرۈپ تۇردۇم. كۆرگىنىمنى ئېيتسام، «تەڭرىتاغ» نەشرىياتى چىقىرىۋاتقان «تەڭرىتاغ»، «بۈگۈن» «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» بۇ يەردە تېگىشمەي قالىدۇ. سېتىلىشى تېز، مۇشتىرىلىرى قىزغىن.

يىللارسېرى نەشرىيات - ژۇرنالچىلىق ساھەلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىساد، سۆپەت، سەھىپە، سەنئەت، مۇلازىمەت، مۇناسىۋەت رىقابەتلىرىدە «تەڭرىتاغ» ژۇرنال تەھرىر كوللېكتىپى قىلچە بوشىشىپ قالماي، جاسارەت بىلەن ژۇرنالنىڭ تەشكىللەش، سۆپەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كىتابخانلارنى ئېھتىياجلىق سەھىپىلەرگە قاندۇرۇپ، نام - شەرىپىگە داغ چۈشۈرمەي، غەلىبىسېرى ئىلگىرىلىمەكتە. بىز بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىدىن، جۇلالىنىپ تۇرغان ئېھتىياجلىق ماقالە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى، تەھرىرلىك نەزىرىدە ئۆلچەم - ئەنئەنە بولۇپ كاتەككە سولانغان، قاتمال ماقالە - ئەسەرلەرنى ئەمەس، يېڭىدىن - يېڭى مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل ئۇسلۇب، ژانىر، تېمىلاردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، زوقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز.

شۇ ۋەجىدىن، مەن بۈيۈك تەڭرىتېغىنىڭ نامىنى ئالغان بۇ ژۇرنالنىڭ بۈگۈنگىچىلىك 100 سان چىقىرىلىپ جامائەتكە مەنىۋى - بەدىئىي زوق، تۇرمۇشقا خۇشاللىق، مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىلھام ئاتا قىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. يەنىمۇ كۈچلۈك جاسارەت بىلەن تىرىشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ژۇرنالنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىپ «تەڭرىتاغ»دىن ئىبارەت بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت، مەنىۋى مەدەنىيەت بايرىقىنى ئەبەدىي جەۋلان قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن!

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدىكى ئارالچە

ئابدۇللا مەتقۇربان

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، ئەنئەنىۋى خاھىش، ئەنئەنىۋى مېتود ۋە ئەنئەنىۋى شەكىلدە يېزىلغان ئەسەرلەرگە، ھەتتا كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىگىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە سەھىپە ئاجرىتىش بىلەن بىرگە يېڭىلىققا ۋەكىللىك قىلىش خاھىشىنىڭ ئىزچىل تۈردە كۈچلۈك ۋە گەۋدىلىك بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 100 سانلىق مۇساپىسى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە باشقا ئەدەبىي ژۇرناللار بىلەن يوشۇرۇن رىقابەتلەشكەن مۇساپە بولدى. ۋەھالەنكى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى دەل ئاشۇ رىقابەت جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلدى، رايونىمىزدىكى ئەدەبىي ژۇرناللار ئىچىدە بەلگىلىك ئابرۇي ۋە ئىناۋەت تىكلىدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، ئەنئەنىۋى بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي يوسۇندا بىرتەرەپ قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئۆز ئەتراپىغا يېڭىلىققا بەكرەك ئىنتىلىدىغان بىر تۈركۈم ياش يازغۇچى ۋە شائىرلارنى توپلىدى ۋە ئۇلاردىن بىر ئۆلۈش ئىجادىيەت قوشۇنىنى ھاسىل قىلدى. بۇ قوشۇندىكى بەزى قەلەم ئىگىلىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خېلىلا غوللۇق ئىستېدات ساھىبلىرىدىن بولۇپ قالدى. شائىر مۇختار مەخسۇت، باتۇر روزى، ئادىل تۇنىياز، ئابدۇقادىر جالالىدىن، يازغۇچى ئەسئەت ئەمەت، ھۈسەيىن تاش قاتارلىقلارنى شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئۇلار «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى ۋە شۇنداقلا ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭمۇ كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ۋەكىللىرى. گەرچە يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەگەر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدىكى ئۆزگىچە بىر ئارالچە دېسەك، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ سەرخىل گۈللەر ئاشۇ ئارالچىدا ئېچىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى خاھىش تەرەپدارلىرىنىڭ ئەدەبىيات مەكتىپى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى كىتابخانلار ئۇنىڭدىن ئاشۇ يېڭى خاھىش تەرەپدارلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق جۇڭگو، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر، جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن يېڭى بولغان بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر يىلى «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى دەسلەپكى قەدەمدە بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئەگەر ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دۇنياغا يۈزلەندى، دۇنيا ئەدەبىياتىمۇ مەلۇم نىسبەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يۈزلەندى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە مۇمكىن بولسا، ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇنداق يۈزلىنىش ئەڭ ئالدى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئەكس ئەتتى. ئەدەبىيات مەكتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يەنە بەزى يازغۇچىلارنىڭ سىناق خاراكتېرىدىكى بەزى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا دادىللىق بىلەن جۈرئەت قىلدى. مەسىلەن، يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يەنە «يۈزمۇيۈز» قاتارلىق يېڭىدىن - يېڭى سەھىپىلەرنى ئېچىپ، باشقا ئەدەبىي ژۇرناللار يېتىشەلمىگەن، قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ۋە قىلالمىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

# «تەڭرىتاغ»، مەن ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىزدىنىش مۇساپىسى

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىش

قەلبىمدىكى شېئىرىيەت چوغىنىڭ يېلىنجاپ تۇرغىنىغا توپتوغرا 15 يىل بوپتۇ. بۇ 15 يىل جەريانىدا مېنىڭ ھاياتقا دەيدىغان تۇرلۇك ئارزۇلىرىم، دۇنياغا جىمجىت ھالەتتە تىكىلگەن سۈكۈتلىرىم، دەۋر ۋە روھىمدىكى چەكسىز يىمىرىلىش ئاتا قىلغان تېڭىرقاش ۋە ئازابلىرىم، تەپەككۇرۇمنىڭ غۇۋا قەسىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن قەلبىمنىڭ يېپىق روجەكلىرىنى قايرىۋاتقان ھېس - تۇيغۇلىرىم ھەر ۋاقىت شېئىرىي شەكىلدە ئۆزىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ئەگەر مېنىڭ ئىنسانلىق يېشىمنى ساناش توغرا كەلسە مەن پەقەت شېئىر يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالغان ئاشۇ دەقىقىلەرنىلا ھەقىقىي يېشىم دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن. شېئىرنىڭ روھىدىن مېڭىپ ئۆتكەن ئاشۇ جەريانلا مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات تارىخىمنى ئۆلچەيدىغان بىر جەريان بولۇپ قالغۇسى.

ئەگەر مېنى شائىرلىق سۈپىتىدە تونۇپ ھاياتىمنى ھەقىقەتەن شېئىر بىلەن باغلانغان دېيىشكە بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنى شېئىرىي مەنە ۋە رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان نەرسە دەل «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدۇر. ماڭا ئوخشاش سىستېمىلىق بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئاددىي بىر قەلەم ساھىبى ئۈچۈن ئېلىپبە تەرتىپىدىكى سۆزلەر ۋە شېئىرنىڭ مەنىسى گۇگۇم قوينىدىكى ئۇپۇق شولىسىدەك غۇۋا ھەم سىرلىق ئىدى. شۇڭا شېئىرىيەت مېنىڭ نەزىرىمدە ئىلاھىي كامالەتنىڭ ئازغىنە كىشىلەرگە بەخش ئەتكەن نامايەندىسى بولۇپ سانىلاتتى (ھازىرمۇ شۇنداق دەپ قارايمەن). ئۆزۈمنى پەقەت شېئىرىي پاساھەتكە ئېتىقاد قىلغۇچى، چوقۇنغۇچى دەپلا چۈشىنىمەن. دەل شېئىرغا بولغان مۇشۇنداق بۈيۈك ھۆرمەت يۈزىسىدىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇنىڭ سېھىرلىك دېرىزىسىنى چېكىشكە جۈرئەت قىلالماي كەلدىم. بەلكىم بۇ مېنىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى ئۆزۈمنى تاپالماي تېڭىرقاپ يۈرگەن مەزگىللىرىم بولسا كېرەك. دەل مۇشۇنداق شېئىرىيەت قۇملۇقىدا تەمتىرەپ يۈرگەن پەيتتە، مەن تۇيۇقسىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن ئۆزۈم ئىزدەپ يۈرگەن شېئىرىيەت ئاسمىنىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭدىكى شېئىرىي كەڭلىك ۋە مەنە بوشلۇقى مېنىڭ قەلبىمگە پاتماي قالغان ھېسسىيات چوقانلىرى ئۈچۈن كەڭرى ئىمكانىيەتكە ئايلاندى. مەن مۇشۇ ئىمكانىيەت كەڭلىكىدە شېئىرىيەت سېپىدىكى بىر كىچىك ئېقىنغا ئايلىنىپ، ناھايىتى چوڭ تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىزلىنىش سەپىرىمنى باشلىدىم. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرىيەتتىكى خائىنلىقى، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ تەپەككۇردىكى سوغۇققانلىقى، باتۇر روزىنىڭ شەكىلدىكى ئۆزگىرىشچانلىقى، پەرھات ئىلياسنىڭ تىل جەھەتتىكى رەڭدارلىقى، مۇختار مەخسۇتنىڭ ئىپادىلەشتىكى گۈزەللىكى، پولات ھېۋزۇللانىڭ مەنىدىكى سەكرەتمىلىكى، ئەركىن نۇرنىڭ روھىيەتتىكى سەرسانلىقى، ئەركىن ئىبراھىمنىڭ تەسەۋۋۇردىكى سەكرەتمىلىكى مېنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىزلىنىش سەپىرىمنىڭ تۇنجى بېكىتى بولدى. ئۇلارنىڭ قاپىيىسىز، مەنتىقىسىز سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئەسەرلىرى مېنىڭ بېرىلىپ تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۆزۈمنى يېڭىلاپ كېيىنكى شېئىرىيەت يۆنىلىشىمنى بەلگىلەيدىغان نۇرلۇق يول كۆرسەتكۈچكە ئايلاندى. مەن گاھى ئىستەكنىڭ رەڭدار تىل مۇھىتىدا ئۆزۈمنىڭ روھىمدىكى گۈزەللىككە تىكىلسەم، گاھى ئىستەكنىڭ غەمكىن قەھرىدە قەلبىمدىكى جىمجىتلىققا قۇلاق سالدىم. شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئاۋازىمنى تېپىش ھەم ئېڭىمدىكى قاتماللىقنى يىراققا تاشلاپ پىكىر تىزگىنىمنى شېئىرىيەتكە يېقىن بولغان بىر چىغىر يولغا ياندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ماڭا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بەردى دەپ قارايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەن يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ گۈدەك ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ روھىمدىكى ئەكس ساداسىنى تىڭشاۋاتقان پەيتلەردە، بۇ خىل شېئىرىيەتمۇ تېخى ئۆزىنىڭ يېڭىلا ئىزدىنىش سەپىرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان چاغلار ئىدى. جەمئىيەتتىكى كۈچلۈك غۇلغۇلا، ھەر خىل مۇنازىرىلەر ئالدىدا مەنمۇ بىر خىل گۇمان، شۈبھى ئىچىدە بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا ئىككىلىنىش ھېسسىياتىدا بولغانىدىم. لېكىن بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ پىكىردىكى ئۆزگىچە تەپەككۇر قاتلىمى ۋە ئىپادىلەش شەكلىدىكى يېڭىلىقى مېنى ناھايىتى چەكسىز شېئىرىي ھاياجانغا غەرق قىلغانىدى. مۇشۇ خىل مۇھىت تەمىن ئەتكەن ئەدەبىياتنىڭ سېھىرلىك زېمىنى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىمىز تولدۇرۇپ كېتەلمىگەن بوشلۇقتا ئۆزگىچە بىر خىل شېئىرىي پۇراقتا تويۇنغان ساپ ھاۋا بولۇپ شەكىللەندى. مەن شېئىرنىڭ بۇنداق رەڭدار مۇھىتىدىن بۇ خىل شېئىرىيەت ھادىسىسىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئاجايىپ ياش، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر ژانىرغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك بىر مۇنازىرە «تەڭرىتاغ»نى مەنبە قىلىپ مانا مۇشۇنداق باشلاندى. شېئىرىيىتىمىزدىكى يېڭى بىر چۇقان مۇشۇ يەردىن كۆتۈرۈلدى. ژۇرنال مۇشۇ ئاساس ۋە يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلىپ يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلار ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. گەرچە ھازىر ئەدەبىياتنىڭ شاۋقۇنى 90 - يىللاردىكىدەك ئۇنداق كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ چاغدا «تەڭرىتاغ»نى مەنبە قىلىپ ئىزلىنىش سەپىرىدە تەمتىرەپ يۈرگەن بىر بۆلۈك ئاپتورلار ھازىر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسلىق تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى. تۇرلۇك پاكىتلار شۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدىكى، سەنئەت ۋە ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىقى ھەرگىزمۇ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىدا ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ. سەنئەتنىڭ قوبۇل قىلىش خاھىشى كۈچلۈك بولغىنىدەك، ئوخشاشلا يەنە ئۇنىڭ چەتكە قېقىلىش خاھىشىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئالغان ئورنى تولىمۇ ئۆزگىچە بولدى. ئۇ قوبۇل قىلىش ۋە ئىنكار قىلىش باسقۇچىدا ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىغا مەسئۇل بولۇپ كەلدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئاپتورلارغا سورۇن ھازىرلاش، ئەسەر ئۆيۈشتۇرۇش، دۇنياۋى ئېقىم، يۈزلىنىشلەرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ھەم ئەدەبىياتىمىزدىكى ئوخشىمىغان ئېقىملارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، تەڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بىر كەڭرى سورۇن ھازىرلاپ بەردى. جۈملىدىن، يېڭىچە تەپەككۇر يولى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك ئاپتورلارنى بىر گۈزەل ئەدەبىيات مۇھىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەگەر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يېڭىچە شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ مۇنچە تېز بولمىغان بولاتتى دېسەك، ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتتا تۇغما تالانتى بولىدىكەن. بۇ جەھەتتە مەن ئۇلارغا ناھايىتى ھەۋەس قىلىمەن. ئەگەر مېنىڭ ئەدەبىياتتا ئاز - تولا نەتىجەم بار دېيىلسە، ئەلۋەتتە بۇنى ئۆز تىرىشچانلىقىمدىن كەلگەن دەپ قارايمەن (بەلكىم ئۆزۈم بايقىمىغان بىلەن روھىمدا ئازراق شېئىرىيەت ئېلېمېنتىمۇ بولسا كېرەك) . مەندىكى ئاشۇ تىنىمسىز ئىزلىنىش ۋە تىرىشچانلىقنىڭ مەنبەسى يەنىلا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى مەنبە قىلغان. مەن روھىيەت ۋە سەنئەتنىڭ شەكىلسىز قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە تىنىمسىز ئىزدىنىپ سوئاللار قايىنىمىغا چۆكۈپ يۈرگەن چاغلاردا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى مېنىڭ بۇ سوئالىمغا ناھايىتى ئەتراپلىق جاۋاب تېپىپ بەردى. ئۇنىڭدىكى شېئىرلار ھەقىقىي سەنئەت تۈسى بىلەن تويۇنغان بولۇپ، روھىي دۇنيا بىلەن رېئاللىققا ھەقىقىي يۈزلەنگەنىدى. ئۇنىڭدىكى شېئىرىي ھېسسىيات بۆلىقى بورۇنقى ئەندىزىلەر بويىچە ياساپ چىقىلغان. زورمۇزور قۇراشتۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى روھىيەتنىڭ ئۇنىسىز ئېقىمى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى ھەقىقىي شېئىرىي رىتىمغا ئايلىنىپ، مەنىلەر دۇنياسىدا مەڭگۈ شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. گەرچە بۇ ئەسەرلەردە مەلۇم بىر تەرەپلىمىلىكلەر

بار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى شەكىل كرىزىسىگە ئېلان قىلىنغان بىر قېتىملىق سەنئەت ئىنقىلابى ئىدى. مەن دەل مۇشۇ سەنئەت ئىنقىلابىنى ياندىن كۆزىتىش جەريانىدا ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭ بىر ئىخلاسمەن ھەۋەسكارىغا ئايلاندىم ۋە شۇ ئاساستا ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندىم.

مېنىڭ بۇ ژۇرنال بىلەن بولغان دوستلۇقۇم 90 - يىللاردىن باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ تۇنجى سانىدىن باشلاپ يىغىپ ساقلىدىم. ھازىر كىتاب ئىشكاپىدىكى ژۇرناللار توپلىمىسىغا قارىسام، ئۆزۈمنى بۇ ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىدىكى كۆزەتچىسىدەك ھېس قىلىمەن.

گەرچە مەن بۇ ژۇرنالدا ئانچە كۆپ ئەسەر ئېلان قىلمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ھەربىر پارچە ئەسەر مېنىڭ ئىچكى كەچۈرمىش جەريانىمدەك، شۇنداقلا «تەڭرىتاغ» نىڭ تەرەققىياتى مېنىڭمۇ تەرەققىياتىمدەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن تارالغان ئېقىملارنىڭ ھەر ۋاقىت روھىمغا جىمجىت قوشۇلۇپ ئېقىۋاتقانلىقىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرىمەن. شۇڭا مەن بۇ ژۇرنالنى ئۆزۈمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم قاتارىدا كۆرىمەن. مەن ئويلايمەن، ئۆز ئاپتورلىرى بىلەن بۇنداق يېقىنلىق تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان ژۇرناللار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ شۇقەدەر چوڭقۇر، شۇ قەدەر مەھلىيالىق دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى پەقەت شۇ ئاپتورلارلا بىلەلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەزنىنى ئاددىي تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەمنىڭ روھىدىكى مەمنۇنلۇق مۇھەببەتكە ئايلانغاندا ئۇنىڭ تەسىرىنى روھىيەتتىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ناھايىتى تەس. مېنىڭ «تەڭرىتاغ» قا بولغان مۇھەببىتىم ئەنە شۇنداق مەمنۇنلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولسا كېرەك دەپ قارايمەن.

ئىنسان تۇرمۇشىدىكى خۇشاللىق تولىمۇ تۇيۇقسىز ھەم تەخىرسىزلىككە تولغان بولسا كېرەك. مېنىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بىلەن بولغان خۇشاللىق ئىچىدىكى باغلىنىشىممۇ شۇنداق تاسادىپىي بولغانىدى. 1993 - يىلى مەن تۇيۇقسىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ياش ئەدىبلەر سىمنارىيىسىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئەمدىلا 18 نىڭ قارىسىنى ئالغان مەندەك ئاددىي دېھقان پەرزەنتى ئۈچۈن بۇ ئاجايىپ مۆجىزە خاراكتېرلىك خەۋەر ئىدى. ئۆزۈم تەلپۈنگەن ئەدەبىياتنىڭ سېھىرلىك دەرۋازىسىنىڭ بىر قانىتى مەن ئۈچۈن ئېچىلغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇ يەرگە ھەيرانلىق، تېڭىرقاش، ئەيمىنىش ئىچىدە تىكىلدىم. نۇرغۇن ئادەم خۇشاللىقتىن كۈلكىسىنى يوشۇرالمىسا مەن ئەكسىچە ھاياجاندىن كۆزۈمگە ياش ئالدىم. بەلكىم ئەدەبىيات ئۈچۈن كۆيگەن قەلب يىغىغا شۇنداق يېقىن بولسا كېرەك. شۇ قېتىمقى يىغىندا مەن تۇنجى قېتىم ئۆزۈم بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان سۆيۈملۈك كىشىلەردىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، روزى سايىتلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈم ۋە ئۆزۈم تەلپۈنگەن بىرقىسىم ياش ئەدىبلەر بىلەن سىرداشتىم. ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات قارىشىدىكى ساماۋىلىق مېنى ئەدەبىياتقا باشقىچە نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلىدى. مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەدەبىيات سەپىرىدىكى روھىي چوڭقۇرلۇققا چۆكۈش ھاياتىمنى باشلىدىم. بۇ چاغلار مېنىڭ ئىجادىي ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل، مۆجىزىلىك خاراكتېرغا باي دەقىقىلەر ئىدى. ئەدەبىياتنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي زىلزىلىسى ھازىرغىچە روھىمدا بىر ئوت بولۇپ يانىدۇ. شۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن مەندە ئەدەبىياتقا باشقىچە بىر تونۇش ھاسىل بولدى. ئەسەرلىرىمدىكى ئىزلىنىش خاھىشى روشەنلىشىپ ئۇنى ھاياتىم بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالىدىم. كېيىنچە، مەنمۇ بۇ ژۇرنالنىڭ ھەۋەسكار ئاپتورلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدىم. تۇنجى نۆۋەتلىك ياش ئەدىبلەر پائالىيىتى «كۆكنۇر» مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر پائالىيىتى ۋە 12 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىياتى» نى باھالاش پائالىيىتىدە بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىرقىسىم ئەسەرلىرىم بىرلەشمە توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. قىسقىسى، مېنىڭ شان - شەرىپىم ۋە تەرەققىياتىم بۇ ژۇرنال بىلەن زىچ باغلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەن بۇ ژۇرنالنى ئۆزۈمنىڭ شائىرلىق بېشىمنىڭ بىرقىسىمدەك ھېس قىلىمەن. ئۇ مېنىڭ شېئىرىيەتنى

چۈشىنىشىمدىكى بىر يورۇق كۆزنەك سۈپىتىدە قەلبىمدىكى يورۇق دېرىزىلەرنى يورۇتىدۇ. پۇلنىڭ قىزغىنلىقى ھاياجىنىمىزنى سوۋۇتۇپ شېئىرنىڭ نازاكىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە بۇ ژۇرنالنىڭ ئەدەبىياتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىلغان بۇ بىرقاتار خاسىيەتلىك ئىشلىرى ناھايىتى قىممەتلىك. ئەدەبىيات چەتكە قېقىلغان، تاشلىنىپ قالغان دەۋردىمۇ يەنىلا كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتۈۋېتىپ ئەدەبىياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، مىللەتنىڭ غېرىبلىقىنى، بىر قەدىم مەدەنىيەتنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئۆتمۈشى، تېڭىرقاش ئىلكىدىكى بۈگۈنى، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن كەلگۈسىنى نامايان قىلالاۋاتىمىز. بىر مىللەتنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن چوقۇم ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى چۈشىنىش كېرەك. بۇ - شۇ مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى، پسىخىكىسى، ئېتمولوگىيىسى ۋە ياشاش مۇھىتى. . . قاتارلىق بىرقاتار مۇرەككەپ ئامىللارغا چېتىلىدىغان ناھايىتى نازۇك مەسىلە. دەل مۇشۇنداق نازۇك ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت ئەدەبىياتلا چىقالايدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ جانلىق قورال دېيىش مۇمكىن. شۇڭا يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى، كەلگۈسى، بۈگۈنى ۋە ھەممە نېمىسى دېيىش مۇمكىن. ئەدەبىياتى بولمىغان مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، شان - شەرىپى ۋە كەلگۈسىمۇ تەڭلا غايىب بولغان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۆز مەنىسىنى تاپقان ئەدەبىياتىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ روھى قۇللۇق بولمىغان بىر ئەركىن ۋەتىنى بار بولغان بىلەن باراۋەر. بۇنى روياپقا چىقىرىدىغىنى يەنىلا شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى كۈچى. جۈملىدىن ئۇنى ئىپادىلەيدىغان مەتبۇئاتىدۇر. بۇ مۇشكۈل ۋەزىپە نەشرىياتچىلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. توغرا ژۇرنالىستلىق خاھىش بولمايدىكەن، شۇ مىللەتنى چۈشىنىشتىكى بىر مۇنار ئۆرۈلگەن بولىدۇ. «تەڭرىتاغ» دەل مۇشۇ روھىي مۇنارنى تىرەپ تۇرغان بىر مەڭگۈ ھاياتىي كۈچ، بۇ ژۇرنال ئۆزىنىڭ توغرا يېتەكلەش خاھىشىغا تايىنىپ ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن يارامىلىق بولغان بىر تۇركۇم ئاپتورلار قوشۇنىنى يارىتىش بىلەن بىرگە ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېيىنكى يۈنىلىشى ئۈچۈنمۇ پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىپ قالسا بۇ ژۇرنالغا ئالدى بىلەن تۆردىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئېلىپ قويۇلىدۇ، ئەلۋەتتە. ژۇرنال نەشر قىلىنغان تۇنجى ساندىن باشلاپ ھازىرقى 100 سان توشقانغا قەدەر ئالدى بىلەن ئۈمىدلىك ياش ئاپتورلارنى يۆلەپ ئۇلارنى ياخشى ئىجادىيەت سورۇنى بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. ئەگەر بىر ياخشى مۇھەررىرنىڭ قوللىشى بولمىسا بىر ياخشى ئاپتور كۆمۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. پۇلنىڭ خىرىسى ئاستىدا ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان روھسىز دەۋرنىڭ بىر غەمكىن ئاپتورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن تالانت ئىگىلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىۋاتقان مەزكۇر ژۇرنالغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ژۇرنال ۋە تەھرىرلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن. ئۆزىنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قەدىرلىمىگەن مىللەت ئۆزىنىڭ قەدىرسىزلىكىدىن خارلىنىپ قۇل بولۇپ ئۆتىدۇ ھەم مەڭگۈ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ بۈگۈنىدىن زارلىنىپ ياشايدۇ. مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ھەرھالدا بۇ جەھەتتىكى قەدەمنى ئۆزىگە يۈز كېلەلىگۈدەك باسالىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

دەۋر ئۆزگەردى. ھاياتنىڭ رىتىمىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى تولىمۇ سىرلىقلىشىپ كەتتى، ھەممە ئادەم ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق چېپىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەك قىيىن. بىردەم ئولتۇرۇپ شېئىرنىڭ ئارامبەخشلىكىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان كىشىلەر ئازىيىپ كىنو - تېلېۋىزور قاناللىرى ئارىسىدا سەيلە قىلىپ يۈرىدىغان كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئەڭ يېقىن كىشىلەرمۇ يۈزمۇيۈز قارىشىپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. ئېتىقادسىزلىق ۋە غاپىللىق كىشىلەرنىڭ روھىدا ناھايىتى تېزلا يىلتىز تارتتى. سەممىيەت يوقىلىپ، چۈشكۈنلۈك جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسىگىچە سىڭىپ كىردى. كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى بۇلغانغان ۋە

قۇرۇقدالغان مۇشۇنداق پەيتلەردە ۋۇجۇدىمىزنى پاكلاشنى نەدىن باشلاش كېرەك دېگەن سوئالغا بىزنىڭ جاۋابىمىز شۇكى، ئۇنى ھەربىر قەلب ئىگىسىنىڭ روھىدىن باشلاش كېرەك! مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئەدەبىيات بىر مىللەت ئۈچۈن قۇتقۇزغۇچى پەيغەمبەردەك زۆرۈردۇر.

مەن رېستورانلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق مۇھىتى ئىچىدە تاملارغا ئېسىپ قويۇلغان ئەدىبلەرنىڭ رەسىمى ۋە شېئىرلارنى كۆرسەم ئويلىنىپ قالىمەن. بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ ياكى شۇ مىللەتنىڭ چۈشكۈنلۈكىگە ئەدىبلەر ۋە ئەدەبىياتنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇشمۇ؟ بەلكىم بۇ خوجايىنلارنىڭ پۇل تېپىشتىكى ھىيلىسىدۇر ياكى خەلقىمىز ئەزەلدىن شۇنداق شېئىر خۇمار خەلقتۇر. تاماق بىلەن ئەدەبىياتنىڭ بىرلا سورۇندا تەڭلا ئىستېمال قىلىنىشى تولىمۇ ئۆزگىچە ئەھۋال. مۇشۇنداق مۇرەككەپ مۇھىتتا ژۇرنالىستلىق قىلماق ۋە ئەسەر يازماق تېخىمۇ مۇشكۇل ھەم قىيىن ئىش. ھەممە نېمىمىز كەسكىن خىرىس ۋە رىقابەتكە دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش - قالماسلىق نۆۋەتتە تەھرىر ۋە ئاپتورلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئەڭ مۇشكۇل ۋەزىپىدۇر. مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ سىنىقى، مانا بۇ بىز دۇچ كەلگەن چىنلىق، مۇشۇنداق دەۋردە ئۆزۈپ چىقالىغان ئاپتور ۋە ژۇرناللار ھەقىقىي ھۆرمەت ساھىبى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپتۇر.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان توشقانلىقى ئۇنىڭ مەنىۋى يېشىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەنلىكىدۇر. سان بىلەن سۈپەتنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يېقىن ھەم تولىمۇ يىراق. ئۇ سانسىزلىغان سوراق ۋە ئۈندەشلەر بىلەن تولغان. ئۇنىڭ ھەربىر پەللىسىدە ئاپتور ۋە تەھرىرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت ھەم مەسئۇلىيىتى سىزىلىپ ياتىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارالىغان تەنھەرىكەتچىلا غالىبىيەت ھەققىدە سۆزلىيەلەيدۇ. قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشنىڭلا ئەركىنلىك ھەققىدە سۆزلەش سالاھىيىتى بولىدۇ. «تەڭرىتاغ» دەل ئاشۇنداق ئاخىرقى نۇقتىغا قاراپ كېتىۋاتقان ۋە قەپەس ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىغان ژۇرنالدۇر. يەنە نۇرغۇن نەشر ئەپكارلىرى قەپەس ئىچىدە تىپىرلىماقتا، ھەتتا بەزىلىرى ناھايىتى تار ۋە بۇرۇقتۇرمىلىقتا تولغان مۇھىتتىمۇ ئۆزىنى پايانسىز كۆكتە ئەركىن ئۇچۇۋاتقاندەك ھۇزۇر ھېس قىلىپ خاتالىق ئىچىدە كېرىلىپ ياتماقتا.

مەن «تەڭرىتاغ» نىڭ بۇ خىل خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ تىكلىگەن نوپۇزى ۋە نەتىجىلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇ بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىياتنىڭ خارلىقى دەۋرىدىكى نۇرغۇن روھىي كرىزىسلەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. قەپەستىن چىققان قۇش سىرتقى مۇھىتتا ياشاشقا ماسلىشالايدىغان بولۇشى، ئىمكانىيەت كەڭلىكىدە ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە پەرۋاز قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ئۇنىڭ ھالاكىتى بولۇپ قالىدۇ. ئەتراپىمىزغا نۇرغۇن شەكىلسىز قەپەسلەر قويۇلغان، بەلكىم نۇرغۇن ژۇرناللار بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت تېخىمۇ چوڭ قەپەسكە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، «تەڭرىتاغ» ئۆزىنىڭ روھىدىكى سۈزۈكلۈك بىلەن ھەممە قاراڭغۇلۇقنى سۈپۈرۈپ تاشلىيالايدۇ ۋە تېخىمۇ يورۇق نۇر چاچالايدۇ.

ژۇرنالنىڭ 100 سانىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مېنىڭ روھىمغا كۆمۈلۈپ ياتقان سۈكۈتلەر ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغان كۆڭۈل ئارزۇلىرىمنى روھىمغا دەپنە قىلىۋەتكۈم كەلمىدى. لېكىن چولتىلىقىمدىن دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئۇدۇل دېيەلمىگەنلىكىمدىن خىجىلمەن. يۇقىرىقى بايانلار مېنىڭ روھىمدا كۆمۈلۈپ ياتقان شولىلارنىڭ بىرقىسمى، خالاس. ئۇ سىلەرنىڭ روھىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى شولىلارغا ئوخشاپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

100 سان - ژۇرنالنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنىڭ بىرقىسمى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مۇساپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقى ياكى ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يېڭى بىر مۇساپە ئالدىمىزدا، ئۇنى بىرلىكتە قول تۇتۇپ ماڭىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەر چېچەكنىڭ تۇغار بىر قۇياش

(ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشى ئۈچۈن ياخشى سورۇن ھازىرلاپ بېرىۋاتقان پەرۋىشكار «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن) .

**ئەخمەتجان تۇرۇپ**

(1)

شېخىڭدىكى يۈز تال چېچەككە،
ئەي «تەڭرىتاغ» بولسۇن مۇبارەك.
ھەر چېچەكنىڭ تۇغۇپ بىر قۇياش،
ئىقبالىڭدىن بەرمەكتە دېرەك.

باغرىڭدىكى گۈل - چېمەنزارغا،
سەن بىلىسەن، سىڭگەن ئىزلىرىم.
سىڭگەن ھەتتا ياپراقلىرىڭغا
साददا كەچمىش، يۇمران چۈشلىرىم.

(2)

سەن ئەمەسمۇ، (ئۆزۈڭ بەرگەن شۇ)
قانىتىمنى تاشتا بىلىگەن.
سەن ئەمەسمۇ، بورانلىق تۈنلەر
پەرۋازىمغا ئاسمان تىلىگەن.

سەن ئەمەسمۇ، يۈرسەم مۇدۇرۇپ
ئۇشلاپ قويغان ئالقىنىڭ بىلەن.
سەن ئەمەسمۇ، يۈرەك يىغلىسا
«شىجائەتنى مەندىن ئال» دېگەن.

سەن ئەمەسمۇ، دوقاللىرىمنى
ئاتامدەكلا يەتتە پۈكلىگەن.
ئايلانماقچى بولسام بۈركۈتكە،
ئارمانلارغا ئارمان يۈكلىگەن.

سەن ئەمەسمۇ، خىلۋەت كەپەمدە
ئۇخلاپ قالسام كۆكسۈمگە چۆككەن.
قايچا ئېلىپ كەلسە تۈن قۇشى،
يۈرىكىمنىڭ تېگىگە مۆككەن.

(3)

ئەمدى بىلسەم، مۇھەببەت چايقاپ
ئېقىۋاتقان دەريا ئىكەنسەن.
قىرغىقىدا تۈلپار كىشنىتىپ
چېپىۋاتقان بەرنا ئىكەنسەن.

سالام دېدىم شۇڭا «تەڭرىتاغ»
(يۇلالمىدىم ئەپسۇس يۈرەكنى) .
شۇنداقتىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا
تۇتتۇم ساڭا بىر تال چېچەكنى.

# جۇلالار

**ۋاھىتجان غوپۇر**

## ياخشىلىقنىڭ سۆيپتى

ياخشىلىق ئوخشايدۇ نۇرلۇق چىراغقا،
يورىتار قەيەردە ياقساڭ شۇ يەرنى.
ياخشىلىق ئوخشايدۇ زۇمرەت بۇلاققا،
ھەر دىلدا كۆلدۈرەر گۈل - چېچەكلەرنى.
ئۆزۈڭنى ئادەم دەپ تونۇساڭ ئەگەر،
ھەر يەردە ياخشىلىق شامىنى ياندۇر.

ئىزگۈ بىر مېھرىنىڭ بۆلىقى بولۇپ،
ھاجەتمەن تەشنالار قەلبىنى قاندۇر.

## تىكەنسىز گۈللەر

«ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن» دەر
نۇقسانىنى يوشۇرماق بولۇپ بەزىلەر.
تىكەنسىز خۇش پۇراق گۈلنىڭ ئۆزىدۇر،
ئەمگەككە، ئىجادقا چۆككەن ئىرەنلەر.
ئۇلاردا زەھىرى يوقتۇر تىكەننىڭ،
قەلبىدە كۆكەرگەن سۇلماس چىمەنلەر.
ئالدى ھەم ئارقىسى تامامەن گۈلدۇر،
ئۇلار بار، تۇرمۇشتىن ئازىيار غەملەر.

## گۈزەللىككە تەبىر

بىزدە كۆپ ھۆسنىنى تۈزەيدىغانلار،
سىرتىغا رەڭ - بوياق ئىزدەيدىغانلار.
قالسىمۇ قەلبى گەر بوشلا، قۇپقۇرۇق،
كارى يوق، شەكلىنى كۆزلەيدىغانلار.
سىرتىنى تۈزەشمۇ مۇھىم ئەلۋەتتە،
ئەۋزەلى قەلبىنى بېزەش كېرەك - تە!
ھەقىقىي گۈزەللىك سانالماس ئەسلا،
بولمىسا مەنىۋى ئۈزلۈك يۈرەكتە.

## تەمكىنلىك مىزانى

ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇش بىردۇر ھاياتتا،
گەر ئۇتۇق قازانساڭ كەتمە كۆرەڭلەپ.
ئۇتتۇرساڭ تۈگمەس ھەسرەتكە پېتىپ،
مەي ئىچىپ مەست بولۇپ يۈرمە لەلەڭلەپ.
ساۋاق ئال ئۇتتۇرغان ئاچچىق ئىشلاردىن،
تەتقىق قىل ئويلىنىپ قانۇنىيەتنى.
ئۇتماققا قان - تەرنى ئەيلىگىن بەدەل،
بەرجەس بول، بىجىرىم تۇتقىل نىيەتنى.

## بولسۇن پاكلىق، جۈرئەت دەسمايەڭ

تەسەللى تېپىشنى ئۆگەن ھاياتتا،
بىھۇدە قايغۇدىن، دەردتىن خالاس بول.
باقمايدۇ رايىڭغا تۇرمۇش رىتىمى،
ھەمىشە ئۇنىڭغا يۈزلەنگىن ئۇدۇل.
پاكلىقنى، جۈرئەتنى قىلىپ دەسمايە،
تەجرىبە، پاراسەت، ئەقىل، ئاڭغا تول.
شۇ چاغدا ھاياتمۇ كۈلۈپ قارايدۇ،
چېقىلىپ نادامەت كاسىسى چۇل - چۇل.

## تۆھمەتخورغا سىزما

تۆھمەتخور ئوخشايدۇ قارا بوياققا،
دەيدۇ ئۇ سۇۋسام قارىنى ئاققا.
قىلىپ ئات سەل خۇمدان دەزى بارلارنى،
مىنىپلا قاترايدۇ ئۇياق - بۇياققا.
روھى ھەم جىسمانى ئەينەكتەك سۈزۈك
پاكلارنىڭ ئالدىدا دەسسەپ شاپاققا؛
يىقىلىپ كۆتەكتەك كەينىگە ئوڭدا،
تۈگەيدۇ شۇ زامات چۆكۈپ پاتقاققا.

## ھۇرۇنلۇقنىڭ نەتىجىسى

ھۇرۇنلۇق خارلىقنىڭ ئىنىك ئانىسى،
ھەسرەتنى، ئەلەمنى ئۆستۈرگەن بېقىپ.
قاششاقلىق، گادايلىق، تەمەخورلۇقنى،
نادانلىق يېپىغا قويغان ئۇ چېتىپ.

كىم بولسا ھۇرۇنلۇق خۇشتارى ئەگەر،
دۇنيادىن بىر ئۆمۈر بەختسىز ئۆتەر.
كىشلىك قىممىتى مەنبەسىز سۇدەك
چىرىپ زەي كۆلچەكتە پارلىنىپ پۈتەر.

## قانائەت ئەلا

بولسا تۇرمۇشتا قانائەتچان كىشى،
بولمىغاي ئارتۇقچە غەم ۋە تەشۋىشى.
كۆڭلىرى ئۆتكەي ھۇزۇرلۇق، شاد - خۇرام،
كۆرۈنەر ئەل - يۇرتقا گۈلدەك ھەر ئىشى.

ئەكسىچە، ئۇ بولسا ئاچكۆز، پۇلپەرەس،
تېرىماي قىلسا ئۇ جوغلاشقا ھەۋەس.
يىغسايۇ، بەرمىسە ئەل - يۇرتقا نەپ، بەس —
ئۈستىگە ياغىدۇ نەپرەت تاشلىرى!



# مۇڭلۇق كېچە

(ھېكايە)

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

ئۇ گويا تۇندىكى شام نۇرىدەك غىل - پال ئەكس ئەتتىيۇ يەنە غايىب بولدى. مەن ئۇنى مۇھەببەتلىك قوللىرىم بىلەن تۇتۇپ قالماقچى ئىدىمغۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنچە تېز كېتىپ قالدۇ؟

ئىشىك يەڭگىل ئۈچ قېتىم چېكىلدى. ئۇنىڭ تىۋىشى خۇددى روھىمدىكى تىمتاس جىلغىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇخلاپ قالغان قەدىمىي تۇيغۇلاردەك شۇقەدەر يىراق، شۇ قەدەر ئۇزۇن ئىدى. مەن بۇ تۇيغۇلارنى ناھايىتى ئۇزۇندىن بېرى ساقلاۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئاخىر مۇقەددەس سىرلار ئىچىدىن بۈگۈن ئۆز چېھرىنى كۆرسەتتى. ئاھ، قەلبىم تىنچلان. سەن ئۆز قەسىدىلىرىڭ ئارىسىدا مۇقەددەس تاجلارنى كىيدۈرۈپ ئۇلۇغلىغان ئۇ پەرىشتىنى كۈتۈۋال.

بىر خىل ھاياجان ئىچىدە لەيلەپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئاھ، سەن نەقەدەر ھەسرەتكە تولغان شادلىق ئېلىپ كەلگۈچى - ھە؟

سەن ئىشىك سىرتىدا، مەن ئىچىدە بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدۇق. بۇ تۇرۇپ قېلىش گەرچە بىردەملىك بولسىمۇ، ئۇ ماڭا بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئۇزۇن مۇساپىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بەلكىم مەن سېنىڭ راستتىنلا كەلگىنىڭگە ئىشەنمىگەندىمەن. مېنى شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت قىينىغان ھەسرەتنىڭ شۇنچە تېز ئارىدا ئاخىرلاشقىنىغا ئىشەنمىگەندىمەن.

- قېنى، ئۆيگە كىر،- سەن بىر پارچە نۇردەك سوزۇلۇپ كىرىپ كەلدىڭ. مەن خۇددى سېنى ھازىرلا چىقىپ كېتىدىغاندەك، بۇ ئۆيۈم يەنە سېغىنىشلىق غېرىبلىققا تولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ ئىشىكنى ناھايىتى تېز ياپتىمىۇ، بۇنچە چاققانلىق قىلغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم.

- مەن تېخى سېنى كەلمەسمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم،- دېدىم مەن،- سەن ماڭا لەپپىدە قارىدىڭ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىڭنىڭ ئارىسىدا بىر پايانسىز ھەسرەت لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ مىسكىن شولىسى يۈرەكنى ئېزىپ پارە - پارە قىلىۋېتەتتى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭدا شادلىق نۇرلىرى چاقنايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇ ھازىر مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭدە كۆرگەن ئەڭ قايغۇلۇق بىر سىما بولۇپ قالدى. مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھالدا تېڭىرقاپ قالدىم. كۆزلىرىڭ مېنى شۇقەدەر ھودۇقتۇرۇپ قويدى.

سېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشنىمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويدۇم.

- ئەسلى بۇنچە تېز كېلەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. بىراق ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالدى،- سېنىڭ ئاۋازىڭ ناھايىتى پەس، بۇ سۆزلەرنى ئۆزۈڭگىلا دەۋاتقاندەك چىقتى،- ئولتۇرسام بولامدۇ؟

- ھە، قېنى ئولتۇر،- مەن شۇندىلا ئېسىمگە كەلدىم. ئۆزۈمنى بۇنچە يوقىتىپ قويۇۋاتقىنىمغا ھەيران بولدۇم، بەلكىم بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتسام كېرەك. ئۆزۈمگە:

«تەمكىن بول، ئۆزۈڭنى بۇنچە يوقىتىپ قويما!» دەپ تەسەللى بەردىم. بىراق بۇنىڭ ماڭا قىلچە پايدىسى بولمايدىغانلىقى ئايان ئىدى.- قېنى چاي ئىچكىن،- مەن ساڭا قىزىل گۈل يوپۇرمىقىدىن دەملەنگەن چاينى قۇيدۇم. بۇ بىز ئىككىمىز ئورتاق ياقتۇرىدىغان چاي ئىدى. سەن ھەمىشە «قىزىل گۈل چېيى كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ، ئىرۋىنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، ئۇ يەنە ئاجايىپ مۇھەببەت قىسسىسى بىلەن تولغان» دەيتتىڭ. بىراق بۈگۈنكى چاي ئىمىشقىدۇر كۆڭۈلنى ھەسرەتكە تولدۇرۇپ، ئىرۋىنى بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىگە غەرق قىلماقتا ئىدى.

سىنىڭ كۆزلىرىڭ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان رەسىم رامكىسىغا چۈشتى. ئۇنىڭدا ئىككىمىزنىڭ بىرگە چۈشكەن سۈرىتى بار ئىدى. ئوتتۇرىمىزدا بۇلۇق ئېچىلغان بىر تال قىزىل گۈل ۋە ئەمدىلا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر غۇنچە بار ئىدى. ئۇ دەل بىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن مەزگىلىمىز بولۇپ، ساۋاقداشلار چاقىرىق كۈتۈۋاتاتتى. ئىككىمىزنىڭ ئىشىدىن خەۋىرى بار دوستلىرىمىز ئەتەي مۇشۇنداق سۈرەتكە تارتىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ئاھ، ئۇ چاغلار نەقەدەر گۈزەل چاغلار ئىدى - ھە، مەن ئاشۇ غۇبارسىز چاغلارنى ھېلىمۇ سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمەن، بىراق ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمىز ھەسرەتلىك بولدى. مەن ئالىي مەكتەپكە بېرىش چاقىرىقىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئوقۇشقا ماڭدىم. سەن ئائىلە شارائىتىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن يېزىدا قېپقالدىڭ، بىزگە شۇ گۈزەل پەيتلەردىن قېپقالغىنى مانا مۇشۇ بىر پارچە سۈرەت بولدى.

سەن سۈرەتنى قولۇڭغا ئېلىپ ناھايىتى ئۇزاق تىكىلدىڭ، گويا ئۇنىڭدىن ئاشۇ ۋاقىتتىكى غەمسىز چاغلىرىڭنى كۆرۈۋاتقاندەك ئىدىڭ.

- ئۇ كۈنلەر ئەجەب گۈزەل ھەم غەمسىز ئىدى - ھە؟! مەن ئاشۇ كۈنلەرنى بىر قايتىپ كەلسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىپ كېتىمەن.

- بۇ مۇمكىن ئەمەس، بىزنىڭ ئەمدى ئۇنداق كۈنلىرىمىز بولمايدۇ،- سۆزلىرىڭ گەرچە توغرا بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن لەيلەپ چىقىۋاتقان ھەسرەتلىك تۇيغۇ مېنى تولىمۇ بىئارام قىلدى.

- گەرچە ئۇ كۈنلەرنىڭ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، بىراق بىزنىڭ ئاشۇنداق گۈزەل، ئەسلىگۈدەك كۈنلىرىمىز بولغان، بىز يەنە ئاشۇنداق ياشىساق بولىدىغۇ؟!

سەن ناھايىتى ئازابلىق ھالەتتە قولۇڭدىكى رەسىم رامكىسىنى تەتۈر ئۆرۈپ قويدۇڭ. گويا ئاشۇ ھالىتىڭ بىلەن بارلىق ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك، ياكى ئارىمىزدىكى بارلىق ئەسلىمىلەرگە خاتىمە بەرمەكچى بولغاندەك قىلاتتىڭ. بۇ ئىشتىن يۈرىكىم بىر ئىشنى سەزگەندەك بولدى، ئەجەبا بىزنىڭ ھېلىقى چاغدا دېيىشكەن سۆزلىرىمىز يالغان بولغىيمىدى، ئەجەبا سەن ئاشۇ چاغلارنى ئۇنتۇپ قالغانسەنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بارلىق گۈزەل ئەسلىمىلەرنى تەتۈر ئۆرۈپ قويىسەن؟! مەن نېمىنى خاتا قىلغان بولغىيدىم؟! مەن بىزنىڭ بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىمىز ئىچىدىن ئۆزۈمنىڭ خاتالىقىنى ئىزدەشكە باشلىدىم، خىيالىم ئاشۇ بۇرۇنقى چاغلارغا ئۇزۇپ كەتتى.

ئۇ چاغلار ھاياتىم گويا يېڭى ئېچىلغان گۈلگە ئوخشاش شېرىن ھەم خۇش پۇراق ئىدى. ئۇ گەرچە سېنى سېغىنىش ۋە ئەسلەش بىلەن تولغان ۋاقىتلار بولسىمۇ، بىراق ئۆزۈمدە قىلچە يېرىملىق، يوقىتىش ھېس قىلمايتتىم. مېنىڭ مەكتەپ ھاياتىم ئۆگىنىش ۋە سېنى سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن قەلبىمگە خۇشاللىق بېغىشلايتتى. مۇشۇنداق ھالەتتە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن زارىقىش ئىچىدە ھەر ھەپتىدە سېنىڭ خۇشاللىق بىلەن تولغان خەتلىرىڭنى كۈتەتتىم. ھەر قېتىم خەت كەلگەندە ھاياجان بىلەن يۈرىكىمگە باساتتىم. يۈرىكىم كۆزلىرىمدىن بۇرۇن ئۇنى ئوقۇۋالاتتى، يۈرىكىمدە بىر شېرىن كۈي ئېقىمى پەيدا بولاتتى. ھېس - تۇيغۇلىرىم ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق دەقىقىلىرىگە سىغمايتتى. بىراق كېيىنكى كۈنلەردە بۇ خەتلەر ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ماڭا ئۇنداق بىر خەتنى يازىدىغان ئادەممۇ بۇ دۇنيادا بولمىغاندەكلا ئىدى. مەن بۇنىڭدىن چەكسىز ھەيران بولدۇم، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئەجەبا سەن مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنسەنمۇ؟ ياكى بىزنىڭ سۆيگۈمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر كۈچ يوللىرىڭنى توسۇپ قويغانمىدۇ؟! ياق، بىزنى ھېچقانداق بىر

كۈچ تۇسۇپ قالالمايدۇ. بىز مەڭگۈ بىر - بىرىمىزنىڭ سۆيگۈ ناۋالىرى ئىچىدە بىر - بىرىمىزگە پىچىرلاپ ئۆتىمىز.

خەتلىرىڭ كەلمىگەنسىرى تەتىل كۈنلىرىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدىم. يۈرىكىم نامەلۇم ئازابتىن پۇچىلىناتتى. ئاخىر كۈتكەن كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. قەپەستىن قويۇۋېتىلگەن قۇشتەك ئۇچۇپ يۇرتقا قاراپ ماڭدىم. قەلبىمگە ئەندىشە ھەم خۇشاللىق ئارىلاشقانىدى. بىراق سەن بىلەن بۇنداق ھالەتتە ئۇچرىشارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. سەن مەھەللىمىزنىڭ سىرتىدىكى يول ئېغىزىدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇپسەن، سەن داۋاملىق ئاشۇ جايدا مېنى كۈتەتتىڭ. يول چېتىدىكى ئورمانلىق بىزگە سۈكۈت ئىچىدە تىكىلىپ تۇراتتى. سەن گويا ھېچنەرسىنى كۆرمىگەندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇراتتىڭ، مەن سېنىڭ بۇ خىل ھالىتىڭنى پەقەتلا چۈشەنمىدىم. بىر تال يوپۇرماق شىلدىرلاپ يەرگە تۆكۈلدى، قەلبىم مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى، يوپۇرماقنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇزاق قارىدىم، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا سۈزۈك كۆز يېشى ئېقىۋاتقاندەك كۆرۈندى. بۇ ياشلار شۇنچىلىك شېرىن، شۇنچىلىك ھەسرەتلىك ئىدى. مەن بارا - بارا پۈتۈن سىزگۈمنىڭ ئازابلىق كۈيگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. ئاستا يوپۇرماقنى تاشلىۋەتتىم، گويا ھاياتىمدىكى بىر پارچە قايغۇ، بىر پارچە ھەسرەتنى تاشلىۋەتمەكچى بولغاندەك.

بۇ يەردىكى بىر ھەسرەتلىك چۈش، ھەسرەتلىك ھېكايە ماڭا ئاستا شىۋىرلاۋاتاتتى. ئەجەبا، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىممۇ؟ بۇ نېمىدېگەن ھاماقەتلىك - ھە؟

شۇ كۈندىكى مەنزىرىلەر بىر - بىرلەپ قەلبىمنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. سەن شۇ چاغدا مېنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالغان، ھەم چۆچۈپ كەتكەندىڭ.

- قاچان قايتىپ كەلگەندىڭىز؟ مەن سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن،- كۆزۈڭدىكى تەئەججۈپ، ھەيرانلىققا قوشۇلۇپ يەنە بىر خىل خۇشاللىقمۇ تەڭ لەيلەپ چىقتى.

- كەلگىلى ئۇزۇن بولمىدى، ماشىنىدىن چۈشۈپلا بۇ يەرگە كېلىشىم،- مەن بېسىۋالغىلى بولمايدىغان قايغۇ ۋە ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردىم.

- ئوقۇشىڭىز تۈگىدىما؟- سەن راستىنلا ھېچنېمىنى بىلمىدىڭمۇ ياكى بىلسەڭمۇ بىلمەسلىككە سېلىۋالدىڭمۇ بىلمىدىم، بەلكىم ئېسىڭ جايىدا بولمىسا كېرەك.

- يەنە ئىككى يىل ئوقۇيمەن،- سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېمىدىم. بۇ يەرگە كېلىشىڭنىڭ سەۋەبىنى ئامال بار ئېغىزغا ئالغۇم يوق ئىدى. سەن بىر شاخنى قايرىدىڭ، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر تال يوپۇرماقنى ئۈزۈۋالدىڭ. مېنىڭ يوپۇرماققا ئىچىم ئاغرىدى، چۈنكى ئۇ ھايال ئۆتمەي بارماقلىرىڭ ئارىسىدىن ئاستا سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى. شۇ چاغدا مەن قولۇڭدىكى يالتىراپ تۇرغان ئۈزۈككە قاراپ بەك ئازابلاندىم، ئۇ ھەرگىزمۇ مەن ھېلىقى چاغدا قولۇڭغا سېلىپ قويغان ئۈزۈككە ئوخشىمايتتى. سەن بۇنى سەزدىڭ، قولۇڭنى يوشۇرماقچى بولغان بولساڭمۇ ئۈلگۈرەلمىدىڭ.

- مېنى كەچۈرۈڭ، ئۈزۈكىڭىزنى سالالمايدىغان بولدۇم،- ئاۋازىڭ تولىمۇ زەئىپ، مىسكىن ئىدى. ئۇنى قولاق بىلەن ئاڭلىدىم دېگەندىن كۆرە، تۇيغۇم شۇنداق بىر تاۋۇشنى ھېس قىلدى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

- چۈشەندىم،- مەن ئەلەم بىلەن لېۋىمنى چىشلىدىم. بۇ مەن ئەنسىرىگەن رېئاللىق ئىدى. لېكىن بۇنچە تېز بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

- سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ!- سەن ھېلىقى كۆز ئالدىڭدىكى شاخنى ئەلەم بىلەن يىرىۋەتتىڭ. بۇ ئازابتىنمۇ، غەزەپتىنمۇ بىلمىدىم.

- ئۇنتۇش شۇنچە ئاسانمۇ، ئۇ ساڭا ئوڭاي بولغان بىلەن ماڭا ئوڭاي چۈشمەيدۇ.

- بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟- سەن ئۇۋال بولغاندەك ھالەتتە ماڭا تىكىلدىڭ،- مەن سىزنى قاچان ئۇنتۇپتىمەن، قاچان ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن، مەن سىزنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن.

- ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ماڭا خەت يازمايسەن، نېمە ئۈچۈن باشقا بىرىنىڭ سوۋغىسىنى بارمىقىڭغا سېلىۋالىسەن؟ سەن بىردىنلا كۆز

خازانلىرىدەك تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتىڭ. سېنىڭ بۇ يىغاڭنىڭ ئارقىسىدا بىر پايانسىز ھەسرەتلىك دۇنيا لەيلەپ تۇراتتى.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئەمدى سىزگە مەنسۇپ ئەمەسمەن، باشقا بىرىنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەنمەن. شۇڭا سىزگە ھەقىقىي ھېسسىياتتا خەت يازالمىدىم. قەلبىمدىكى ھەسرەتلەرنى ئىلاجىسىز ئىچىمگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ سىزگە خەت يازالايمەن؟!

بېشىمدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. دۇنيادىكى بارچە ئازابلار بىر بولسىمۇ بۇنچە دەھشەت بولماس ئىدى. بۇ رېئاللىق مېنى ئازابلاپ پۇتۇنلەي ساراڭ قىلىۋەتتى.

— ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس،— مەن بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىۋەتتىم، ئەتراپ سۈكۈت ئىچىدە ئىدى. غەزەپ بىلەن ئالدىمدىكى بىر دەرەخنى ئۇردۇم، قولۇم ھېچنەرسىنى سەزمەيتتى. سەن ئامالسىز ھالەتتە ماڭا قاراپ تۇراتتىڭ. كۆزۈڭگە غەزەپ بىلەن تىكىلدىم.

— نېمە ئۈچۈن! زادى نېمە ئۈچۈن؟ ماڭا نېمىشقا ۋىجدانسىزلىق قىلىسەن،— سەن يەنىلا جىمجىت ھالەتتە تۇراتتىڭ.

— مېنى تىللاڭ، ئۇرۇڭ، بولسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭ،— سەن شۇنداق دەپلا بىردىن ئېسەدەپ يىغلىۋەتتىڭ،— شۇنداق قىلسىڭىزلا مەن بۇ ئازابتىن قۇتۇلالايمەن.

قەلبىم ئېچىنىشقا ئوخشاش بىر يىغىغا تولدى، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن، ئۆزۈم سۆيگەن بىر قىزنى ئاشۇنداق ئاچچىق تىللار بىلەن تىللىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم. ئاھ، قەلبىمدىكى مۇھەببەت شۇقەدەر پاك، بىغۇبار ئىدىغۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇنداق ھاقارەت قىلىمەن؟!

— مېنى كەچۈر، نېمىشقا شۇنداق دەپ سالغىنىمنى بىلمەيمەن.

— ياق، سىز شۇنداق دېيىشكە ھەقلىق، چۈنكى سىز بىر قىزغا ساپ ھېسسىياتىڭىزنى سەرپ قىلغانىدىڭىز، بىراق ئۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزنى خورلۇق بىلەن تولدۇردى. ئۇنىڭغا قانچە لەنەت ياغدۇرسىڭىزمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

— دۇنيا ھەرقانچە بىمەنىلىكلەر بىلەن تولسىمۇ مېنىڭ مۇھەببىتىم مەڭگۈ ساپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئاشۇ سۆزلىرىم ئۈچۈن ئۆكۈنمەن.

— ئۆكۈنۈش توغرا كەلسە، مەن ئۆكۈنۈشۈم كېرەك، چۈنكى مەن ئۆز مۇھەببىتىمنى ساپ پېتى قوغدىيالمىدىم. تۇرمۇش مېنى يۈزسىزلىك قىلىشقا مەجبۇرلىدى. سىز ئوقۇشقا كېتىپ كېيىنكى يىلى دادام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. داۋالىتىشقا نۇرغۇن پۇل كەتتى. قەرزلەرنى قايتۇرىدىغان ۋاقىت كەلگەندە بىساتىمىزدا ھېچنەرسە قالمىغانىدى. ئاخىر ئۆيدىكىلەر ئىلاجىسىز دوستىڭىز مەردانىنىڭ تويلۇقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن، دادام يېڭىلا كېسەلدىن تۇرغاندا ئۇنى يەنە ئۆلۈم چاڭگىلىغا ئىتتىرەلمىدىم، شۇڭا ئامالسىز بۇ تويغا يىغلاپ تۇرۇپ ماقۇل بولدۇم. بىراق سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بىر ۋىجدانسىز، ئاسىي قىزغا ئايلىنىپ قالدىم. پەقەت مېنى چۈشىنىشىڭىزنى تىلەيمەن، باشقا ئۈمىدىم يوق.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. تەقدىرنىڭ ماڭا بۇنچە رەھىمسىزلىك قىلىدىغانلىقىنى، مۇھەببەتنىڭ بۇنچە ئېغىر بەدەل تۆلەتكۈزىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن. قەلبىم سۈكۈتكە پاتتى. ئەمدى سېنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئەيىبلىيەلمەيتتىم. پەقەت تەقدىرنىڭ ئۈستىدىنلا ئېچىنىشلىق زارلىناتتىم. قەلبىمنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن ئېچىلغان دېرىزىلىرى مەجبۇرىي تاقىۋېتىلگەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن پەقەت ئازابلىق ھەم ھەسرەتلىك شولىلارلا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قەلبىمنىڭ يىغلىرىغا قۇلاق سېلىپ قانچىلىك ۋاقىت تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم.

— ھۇ رەسۋا، بۇزۇق، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟— كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئەھۋاللاردىن ھودۇقۇپ قالدىم. سەن گويا يامغۇردەك تېگىۋاتقان تەستەكلەرگە پەرۋا قىلمىغاندەك قىلچە قارشىلىقسىز تۇراتتىڭ. سەن بۇلارغا نىسبەتەن قىلچە سېزىمى يوق ئۆلۈك تەن ئىدىڭ. توغرا، سەن ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچە سېزىمگە ئىگە ئەمەس بىر مۇردا ئىدىڭ. سېنىڭ كۆز ئالدىمدا بۇنداق

www.uyghurkitap.com


ھاقارەتلىنىشىڭگە چىداپ تۇرالمىدىم. شىردەك ئېتىلىپ باردىم. بىراق توختاپ قالدىم. چۈنكى ئۇ ھازىر سىنىڭ قانۇنلۇق ئېرىڭ ئىدى.

– قولۇڭنى تارت، – مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم. مەردان سېنى ئۇرۇشتىن توختاپ ماڭا تىكىلدى. بۇ كۆزلەر نەقەدەر تونۇش - ھە؟ ئۇ مېنىڭ كىچىكىمدىن بىرگە ئۆتكەن يېقىن دوستۇم، بارلىق دەرد - ھەسرەت، شادلىقىمنىڭ شاھىدى، ھەتتا ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىدىن ئەڭ تولۇق خەۋەردار كىشى ئىدى. مەردان مېنىڭ كۆزلىرىمدىن دەرھال ئۆزىنى قاچۇردى. ئەمما ھايال ئۆتمەي ئەسلى ھالىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھودۇقۇش بىلەن بىرگە يەنە ھارامزادىلىكمۇ تەڭ چاقنايتتى.

– ئەسلى سەنكەنسەن - دە! قاراپ تۇرۇپ دوستۇڭنىڭ ئايالىغا قانات سۆرەپ بۇزۇقچىلىق قىلىشىۋېتىپسەن - ھە؟

غەزەپتىن چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى. نەپرەت بىلەن مۇشتۇمنى تۈگدۈم. بىراق شۇ چاغدا دەھشەت بىر ئاغرىق مېڭەمگە تارىدى. ئەسلىدە مەن باياتىن قولۇمنى دەرەخكە ئۇرغاندا بارماقلىرىم سۇنغانىكەن، قەلبىمدىكى ئازابنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن. بىراق ئەمدى دەھشەتلىك ئاغرىقتا ئىدى.

– ئۆز ئايالىڭغا مۇنداق ھاقارەت قىلىشتىن ئۇيالمامسەن، پەسكەش.

– پەسكەش؟! پەسكەش دېسە سېنى دېسە بولىدۇ، ئۆز دوستىغا خىيانەت قىلغان ئادەمدىنمۇ ئۆتە پەسكەش يوق.

– توغرا دېدىڭ، كىم كىمگە خىيانەت قىلغانلىقى ھەر ئىككىمىزگە ئايان. بىراق مەن ساڭا ئوخشاش نومۇسسىزلىق بىلەن قەلبىمنى بۇلغاپ يۈرمەيمەن. شۇڭا بىزگە ھاقارەت قىلىشنى توختات.

– ھاقارەت قىلسام ئۆز ئايالىمنى ھاقارەتلىدىم، ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيدۇ. ئۇرسام ئۆز ئايالىمنى ئۇردۇم. سەن نېمە قىلالايتتىڭ، – مەردان بىر خىل مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن ماڭا قارىدى.

– ئۇنى ئۇرۇشقا رۇخسەت يوق.

– ئۇرىمەن قانداق، – ئۇ بۇرۇلۇپلا سېنى ئۇرۇشقا باشلىدى. سەن خۇددى تايانچىسىز قالغان قۇش بالىسىدەك پالاقشىيتتىڭ. غەزىپىم چېكىگە يەتتى. ساق قولۇم بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ ئۆزۈمگە قاراتتىم ۋە كېلىشتۈرۈپ كاللا قويدۇم. ئۇ خۇددى بىر پارچە ئەسكى پالازدەك ئۈچۈپ كەتتى، ئارقىسىدىن بېرىپ بىرقانچىنى تېپىۋەتتىم. بارلىق غەزىپىم پۇت - قولۇمغا يىغىلغانىدى. ھەر قېتىم ئۇنى تەپكىنىمدە قەلبىمدىكى ئازابلار يېنىكلىگەندەك بولاتتى. سەن بىردىنلا قولۇمغا ئېسىلدىڭ.

– بولدى ئۇرماڭ، – چىپپىدە توختاپ قالدىم. شۇ چاغدا نېمىشقا تۇرۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. خۇددى مۇقەددەس بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندەك قېتىپ قالغانىدىم. مەردان ئورنىدىن تۇرۇپ ئاغزىدىكى قاننى ئېرتىۋېتىپ تويۇقسىز ماڭا مۇشت ئاتتى. ئاغزى - بۇرنۇمدىن قان ئېتىلىپ چىقتى، شۇ چاغدىمۇ مەن ئۇنىڭغا قول ياندۇرمىدىم. چۈنكى سىنىڭ «ئۇرماڭ» دېگەن ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزۈڭ مېنى پۈتۈن ھەرىكەت - سەزگۈمدىن مەھرۇم قىلغانىدى. مەردان بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ مېنى ئۇرماقتا ئىدى. ھەر ئىككىمىزگە ئايان، ئۇنىڭ ئەزەلدىن ماڭا كۈچى يەتمەيتتى. بىراق ئۇ ھازىر نېمە قىلسا يوللۇق ئىدى. ئەسلىدە مەن يوللۇق ئىدىم، بىراق سىنىڭ بىر ئېغىز پەرمانىڭ بىلەن ئۇ يوللۇق بولۇپ قالدى.

سەن ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدىڭ.

– بولدى قىلىڭلار، ئۇرساڭلار مېنى ئۇرۇڭلار. مەردان بىردىنلا توختىدى.

– خەپ، سەن بىلەن كېيىن ھېسابلىشىمەن، ھەممىنى قىلغان سەن رەسۋا. مەردان شۇنداق دەپلا سېنى يەنە ئىككى تەستەك سېلىۋەتتى. بۇ يەردە بىر پاك مۇھەببەت خارلىنىۋاتاتتى.

ئۇ سېنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. كۆز ئالدىمدىن سېنى يات بىراۋنىڭ ئېلىپ كېتىۋاتقىنىغا پەقەت چىداپ تۇرالمىدىم. بېرىپلا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغۇم كەلدى. بىر ئاشىق ئۈچۈن مەشۇقىنىڭ كۆز ئالدىدا خورلىنىشىدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمىدۇ. مەن سىنىڭ ئاستا - ئاستا ئۇزاپ كېتىۋاتقان گەۋدەڭگە قاراپ ئازاب ئىچىدە نىدا قىلدىم. ئېھ، تەڭرى! سىنىڭ دوزىخىڭ مۇشۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىكمۇ؟

ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا ئۇنىڭ

دائىم سېنى ھاقارەتلىگەن، ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرسىلا ھېچ سەۋەبسىز سېنى ئۇرۇپ كېتەتتى. سېنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزغۇم كېلەتتى، بىراق ئامالسىز ئىدىم.

بىر كۈنى چۈشتە سېنى مەھەللىمىزدىكى چوڭ كۆلنىڭ بويىدا ئۇچراتتىم. سەن ھېچنەرسىدىن بىخەۋەر ھالەتتە كۆل ئىچىدىكى سۈپسۈزۈك ئاسماننىڭ شولىسىغا تىكىلىپ تۇرۇپسەن. ئاستا يېنىڭغا كەلدىم، كۆل ئىچىدە بىر جۈپ سايە پەيدا بولدى. بۇ ئىككىمىزنىڭ سەن توي قىلىپ ئىككى يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم يالغۇز ئۇچرىشىشىمىز ئىدى. سەن چۆچۈپ ماڭا قارىدىڭ ۋە بۇرۇلۇپلا كەتمەكچى بولدۇڭ.

— توختاپ تۇر، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، — سەن چېپپىدە تۇرۇپ قالدىڭ، — ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ قىينىما، مەرداندىن ئاجرىشىپ كەت. ئەمدى ئوقۇشۇممۇ تۈگىدى. سېنىڭ داۋاملىق خارلىنىپ، ئازاب چېكىشىڭنى خالىمايمەن.

سەن بۇلاقتەك كۆزلىرىڭنى ماڭا تىكتىڭ.

— بولدى، ئۆزىڭىزنى ئالدىماڭ، ئەگەر ماڭا ياردەم قىلماقچى بولسىڭىز بۇ يەردىن كېتىڭ. سىز كەتسىڭىز ئۇ مېنى خارلىمايدۇ. بۇ سىزنىڭ ماڭا ئەمەس، بىچارە كېسەلمەن دادامغا قىلغان ياردىمىڭىز بولۇپ قالسۇن. دادام مېنىڭ بەختسىز بولۇپ قالغىنىمغا ئېچىنىپ داۋاملىق ياش تۆكىدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ يەردىن كېتىڭ.

سەن شۇنداق دەپلا يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدىڭ. كۆل بويىدا بىر جۈپ قۇرۇق چېلەك بىلەن مەن قالدىم. قەلبىممۇ ئاشۇ چېلەككە ئوخشاش قۇپقۇرۇق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن بۇ يېزىدىن كەتتىم. مەن بارلىق مەغلۇبىيىتىمنى ۋە ھەسرىتىمنى بىرگە ئېلىپ قايتتىم. بۇ، ئېرىشكىنىم ۋە يوقاتقىنىم ئۈچۈنمۇ ئۆكۈنۈش ھېس قىلىدىغان مەغلۇبىيەتلىك سەپەر ئىدى. مەن ھامان ئۆزۈمگە يۈزلەنگەن ئاشۇ مەغلۇبىيەت ئىچىدە سېنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئۈمىدلىنىپ كەلگەندىم، بىراق سېنى شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت كۈتۈپ كېتىدىغىنىمنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

ئۇ كۈنى گۇگۇم چۈشكەن، تۇن يۇلتۇزلىرى ئەتراپقا غۇۋا نۇر چېچىپ تۇرغان چاغ ئىدى. سەن تۇيۇقسىز پەيدا بولدۇڭ. مەن سېنىڭ شەپقەتسىز ھالەتتە قايتىپ كەلگىنىڭدىن ھەيران قالدىم.

— مەن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىمەن، مەن بارلىق دىل جاراھەتلىرىم ۋە ئازابلىرىمدىن خوشلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قەتئىي ئاجرىشىمەن، — سەن كىرە - كىرمەيلا ئاشۇنداق دېدىڭ. سەن بۇ سۆزنى ماڭا ئەمەس، باشقا بىر ئادەمگە ئېيتقاندەك سۆزلىدىڭ. مەن ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ قالدىم.

— قېنى، كېلىپ ئولتۇر، بۇنچە كەچتە بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ بۇنى ئېرىڭ بىلەمدۇ؟

— ئېرىڭ، — سەن ماڭا ناھايىتى قورقۇنچلۇق ھالەتتە تىكىلدىڭ، — مېنىڭ ئەزەلدىن ئېرىم بولۇپ باققان ئەمەس. ئەگەر بار بولسا ئۇ دەل سىز. مېنىڭ ئاتالمىش ئېرىم پەقەت ئاتاقتىكىلا ئېرىم. ئۇ پەقەت دادامنىڭ زورى بىلەنلا ماڭا ئەر بولغان. بىراق ھازىر دادام بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ قىرىق كۈن ئىلگىرى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. دېمەك، توساق تام ئۆرۈلدى. شۇڭا ماڭا نىسبەتەن ئەر دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. مەن ئۆرۈلگەن تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە ماڭا مەنسۇپ بىر مۇھەببەتلىك ماكاننىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا كېچە - كۈندۈز شۇ يەرگە تەلپۈنۈپ ياش تۆكۈپ كەلدىم. ئەمدى قانات - قۇيرۇقۇم يېشىلدى. مېنى ھېچكىم تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. مەن بۈگۈن سىزگە شۇنى بىلدۈرگىلى كەلدىم. ئەمدى مەن سىزگە مەنسۇپ.

سەن شۇنداق دەپلا ئارقىڭغا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تەمشەلدىڭ. سېنىڭ كېلىشىڭ شۇنچە تۇيۇقسىز بولغاندەك كېتىشىڭمۇ شۇنچە تۇيۇقسىز ئىدى.

— توختاپ تۇر، سەن مۇنداقلا كەتمەكچىمۇ؟

— ئەسلىدە مەن بۇ يەرگە مەڭگۈ كەتمەسلىك ئۈچۈن كەلمەكچى ئىدىم. بىراق ئۇنىڭغىچە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم. مېنى ئەپۇ قىلىڭ. بۇ قېتىم مەن مەڭگۈ كەتمەس بولۇپ كېلىمەن. مېنى كۈتۈڭ، — سەن شۇنداق دەپلا چىقىپ كەتتىڭ. بۇ ئىش شۇنداق تۇيۇقسىز بولدىكى، مەن بۇنىڭ رېئاللىق ياكى چۈش ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقالماي قالدىم. مانا ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى، سېنى زارىقىش ئىچىدە كۈتكىلى. سېنى شۇنچە ئۇزۇن ساقلاپ كېتەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. بۈگۈن يەنە ئويلىمىغان رەۋىشتە تۇيۇقسىز پەيدا بولدۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن سەن تەتۈر ئۆرۈپ قويغان سۈرەتنى قولغا ئالدىم. بۇ سۈرەت مېنىڭ تالايلىغان دىلبەرسىز كېچىلىرىمگە ھەمراھ بولغانىدى. بۇ سۈرەتنىڭ مېنىڭ قانچىلىغان يالغۇزلۇق ۋە ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىمغا ھەمراھ بولغىنىنى سەن بىلمەيتتىڭ.

- سىرت سوغۇقمۇ؟

- ئانچە ئەمەس، ئەمما قەلبىم مۇزلاپ كەتتى.

مەن ھاۋا رايى بىلەن قەلبىڭنى بۇنداق بىرلەشتۈرۈۋېلىشىڭنى چۈشەنمىدىم، ئۇنىڭ قانداق مەنىسى بارلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم.

- سېنى بەك ئۇزۇن ساقلاپ كەتتىم.

- مېنى ئەپۇ قىلىڭ، سىزگە بەك كۆپ قەرزدار بولۇپ كەتتىم، مەن بۇ قەرزلەرنى بۇ ئۆمرۈمدە تۆلەپ بولالمايدىغان ئوخشايمەن.

- ئۇنداق دېمىگىن. بىزنىڭ ئارىمىزدا پەقەت مۇھەببەتلا بار، باشقىسى مەۋجۇت ئەمەس.

- سىزنى بۇنچە ساقلىتىۋەتمەسمەن دەپ ئويلىغان، بىراق ئىشلار ئويلىغىنىمدەك بولمىدى.

- يېقىندىن بېرى ئەھۋالىڭ قانداق؟

- ئەسلىدە قېنىپ يىغلىۋالغۇم بار ئىدى، بىراق بىردەم بولسىمۇ دىلىڭىزنى ئەزمەي دېدىم.

- بولدى كۆڭلۈڭنى بۇزما، بۇ كۈن ھەممىمىزگە بار،- مەن بىردىنلا بۇ تەسەللىي سۆزۈمنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. سەن بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىڭ، مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم.

- بىز نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىمىز، ھاياتىمىز ئازاب ئىچىدە ئۆتتى، بىر قېتىم بولسىمۇ بەختنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلماي ئۆتۈپ كېتەرمىزمۇ؟ ھەر قېتىم مەن سىز بىلەن بىللە بولغاندىلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ئىچكى ئازابتىن قۇتۇلغانلىقىنى ھېس قىلىمەن، بىراق بۇنداق دەقىقىلەر ماڭا ناھايىتى ئاز نېسىپ بولدى.

- ئەگەر سەن خالىساڭلا بۇ ناھايىتى ئاسان.

سەن نۇرغۇن قېتىم خىيالىمدا ماڭا قول پۇلاڭلاتقاندەك قىلغانىدىڭ. بىراق رېئاللىقتا مەن سېنىڭ ناتىۋان بىر گۈل ئىكەنلىكىڭنى، ساڭا قول تەگكۈزسەملا توزۇپ كېتىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، شۇڭا سېنى ئۆز ئەركىڭگە قويغانىدىم، سېنىڭ ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كېلىشىڭنى كۈتكەنىدىم. بەلكىم ئەمدى تەقدىر سېنى مۇھەببەتلىك قوللىرىم بىلەن قۇچاقلاشقا نېسىپ قىلار.

- ئۆتكەن كۈنلەر خۇددى قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشاش مېنى داۋاملىق ئازابلايدۇ. بىلەمسىز، مەن ھەرگىزمۇ كۆز يېشى ئىچىدە تاۋلانغان گۈل ئەمەس، بەلكى ئاللىبۇرۇن توزۇپ كەتكەن گۈل. بىز مۇشۇ سۈرەتكە چۈشكەن ۋاقىتتىلا بىزنىڭ تەقدىرىمىز بەلگىلىنىپ بولغانىكەن.

- نېمىشقا مۇشۇنداق پەيتلەردە بۇنداق ئۈمىدسىز سۆزلەرنى قىلىسەن، كۆڭۈلنى ئازابلايدىغان ھەرقانداق ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك. بىز ئەمدى بەختلىك كۈنلەرنى قايتىدىن يارىتىشاق بولىدىغۇ،- مەن ھاياجانلانغان ھالدا قوللىرىڭنى ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئالدىم، بۇ قوللار شۇ قەدەر سوغۇق ئىدىكى، مەن بۇنىڭدىن ھەيران قالدىم. بىر چاغلاردا ئۇنىڭدىن تارىلىپ تۇرىدىغان چوغدەك ھارارەت ئەمدى قەيەرگىدۇر يوقالغانىدى. مەن بۇ قوللارنىڭ تىترىشىدىن يۈرىكىڭنىڭ ھاياجانلىق سوقۇشىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. شۇ دەقىقە ئىچىدە بۇ دۇنيا ماڭا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. سەن قوللىرىڭنى ناھايىتى تۇيۇقسىز تارتىۋالدىڭ، مەن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم، كۆزۈڭدە مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

- ساڭا نېمە بولدى؟ مەن بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويدۇممۇ؟- مەن ھەيرانلىقتىن تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭ يەنىلا توختاۋسىز قۇيۇلماقتا ئىدى.

- مەن سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سورايمەن. بىزنىڭ بۇ دۇنيادا بىرگە ئۆتۈشىمىز مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ،- سەن تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىڭ، مەن تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدىم.

- بۇ نېمە دېگىنىڭ، سەن ھەممە توسالغۇ تۈگىدى، مەن يېنىڭدىن مەڭگۈ كەتمەسلىككە كېلىمەن دېمىگەنمىدىڭ، ئەجەبا بۇ يالغانمىدى.

- ياق، ئۇ يالغان ئەمەس. بىراق سىز ھازىر مېنىڭ ھالىتىمنى چۈشەنمەيسىز.

- مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە بەرىبىر، پەقەت سەن بولساڭلا بولدى.

- بىراق مەن سىزگە مەنسۇپ بولالمايمەن.

ـ سەن مېنى ياخشى كۆرسەن، شۇنداقمۇ؟

ـ ھەئە، ـ سەن كۆزلىرىڭدە ياش يۇقى ھالدا جاۋاب بەردىڭ، ـ مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق. بىراق سىزگە ئۆزۈمنى بېغىشلىيالمايمەن. كەچۈرۈڭ. مەن سىزنى يەنە ئازابلاپ قويىدىغان بولدۇم.

ـ بۇ نېمە گەپ. مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىمغۇ؟

ـ مەن ئۆمرۈمنى بىر ئۆمۈر ئۆزۈم ياخشى كۆرمەيدىغان ئاشۇ ئەرگە بېغىشلاپ ئۆتىدىغان ئوخشايمەن. بىلەمسىز، ئۇ مېنى خۇددى سىز ياخشى كۆرگەندەكلا ياخشى كۆرىدۇ، قەدىرلەيدۇ، بىراق ئۆز ئايالىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقانلىقىنى ئويلىسا قاتتىق رەشىكتە پۇچىلىنىپ ماڭا قاتتىق زۇلۇم قىلىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم مېنى ئۇرۇپ بولۇپلا يەنە ئارقىدىن تىزلىنىپ تۇرۇپ ئەپۇ سورايدۇ. مەندىن ئايرىلسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھېچ بىلمىدىم، ئىنساننىڭ ماھىيىتى نەقەدەر زىددىيەتلىك ـ ھە؟ ئۇ مېنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ھەممە ئىشلارنى قىلىپ باقتى، ھەتتا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى. بىراق بۇ ئىشلار مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىمنىلا ئويغىتىدۇ، خالاس.

مەن ھېلىقى چاغدا سىزنىڭ يېنىڭىزدىن بىرىپ ئۇنىڭغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويدۇم. ئۇ ئۇزۇن سۈكۈتتە تۇردى، ئاندىن قوشۇلدى. مەن ئۇنى بۇنچە ئاسان قوشۇلار دەپ ئويلىمىغانىدىم، ئۇ ئەمدى بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا مەڭگۈ بىرلىشىش بولمايدىغانلىقىنى، مېنى مەڭگۈ ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. بىز ئاخىر ئاجرىشىپ كېتىشكە قول قويۇپ چىقىپ ھەر ئىككىمىز ئىككى تەرەپكە يول ئالدۇق. مېنىڭ قەلبىمدە يا شادلىنىش، يا قايغۇرۇشقا ئوخشىمايدىغان بىر خىل تىنپتىنچ ھېسسىيات بار ئىدى. مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئايالى دەپ قارىغان ئەمەس. شۇڭا قەلبىمدە بىر ئايالنىڭ ئاجراشقاندىكى ھېسسىياتى پەيدا بولمىدى. ئۇ بىر پەس مىڭىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ بەلكىم قەيەرگە بېرىشنى ئۇقمىسا كېرەك، ئەمما مېنىڭ ماڭىدىغان يولۇم ئەزەلدىن ئېنىق ئىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ماشىنا ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، كىشىلەر بىزنىڭ ئاجراشقانلىقىمىزدىن بىخەۋەر بولغاچقا، مېنى يەنىلا ئۇنىڭ ئايالى دەپ قارايتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خېلى ۋاقىتقىچە نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. ئۇ گەرچە ماڭا چەكسىز ئازابلارنى سالغان بولسىمۇ يەنىلا مېنى ياخشى كۆرەتتى، مېنىڭ باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرگىنىمگە چىدىماي ئازابلىناتتى، ئەمما مېنى ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈن يەنە مەندىن ئەپۇ سورايتتى. ئۇ ھەقىقەتەن مەندىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن ئىبارەت بۇ رىئاللىقنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئېسىگە كەلگەن، ئۆزىنىڭ مەنىسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئاخىر بۇ يولنى تاللىغانىدى. مېنىڭ نەزىرىمدە مۇھەببەت ئۇلۇغ، پاك، مۇقەددەس نەرسە. ئۇنىڭغا ئۆزىنى قۇربان قىلسا بولىدۇ. لېكىن ئۇ باشقىلارنىڭ ھاياتى بەدىلىگە قولغا كەلسە، ئۇنىڭ مۇقەددەس مەنىسىگە داغ يۇقىدۇ. شۇڭا مەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ مۇقەددەس ئوبرازىغا داغ چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ساقلاپ قېلىش قارارىغا كەلدىم. بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆز ۋىسالىمىزنى چىقىش قىلساق بۇ قانداق بولار؟ مەردانىنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىندى، بىراق ئىككى پۇتى كېسىۋېتىلدى. مەن ئاخىر يەنە ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدىم. پەقەت ئۇنىڭ ئىككى پۇتى سۈپىتىدىلا قايتىپ كەتمەكچىمەن. شۇڭا دەسلەپتىلا سۈرەتنى كۆرۈپ ئۇنى تەتۈر ئۆرۈپ قويدۇم. بەلكىم سىز مېنى ئەيىبلەرسىز، مەندەك بىر قىزغا ئۇچراپ قالغىنىڭىز ئۈچۈن تەقدىرگە لەنەت ئوقارسىز، سىز ۋە مەن ئۈچۈن ئۇ سۈرەتتىكى كۈنلەر، گۈللەر مەڭگۈلۈك توزۇپ كەتتى.

سەن شۇنداق دەپلا سۈرەتنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدىڭ، كۆزلىرىمنى ياشلار توسىۋالغاچقا سېنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. سەن بارا ـ بارا كىچىكلەپ تۈن قوينىدا غايىب بولدۇڭ. خۇددى مەردان سېنى تۇتۇپ قالالمىغاندەك مەنمۇ سېنى تۇتۇپ قالالمىدىم. بۇ بىھۇدە ئۇرۇنۇش ئىدى، شۇڭا سېنى چاقىرىپ توختاتمىدىم.

بۇ كىچە تولىمۇ مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك كېچە ئىدى. قەلبىم ھەرقانچە زارلانسىمۇ ئۇنىڭ چەكسىز ھەسرىتىنى بېسىپ كېتەلمەيتتى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت، ھېچ ئىش بولمىغاندەك شۇقەدەر تىمتاس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# زوردۇن سابىر ۋە مەكىت

(ئەسلىمە)

مۇتەللىپ سىيىت



مۇتەللىپ سىيىت 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1968 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1970 ـ يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون مەكىت چاسا دېھقانچىلىق مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1974 ـ يىلدىن ھازىرغىچە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

مۇتەللىپ سىيىتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1984 ـ يىلى «دولان ياشلىرى» ناملىق كىنو سېنارىيىسى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە «دولان ياشلىرى»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئۆنتۈمايمەن گۈلسارە»، «دولان مەشرىپى»، «دولان دىيارىدا شادلىق» ناملىق كىنو ۋە تېلېۋىزىيە سېنارىيىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلغان.

«ئاممىۋى مەدەنىيەت» ناملىق كىتابى، «مۆڭگۈزدىكى ئامەت» ناملىق ئەدەبىي توپلىمى، «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى» ناملىق مۇقام تەتقىقات كىتابى نەشر قىلىنغان. «مۆڭگۈزدىكى ئامەت» ناملىق ھېكايىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ سېنارىيىسىنى يازغان چوڭ تىپتىكى بەدىئىي فىلىم «دولان مەشرىپى» 1997 ـ يىلى دۆلەت رادىئو، كىنو ـ تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئاساسلىق تەھرىرلىكنى ئىشلىگەن «شىنجاڭ مەكىت دېھقان رەسساملىرى توپلىمى»، «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» ناملىق كىتابلار نەشر قىلىنغان. 1988 ـ يىلى «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» ناملىق كىتاب دۆلەت ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ياخشى كىتاب» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

مۇتەللىپ سىيىت ھازىر «يېشىل گىرۋەكلەر» ناملىق رومانى، «مەن ئاتلىغان قىرلار» ناملىق ئەسلىمىلىرىنى يېزىۋاتىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك «مەدەنىيەت كارىدورى» نەق مەيدان يىغىنى تەييارلىقىنى؛ ئاپتونوم رايون دولان مۇقام تەتقىقات يىغىنى تەييارلىقىنى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى نەق مەيدان يىغىنىنىڭ تەييارلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

* * *

مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر پۈتۈن تالانتى، ئىلھامى، بىلىمىنى ئەل ـ خەلققە، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە بېغىشلىغان ھەقىقىي خەلق يازغۇچىسى. ئۇ پۈتكۈل ئىجادىيىتى جەريانىدا ئەل- يۇرتنى ئۇلۇغلاپ، مەدھىيىلەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى كۆپ ۋاقىتلىرى ئىلى، مەكىت، تۇرپان يېزىلىرىدا خەلق بىلەن بىرگە ئۆتكەنىدى. جۈملىدىن، زوردۇن سابىر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەكىتكە ئۈچ قېتىم باردى. شۇ جەريانىدا ئۇ خەلق تۇرمۇشىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن خەلق بىلەن بىرگە بولدى، خەلق نېمىنى يېسە شۇنى يېدى، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولدى. ئۇنىڭ مەكىت زېمىنىدا ئاياغ باسمىغان يېرى، كىرمىگەن دېھقان ئۆيى، مۇڭداشمىغان دېھقان يوق دېيەرلىك ئىدى.

زوردۇن سابىر مەكىت تۇرمۇشى ھەققىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «دولان ياشلىرى»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئېھ، توپىلىق يول»، «ئۆنتۈمايمەن گۈلسارە»... قاتارلىق 30 غا يېقىن ھېكايە، پوۋېستلارنى يازغانىدى.

زوردۇن سابىرغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، تەتقىق قىلىپ كەلگەن ئەدىب مۇتەللىپ سىيىت «زوردۇن سابىر ۋە مەكىت» ناملىق كىتابنى يېزىپ تاماملىدى. تۆۋەندە ئاشۇ كىتابنىڭ بىرقىسمىنى كىتابخانلىرىمىز ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

## تۇنجى كۆرۈشۈش

1979 - يىلى يازدا مەدەنىيەت خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن قەشقەرگە بارغانىدىم. ئىككى كۈنلۈك يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان) مەرھۇم ئەيسا شاكىر: «مەكىتتىن كەلگەنلەر قېلىپ مېنىڭ ئىشخانامغا بارسۇن، مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇش بار» دېدى. ياتاق ۋە يىغىن ئورنى قەشقەر چىنىۋاغ مېھمانخانىسىدا ئىدى. مەن يىغىن ماتېرىياللىرىمنى ياتاققا ئەكىرىۋېتىپ، ئۇدۇل قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە بېرىپ، باشقىلاردىن سوراپ، ئەيسا شاكىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. مەن ئەيسا شاكىرنى ناھايىتى سالاپەتلىك، سۈرلۈك كۆرەتتىم. شۇ سەۋەبتىنمىكىن ئىشخانىغا كىرىپ، ئەيسا شاكىرنى كۆرۈپلا تەنلىرىم جۇغۇلداپ، پېشانىلىرىمدىن تەر قۇيۇلۇپ، تارتىنىپ ئىشىك تۈۋىدىلا يەرگە قارىغانچە تۇرۇپ قالدىم. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ يالغۇز كىرگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. «ھېچ بولمىسا باشقا ناھىيىدىن كەلگەن بىرەرسى بىلەن كىرسەم بوپتىكەن، ھەجەپ سۈرلۈك ئادەم ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالدىم. مېنىڭ كىرىپلا ئىشىك تۈۋىدە يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرگەن ئەيسا شاكىر مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىكەن. ماڭا قاراپ كۈلۈپ كېتىپ:

- توپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغان دولانلىق، بۈگۈن ھەجەپ تارتىنىپ قالدىڭغۇ؟ سافاغا كېلىپ ئولتۇر، سەن بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار، - دېدى، مەن ئەيمىنىپ تەسلىكتە سافاغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

- زوردۇن سابىرنى تونۇمسەن؟ - تاسادىپىي سورالغان بۇ سوئالدىن مەن تەمتىرەپ قالدىم. نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟ شۇ يىللاردا مەن زوردۇن سابىرنىڭ «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە»، قاتارلىق بىرقانچە ھېكايىسىنى ۋە «ئابرال شامالللىرى» ناملىق رومانىنى كۆرگەنىدىم. زوردۇن سابىر دېگەن ئىسىم ماڭا خېلى تونۇش ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ھېكايە، پوۋېست يازىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى. زوردۇن سابىرنىڭ ھېكايىلىرى ھەممىگە تونۇشلۇق ئىدى.

مەن ئەيسا شاكىرغا:

- زوردۇن سابىرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇغان، ئىسمى تونۇشلۇق، لېكىن ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغان، - دەپ جاۋاب بەردىم.

ئەيسا شاكىر ماڭا تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ:

- زوردۇن سابىر قەشقەرگە كەلدى. ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە سىلەرنىڭ مەكىتكە بېرىپ، دولان يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە بىرنەرسە يازماقچى، مەن بىلىمەن، مەكىتنىڭ قاتنىشى ياخشى ئەمەس، يەكەن بىلەن ماڭغاندا ئاپتوبۇستا ئىككى كۈندە بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قاتناش بېكىتى كونا، ئەسكى ئاپتوبۇسلارنى تاللاپ مەكىتكە ئەۋەتىدۇ. زوردۇن سابىرنى ئۇنداق كونا ماشىنىلاردا ئولتۇرغۇزۇپ مەكىتكە ئاپارساق، تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. ناھىيىگە تېلېفون بېرىپ كىچىك ماشىنا ئەكەلدۈرۈپ ئېلىپ كېتىڭلار، تۇرمۇشىغا ئوبدان قاراڭلار. زوردۇن سابىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسىدىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئۇ كىشى تېپىلغۇسىز تالانت ئىگىسى. مۇشۇنداق تالانتلىق يازغۇچىلارنىڭ بىزنىڭ قەشقەرگە كېلىشى ناھايىتى ياخشى ئىش. مەن ناھىيە باشلىقلىرىغا تېلېفون بېرىۋېتىمەن، بارغاندىن كېيىن تۇرمۇش، يېزىقچىلىق ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، - دەپ تاپىلىدى.

مەن ئەيسا شاكىرغا: «زوردۇن سابىرنىڭ مەكىتتىكى تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمەن، تېلېفون بېرىپ، كىچىك ماشىنا ئەكەلدۈرۈپ ئۆزۈم ھەمراھ بولۇپ، مەكىتكە ئېلىپ كېتىمەن» دەپ ۋەدە بەردىم - دە، ئەيسا شاكىرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇل چىنىۋاغ مېھمانخانىسىدىكى ياتىقىمغا كەلدىم. كاللامدا ئەيسا شاكىرنىڭ «زوردۇن سابىر ئىقتىدارلىق يازغۇچى»، «تالانتلىق يازغۇچى»، «تېپىلغۇسىز تالانت ئىگىسى» دېگەن سۆزلىرى تەكرارلىناتتى. ياتاققا كىرىپ ئۇزۇن ئويلاندىم. ئۇزۇن ئوي - خىياللار ماڭا قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمنى ھەمدە مەكىت 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ياشلىق چاغلىرىمنى ئەسلەتتى.

مەن چىنىۋاغ مېھمانخانىسىدىكى ياتىقىمدا

خىيال سۈرۈپ ياتاتتىم، سىرتتىن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ئاممىۋى مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى مېھمان چوڭنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياتاقتىن چىقتىم. تېخى بەك كەچ بولۇپ كەتمىگەن بولۇپ، كۈن بالدۇر ئىدى. سىرتتا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىبزىز خۇدابەردى مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. سىرتقا چىقىشىمغا ئىبزىز خۇدابەردى ماڭا قاراپ:

– مۇتەللىپ مەكتىكە تېلېفون بەردىڭلارمۇ؟ ئەيسا شاكىر سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ، – دېدى. مەن مەكتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىبزىز خۇدابەردىگە چۈشەندۈرۈپ:

– مەكىت ناھىيىلىك پارتكومدا بىر كىچىك ماشىنا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە بىر كىچىك ماشىنا بار، بىزنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىدە كىچىك ماشىنا يوق، ئەتە ئەتىگەن ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىتتا ھاكىمغا تېلېفون بېرەيمىكىن دەيمەن، – دېدىم.

ئىبزىز خۇدابەردى ماڭا خاپا بولغان ھالدا:

– مېنى، ئىبزىز خۇدابەردى دېدى، دېگىن، ئوسمان قاسىم ھاكىم چوقۇم ماشىنا ئەۋەتىدۇ، پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويغىن، زوردۇن سابىر ھەققىدە بىلگىنىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، ھاكىم ئوسمان قاسىم ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان قابىلىيەتلىك ئادەم، ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان تالانتلىق يازغۇچىلارنىڭ مەكىتكە بېرىپ، مەكىتنى تەشۋىق قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇش بولىدۇ، مەكىتنىڭ قاتناش قىيىنچىلىق مەسىلىسى ھەممىمىزگە ئايان. شۇنداق بولسىمۇ بىر ئامال قىلسۇن، ماشىنا قىس بولغان ئەھۋال ئاستىدا بىر ئامال قىلىپ ماشىنا ئەۋەتسۇن، بۈگۈن كەچ زوردۇن سابىرنى ئەيسا شاكىر ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ئەتە ئەتىگەنلىكتىن تارتىپ، يازغۇچىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىگە سىلەر مەكىت ناھىيىسىدىكىلەر مەسئۇل بولىسىلەر، ئەتىگەنلىككە ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى مېھمانخانىسىغا بېرىپ 105 - ياتاقتىن زوردۇن سابىرنى تېپىپ، مەكىتكە ئېلىپ كېتىڭلار، – دەپ تاپىلىدى.

مەن دەرھال پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تىجارەت بۆلۈمىگە بېرىپ، ھاكىم ئوسمان قاسىمغا تېلېفون بېرىپ، زوردۇن سابىرنىڭ مەكىتكە بارىدىغانلىقىنى، ۋىلايەتتىن ئەيسا شاكىر بىلەن ئىبزىز خۇدابەردىنىڭ «مەكىت ناھىيىسى ماشىنا ئەۋەتىپ، زوردۇن سابىرنى مەكىتكە ئېلىپ كېتىڭلار» دەپ تاپىلىغانلىقىنى دېدىم.

ئوسمان قاسىم كەسكىن قىلىپ، «ۋىلايەت ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، بىز ماشىنا ئەۋەتىپ بېرەيلى، بىرگە ئېلىپ كېلىڭ، يۇرتىمىزغا يازغۇچى، مۇخبىر كەلسە بىز قارشى ئالىمىز» دېدى.

كېچىچە ياتاقتا يېتىپ، زوردۇن سابىر ھەققىدە خىيال سۈردۈم، مېنىڭ نەزىرىمدە يازغۇچى زوردۇن سابىر ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، چاچلىرىنى كەينىگە تارىغان، ھەيۋەتلىك، بەستلىك، سۈرلۈك ئادەم. ئەيسا شاكىردىنمۇ بەستلىك، يوغان، سالاپەتلىك، سارجا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، ئېگىز شلەپىلىك، قولىدا ھاسا، ھەرقانداق ئادەم ئەيمىنىپ قاراشقا پېتىنالمايدىغان، چىرايلىق خەت يازىدىغان كاتىپى بار ئادەم دەپ ئويلىدىم. مەن رەسىمىنى كۆرگەن ۋە رەسىمىنى ساقلاۋاتقان ماكسىم گوركىي، لۇشۈن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىقلارغا ئوخشاتتىم. تېزرەك تاڭ ئېتىپ، ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى مېھمانخانىسىغا بېرىپ، زوردۇن سابىر بىلەن كۆرۈشۈش تەقەززاسى ئىچىدە تاڭغا يېقىن ئۇخلاپتىمەن. ئۇ چاغلاردا چىنۋاغ مېھمانخانىسىدا ئەتىگىنى مېھمانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن چوڭ «شەرق قىزاردى» تراكتورى چاقىنىڭ چۆيۈن قاسقىنىنى داڭ قىلىپ چالاتتى. بىرىنچى داڭ چېلىش بىلەن چالا ئۇيقۇلۇق ئويغىنىپ، يۈزۈمنى يۇيۇپلا ئۇدۇل قەشقەر ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا باردىم. قەشقەر ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى مېھمانخانىسى ئەسلىدىكى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كونا ئىشخانىلىرى بولۇپ، ئاستى تاختايلىق، كونىراپ كەتكەن ئۆيلەر ئىكەن. مەن 105 - نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم، ئۆي ئىچىدىن غۇلجا شىۋىسىدە بىرسىنىڭ:

– كىمسىز؟ ئىشىك ئوچۇق كىرىۋېرىڭ، – دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن يازغۇچىدىن

ئەيمىنىپ، ئىشىكنى ئاستا ئىچىپ ياتاق ئۆيگە كىردىم. كۆزەينەكلىك، چاقماق كۆڭلەك كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، قارامتۇل، سىمىز بىر يىلەن خەت يېزىۋاتقانىكەن، ماڭا قاراپ:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟— دېدى.

— مەن يازغۇچى زوردۇن سابىرنى ئىزدەپ كەلگەن، يوق ئوخشايدۇ، بىر يەرگە كەتتىمۇ؟— دەپ سورىدىم. خەت يېزىۋاتقان كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھە، مانا، مانا، دولانلىق مۇتەللىپ كەپتۇ - دە، ئۇكىمەي، تارتىنماي كىلىپ ئولتۇرۇڭ، پېقىر ئۆزى زوھوردىن سابىر دېگەن شۇ،— دەپ تۇرپان شىۋىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىگەچ مېنى كارىۋاتقا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

مەن بۇ كىشىنىڭ زوردۇن سابىر ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. چۈنكى ياتقان ياتىقى تۆت كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان ئادەتتىكى ياتاق بولۇپ، يوتقان - كۆرپىلىرى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا بوي، چوڭ، قېلىن كۆزەينەك تاقىغان، بېشىدا ئادەتتىكى زىغىررەڭ كەپكە، ئۇچىسىدا ئادەتتىكى چاپان، ئادەتتىكى شىم، يېڭى مايلانغان بەتىنكە كىيگەن، ساقىلى يېڭىدىن قىرىلغان، بۇرۇتى قاپقارا، ئادەتتىكى بىر ئادەم ئىدى. مېنىڭ ئاخشامقى خىيالىمدىكى ھەيۋەتلىك يازغۇچى ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى پۇقرا كۆز ئالدىمدا تۇراتتى.

زوردۇن سابىر مېنى كۆرۈپ بىردەمدىلا قەدىناس دوستلاردەك چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

— ئۇكىمەي، غىزا - پىزا يوقمۇ؟

— ياق، بىرگە يەيمىز.

— قەشقەر تائاملىرىمۇ ياكى دولاننىڭكىمۇ؟

— قەشقەردە قەشقەرنىڭكىنى، مەكىتتە دولاننىڭكىنى.

— ھە، ئەمىسە قەشقەرلىكتەك بىر چەينەك چاي بىلەن بىر گىردە ئۇشتۇپ، قۇلاقتەك ناۋات سېلىپ ناشتا قىلىدىكەنمىز - دە!

— ئەتىگەندە موما بىلەن سەيمۇ بار. كۆڭۈل تارتسا پاقلان گۆشى باسقان پولۇمۇ بار.

— ئۇكىمەي، بىز ئىلىلىقلار ئەتىگەندە ئەتكەن چاي بىلەن سۈت ئىچىمىز، بۇ يەردە گىردە بىلەن چاي، بوپتۇ، ئەتىگەندە ئوردا ئالدىدىكى چايخانىغا بارايلى، بۈگۈن بىزمۇ قەشقەر پۇقراسى - دە!

ئەتىگەنلىك ناشتىنى ئوردا ئالدىغا چىقىپ، بىر چايخانىدا قىلدۇق. زوردۇن سابىر چايخانىدىكى چايخورلارنىڭ پارىڭىنى بىر سائەتتەك ئاڭلاپ، يېڭى سۆزلەرنى يانچۇق دەپتىرىگە يېزىۋالدى. چايدىن كېيىن ھېيتگاھ مەيدانىنى ئايلىنىپ، ئۆستەڭ بويى كوچىسى ئارقىلىق ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلدۇق. زوردۇن سابىر مەندىن:

— ئۇكىمەي، كوڭكاڭلار قاچان كېلىدۇ؟

مەن بېكەتنىڭ پاسازىرلار ماشىنىسىدا كېتىۋالاي دېسەم، ئەيسا شاكىر پەقەتلا ئۇنىمىدى. ئەيسا شاكىرمۇ قەلىمى پىشقان مۇھەررىر ھەم يازغۇچى، يازغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن، يازغۇچىنى چۈشىنىدۇ. قالتىس بەلەن جۇما، باشلىق بولماي يازغۇچى بولسا بوپتىكەن، باشلىق بولغىنىغۇ ياخشى بولغاندەك قىلىدۇ، ئەدەبىياتنى قوللايدۇ، قەشقەرنىڭ ئەدەبىياتى ئاشۇنداق مىللەتپەرۋەر، ئىقتىدارلىق ياخشى باشلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن روناق تاپىدۇ.



مەن ماشىنىنىڭ بۈگۈن چۈشلۈك دەم ئېلىشقا ئۈلگۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغىچە ئوبدان ئارام ئېلىپ ساقلايدىغانلىقىمىزنى دېدىم. زوردۇن سابىر مەندىن مەكىتنىڭ ئىقتىسادى، دېھقانچىلىق ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى، دولان مەشرەپ ۋە دولان مەشرەپ مۇقامچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى. مەكىتنىڭ ئەھۋالىنى ئەمدىلا تونۇشتۇرۇشقا باشلىشىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن قەشقەرنىڭ يازغۇچىلىرىدىن ئابلىمىت سابىر، سىيىت زۇنۇن، تۇرسۇن نىياز، ئابلىمىت ھاجى، ئابلا ئەھمىدى، ئۇچقۇنجان ئۆمەر قاتارلىقلار زوردۇن سابىرنى يوقلاپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە قەشقەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە سۆھبەتكە چۈشتى. سۆھبەت چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغىچە داۋاملاشتى. سۆھبەتتىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كېتىشتى. لېكىن ھايال ئۆتمەيلا ئابلىمىت سابىر قايتىپ كىرىپ، زوردۇن سابىرنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن زوردۇن سابىر بىلەن ئابلىمىت سابىر ياتاقتا تاكى كەچ كىرگىچە شاھمات ئوينىدى.

ناھىيىدىن كېلىدىغان ماشىنا شۇ كۈنى كېلەلمەي، ئەتىسى چۈشكە يېقىن يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە زوردۇن سابىرنىڭ تەكلىپى بويىچە مەن زوردۇن سابىرنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالدىم. كېچىچە ماڭا ئۇيقۇ ئەمەس، قىيامەت بولغاندەك تۇيۇلدى. كۆزۈم ئۇيقۇغا بېرىشى ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلغاندەك بىر ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ ئاۋاز زوردۇن سابىرنىڭ خورەك ئاۋازى ئىكەن. مەن تېخى بۇ ۋاقىتچە بۇنداق ھەيۋەتلىك خورەك تارتىدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئويغىنىپ خېلى ئۇزاقىچە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ خورەك ئاۋازىنى تىڭشىدىم. خورەك بەزىدە قاراسلاپ بۇلۇتلار ئارا چاقماق چاققاندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقارسا، بەزىدە لەرزان چېلىنغان مىزىكان ئاۋازىدەك يېقىملىق چىقاتتى، بەزىدە پويىزنىڭ سىگنالىدەك ئاۋاز چىقىرىپ، ئاندىن پويىزنىڭ ئېغىر ھالدا قوزغالغان ۋاقتىدەك پۇشۇلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى.

خورەك ئارىلىقىدا زوردۇن سابىر «ئۇكەمەي، ئۇخلىدىڭمۇ؟ ئوبدان ئۇخلا - ھە» دەپ قوياتتى. خورەك كېچىچە داۋاملاشتى. مەن كېچىچە ئۇخلىيالماي ئۆرە تۇردۇم. ئىچىمدە «زوردۇن سابىرنى تەرىتى قىستاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجەتخانىغا بېرىپ كەلگىچە (مېھمانخانىنىڭ ھاجەتخانىسى ناھايىتى يىراقتا ئىدى) بىردەم بولسىمۇ ئۇخلىۋالارمەن» دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن قىرىشقاندەك زوردۇن سابىرنىڭ تەرىتى تاڭ ئاتقىچە بىرەر قېتىممۇ قىستىمىدى. تاڭ ئاتتى، زوردۇن سابىر ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى. مەن ئاندىن خاتىرجەم ئۇيقۇغا كۆز يۇمدۇم. چۈشكىچە ئابلىمىت سابىر كېلىپ زوردۇن سابىر بىلەن شاھمات ئويناشتى. چۈشلۈك تاماققا ئۇلگۈرۈپ، ناھىيە ئەۋەتكەن ماشىنا كەلدى. بىز چۈشلۈك تاماقنى يەپلا مەكىتكە قاراپ يولغا چىقتۇق.

بارغۇچە زوردۇن سابىر مېنىڭ كېچىچە خورەك ئاۋازىدىن ئۇخلىيالمىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ئەپۇ سورىدى. ئۆزىنىڭ بىر قېتىم يازغۇچىلار بىلەن خورەكتە بەسلىشىپ، بىر موڭغۇل يازغۇچىغا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، تارتقان خورىكىنىڭ تېخى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن خورەك تارتىشتا زوردۇن سابىردىنمۇ يۇقىرى «ماھارەت»لىك خورەكچىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. گەپ ئارىلىقىدا تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بېيجىڭدا قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش يۇسۇپ بىلەن بىر ياتاقتا ياتقاندا كېچىچە ئۇخلىيالماي بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپ، باشقا ياتاققا يۆتكىلىپ ياتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، تېيىپجاننىڭ:

بۇرۇن چىقتى بوش خورەك،
كېيىن چىقتى قوش خورەك.
خورەك تارتقان كاماغا،
پەشۋا بىلەن مۇشت كېرەك.

يولداش ئالدى پەيزىنى،
مەن مېھمانلىق ياتاقتا.
ئىككىنچىلەپ ياتمايمەن،
خورەك تارتقان ياتاقتا.

شۇ خۇدايىم ياراتتى،
خورەكچىنى نېمىشكە.
كىرسە ئەگەر خورەكچى،
مەن كىرمەيمەن بېھىشكە.

دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ بەردى. بۇ شېئىرنى ماشىنا شوپۇرىمۇ، مەنمۇ بارغۇچە يادلىۋالدۇق. مەكىتكە بارغاندىن كېيىن، بىرقانچە قېتىملىق پاراڭلاردا زوردۇن سابىر بۇ شېئىرنىڭ يېزىلىش

سەۋەبلىرىنى مەكىتتىكى قەلەمداشلارغا سۆزلەپ بەردى.

مەكىتنىڭ يولى ئۇزۇن، يەكەندىن ئايلىنىپ ماڭىدىغان بولغاچقا، يەكەندىن مەكىت دەريا كېچىككىچە بولغان ئارىلىقتا ماي ياتقۇزۇلماي قوپال تاشيولىدا ماڭىدىغان بولغاچقا، ھېرىپ - چارچاپ كەچ سائەت 10 لار ئەتراپىدا مەكىتكە يېتىپ كەلدۇق. سىرتتا تاماق يەپ زوردۇن سابىرنى كېچە سائەت 11 لاردا مەكىت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىغا ئەكىرىپ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.

## زوردۇن سابىر مەكىتكە كەلدى

ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتىغا ئۈلگۈرۈپ مېھمانخانىغا باردىم. زوردۇن سابىر قەشقەردىن كەلگىچە شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ، ئەسكى توپىلىق يوللاردا سىلكىنىپ، چايقىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەتىگەن سەھەر ئورنىدىن تۇرۇۋالغانىكەن. مەن كەلسەم زوردۇن سابىر مېھمانخانا ئاشخانىسى ئالدىدا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى كەيىي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگىلى تۇرۇپتۇ. زوردۇن سابىر مېنى كۆرۈپ:

— مۇتەللىپ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن خورازدەك سالپىيىپ تۇرماي، كېلىپ لى شۇجى بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى. مەن دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم. لى شۇجى مەن بىلەن ناھايىتى خۇشخۇي كۆرۈشۈپ زوردۇن سابىرنىڭ ياتاق، تاماق، ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ تۇرمۇش ئۆگىنىشكە بولغان بارلىق ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىلىدى. لى شۇجى ئالاھىدە قىلىپ:

— يازغۇچىلار پارتىيە بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك، ئۇلارنىڭ ئامما ئارىسىغا بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، ياخشى ئەسەرلەر ئارقىلىق ئاممىنى تەربىيىلەش رولىغا سەل قارىساق بولمايدۇ. سىلەر مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى بۇ ئىشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىڭلار، مەن يەن جۇجاڭغا تاپىلاپ قويىمەن (يەن جۇجاڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ جۇجاڭى ئىدى)، — دېدى. لى شۇجىنىڭ ھەمراھلىقىدا مېھمانخانا ئاشخانىسىغا ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈن كىردۇق. ھايال ئۆتمەي ھاكىم ئوسمان قاسىم يېتىپ كېلىپ، يازغۇچى زوردۇن سابىر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە ئەتىگەنلىك ناشتىدا بىرگە بولدى، ھاكىم ئوسمان قاسىممۇ زوردۇن سابىرنىڭ تۇرمۇش، تۆۋەنگە چۈشۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، خەلق ئاممىسى بىلەن تونۇشۇش قاتارلىق ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىلىدى ھەم ئۆزىمۇ زوردۇن سابىرنى يېزىلارغا بىرگە ئاپىرىدىغانلىقىنى، ھەرقايسى يېزىلارنىڭ باشلىقلىرىغا ياخشى كۈتۈۋېلىش ھەققىدە ئايرىم تاپىلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەتىگەنلىك ناشتا ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. يازغۇچى زوردۇن سابىر ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى نەپەر 1 - قول باشلىقىنىڭ ئالايىتەن كېلىپ كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ مەكىتتىكى ئىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىگە ئىنتايىن خۇرسەن بولدى.

زوردۇن سابىر كەلگەندىن كېيىن، ھاكىم ئوسمان قاسىم زوردۇن سابىر ۋە مېنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ يېزىلارنى ئايلاندۇردى ۋە شۇ چاغدىكى يېزا باشلىقلىرىغا زوردۇن سابىرنى ئالاھىدە تونۇشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن يانتاق، تۇمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمسار يېزىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھارۋا ئەۋەتىپ، زوردۇن سابىرنى تەكلىپ قىلدى (ئۇ چاغلاردا يېزىلىق پارتكوم شۇجىلىرى، يېزا باشلىقلىرى ئات ھارۋىسىغا چىقاتتى).

زوردۇن سابىر ناھايىتى ئاددىي - ساددا، كەمتەر، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق ئىدى. زوردۇن سابىر ياتقان ياتاق كېسەك بىلەن ياسالغان ئادەتتىكى ئۆي بولۇپ، تام سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مېھمانخانا ئورنى زەي بولغاچقا، ياتاق ئۆينىڭ ئاستىغا باسقان خىشلارمۇ چىرىپ، ئېزىلىپ، ياتاقنىڭ مۇھىتىنى بۇزغانىدى. ھاكىم ئوسمان قاسىم بىرقانچە قېتىم يوقلاپ كېلىپ، «ياتاقنى رېمونت قىلىپ بېرەيلى» دېگەندە، زوردۇن سابىر: «مەنمۇ دېھقان بالىسى، دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە قارىغاندا بۇ ئۆيلەر مىڭ ياخشىراق، مەكىتتە دېھقاندەكرەك ياشاي - يا»

دېگەندى. زوردۇن سابىر مەكىتكە كېلىپ، بىر ھەپتە بولماي تۇرۇپ، ياسىن قاسىم، ئوبۇل ئاقچى، ھەسەنجان، مەمتىمىن قاتارلىق ئون نەچچە شاھمات ماھىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ دوست بولدى. تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، تاش توختى، قادىر ھوشۇر، ئۇرايىم قاسىم، تۇرسۇن مەتنىياز، تۇردى روزى، مىجىت ھەسەن، ئوبۇل مەتنىياز، ئاۋۇت ئوسمان، ئابدۇقادىر توختى قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بىلەن تونۇشۇپ دوست بولدى. زوردۇن سابىر ياتقان 102 - نومۇرلۇق ياتاق ھەر كۈنى زوردۇن سابىرنى ئىزدەپ كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ تۇردى. كىشىلەر بىلەن ئاسانلا تونۇشۇش، بىر تونۇشقاندىن كېيىن قەدىناس ئاغىنىلەردەك بولۇپ كېتىش زوردۇن سابىرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. زوردۇن سابىر بىر ھەپتىدىلا دولاننىڭ ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، كۆرۈشكەندە بىر - بىرىنى چاقىرىشىدىكى ئادەتلىرىنى ھەم مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىنى ئۆگىنىۋالدى. بۇلارمۇ زوردۇن سابىرنى مەكىتتىكىلەر بىلەن تېز يېقىنلىشىش، خەلق بىلەن تېز تونۇشۇش، خەلق بىلەن تېز ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتىشكە مۇھىم رول ئوينىدى.

زوردۇن سابىر مەكىتكە كېلىپ، 5 - كۈنى «يانتاق» يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئوسمان مۇھەممەت زوردۇن سابىرنى «يانتاق» قا كېلىپ، دولان مەشرىپىگە قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. زوردۇن سابىر تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كىچىك ماشىنىسى بولمىغاچقا، (ناھىيە باشلىقلىرىدىن ماشىنا سوراشقا زوردۇن سابىر قوشۇلمىدى) ناھىيىلىك كىنو - تىياتىرخانىنىڭ «قەشقەر» ماركىلىق كىچىك تراكتورىغا ئولتۇرۇپ، يانتاق يېزىسىغا باردۇق. يول ئۈستىدە «يانتاق» يېزىسىنىڭ «بولقا» كەنتىگە كەلگەندە (كەنت يول ئۈستىدە ئىدى) زوردۇن سابىر تراكتورنى توختىتىشقا بۇيرۇدى. زوردۇن سابىر تراكتورنىڭ كابىنكىسى ئىچىدە ئىدى (ئۇ چاغلاردا بۇنداق «قەشقەر» ماركىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن تراكتور مەكىتتىكى ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى ئىدى). ئۇ تراكتوردىن چۈشۈپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىلىرىدىكى كەپتەر پەغەزلىرىنى كۆرسىتىپ:

- بىزنىڭ غۇلجىدا رادىئو، تېلېۋىزىيە ئانتېناللىرىنى (تىيەنشەن دېمەكچى) مىس سىم، تۆمۈرلەردە ياسايدۇ. ماۋۇ دولاندا ياغاچتىن ياسايدىكەن، ياغاچتىن ياسالغان ئانتېنا رادىئو، تېلېۋىزور قانالىلىرىنى تارتالامدۇ؟ - دەپ سورىدى. بىز ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتۇق، زوردۇن سابىر كۆزەينىكىنى ئېلىپ سۈرتكەچ:

- ئاغىنىلەرەي، نېمىگە كۈلۈشىسىلەر، ئاينا، راست ئەمەسمۇ يا، - دەپ دولان شىۋىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ بىزگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. مەن زوردۇنكامغا:

- ئاۋۇ ئۆگزىدىكى ئانتېنا ئەمەس، كەپتەر قونىدىغان پەغەز يا، - دېدىم. غۇلجا تەرەپتە كەپتەرلەرگە ئايرىم پەغەز ئەتمىسە كېرەك، ياكى پەغەز بولسىمۇ ئوخشىمىسا كېرەك. ئاتايىتەن يولدىن 100 مېتىردەك مېڭىپ دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە باردۇق. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى نۇرەك راخمان بار ئىكەن. بىزنىڭ كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇقۇپ، ئۆگزىگە شوتا قويۇپ بەردى. بىز شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقتۇق. زوردۇنكام پەغەزنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ يانچۇق دەپتىرىگە پەغەز دېگەن ئىسمىنى ۋە پەغەزنىڭ رولىنى يېزىۋالدى، ھەمدە ئۆگزىدىكى كەپتەر سولايدىغان قۇما، كاتەكلەرنى كۆرۈپ ئۇنىمۇ دەپتىرىگە يېزىۋالدى. زوردۇنكام كەپتەرلەرگە قىزىقىپ قالدى. ئۆزى قۇمىدىكى كەپتەرلەرنى ئۇچۇرتۇپ بىرھازا كەپتەر تاماشاسى قىلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقاردى. زوردۇنكامنىڭ كەپتەرلەرگە قىزىقىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى نۇرەك راخمان كەپتەر باققان بارلىق دېھقانلارنى كەپتەرلىرىنى ئۇچۇرتۇشقا بۇيرۇدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە سانسىزلىغان كەپتەرلەر كۆك ئاسمانغا شۇڭغۇپ، توپ - توپ بولۇشۇپ ئۆز توپلىرى بويىچە ئۇچۇشقا باشلىدى. زوردۇنكامنىڭ قىزىقىپ قالغىنى كەپتەرلەرنىڭ ئويۇنچىسى (دولاندا موللاق ئېتىپ ئۇچىدىغان كەپتەرلەرنى ئويۇنچى كەپتەر دەپ ئاتايدۇ) بولۇپ، ئويۇنچى كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا كىچىك «غوڭ قاپاق» ئېسىپ قوياتتى. بۇنداق «غوڭ

قاپاق» لار كەپتەرلەر موللاق ئېتىپ ئاسماندا ئۇچقاندا «غۇڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىراتتى. زوردۇنكام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋالدى ۋە كېيىنكى يازغان ھېكايىلىرىدە بۇنى ئايرىم تەسۋىرلەپ يازدى.

يانتاقتا بارغۇچە زوردۇنكام يولدا كۆرگەن-لەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىردىن سوراپ دەپتىرىگە يېزىپ ماڭدى. زوردۇنكامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەكتەپكە تۇنجى كېلىپ دەريا بويىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭى ۋە ئاجايىپ كۆرۈنگەنىدى. يولدا كېتىۋاتقان بىرەر دېھقاننىڭ پارىڭىمۇ زوردۇنكامغا يېڭى تۇيۇلاتتى. دېھقانلارنىڭ بىر - بىرىگە قىلغان سۆز - دىئالوگلىرى، سۆز ئارىسىدىكى دولانچە شىۋىلەر زوردۇنكامغا يېڭى تۇيۇلۇپ كەتتى. بارغانلىكى يېرىدە دېھقانلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئەينى بويىچە خاتىرىسىگە يېزىۋالدى.

يانتاق يېزىسىغا چۈشتە يېتىپ باردۇق. چۈشلۈك تاماقنى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئوسمان مۇھەممەت ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. چۈجە خوراز توغراپ ئەتكەن كۆممە قوناق كۆجىسى، ياخشى پىشۇرۇلغان باچكا گۆشى ۋە قىرقىلمىغان ئوغلاق كاۋىپى زوردۇنكامغا تازا ياقتى. تاماقتىن كېيىن ئىسمايىل ئەخمەد قالۇنچى، ئابجىل روزى راۋاپچى، مۇسا غىجەك، ھۇسىيىن يەھيالار زوردۇنكامغا دولان مۇقاملىرىدىن نەغمە قىلىپ كىچىك تېپتىكى ئۆي مەشرىپى قىلىپ بەردى. زوردۇنكام قولىغا قەلەم ئېلىپ، مۇقامچىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ھۇسىيىن يەھيا ئوقۇغان ھەر بىر مۇقام تېكىستلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشاپ تېكىست ئىچىدىكى يەرلىك قوشاقلارنى ئالاھىدە خاتىرىلىۋالدى. بولۇپمۇ دولان مۇقاملىرىدىكى:

قۇشقاچ قوندى زاغزاققا،
توغاي قوندى يانتاققا.
يارنى سۆيسەڭ مەھكەم سۆي،
ئورناپ كەتسۇن تامغاققا.

ئاق تىكەن گۈر - گۈر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
دەردى بار دەردتە كۆيەدۇر،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام.
ئاق جۇۋان مېنىڭ بولسا،
بويىنغا گىرە سالسام.

ئېھ، خېنىم سىزنىڭ،
مىنگەن ئېتىڭىزنىڭ
بويىنى ئالا قاشقا.
ئىككىمىز بىرگە بولساق،
ھېچنېمە لازىم ئەمەس،
بىر قاپاق سۇدىن باشقا.

قاتارلىق يەرلىك قوشاقلار زوردۇنكامنىڭ زور دىققىتىنى قوزغىدى. مەشرەپ ئارىلىقىدا زوردۇنكام ھاياجىنىنى باسالماي «مەكىتتە زور خەلق قوشاق بايلىقى بار ئىكەن، خەلق قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ئەمگەك قوشاقلىرى... ئەدەبىياتقا ئاساس سالغۇچى، ئۇل بولمىسا بىنا بولمىغاندەك خەلق قوشاقلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن بۇگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدىكى شېئىرىيەت پەيدا بولغان، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش تەتقىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. مۇتەللىپ، سىلەرنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە بۇ ئىشلارنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەڭلار. مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئابلىمىت سادىققا ئېيتىمەن، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرى مۇشۇنداق ئاساسىي قاتلام يېزىلاردا ئىكەن. ئۇلارمۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ باقسۇن، مۇھىمى، سىلەر توپلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار» دېدى. زوردۇنكام كېيىنكى يازغان «ئېھ، توپىلىق يول» قاتارلىق بىرقانچە ئەسەرلىرىدە بۇ قوشاقلارنى ئىشلەتتى. يازغان ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم يەرلىرىگە خەلق قوشاقلىرىنى قىستۇرۇش، نەقىل كەلتۈرۈش، تېما ئاستىغا ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئەسەرلىرىگە ناھايىتى زور مەزمۇن كىرگۈزدى.

كەچتە زوردۇنكام شەرىپىگە «يانتاق» يېزىسىدا ئالاھىدە دولان مەشرىپى ئۆتكۈزۈلدى. تۇنجى قېتىملىق كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ بولغان دولان مەشرىپى زوردۇنكامغا ئالاھىدە يېڭىلىق

تۆيۇلدى. مەشرەپ سورۇنىدا زوردۇنكام مەشرەپ ئەھلى ئارىسىغا دېگىنىز ئاستىغا چۆككەن غەۋۋاسلاردەك چۆكۈپلا كەتتى.



زوردۇنكام دولان مۇقامچىلىرىنىڭ چىراي، قىياپەت، نەغمە قىلغان ۋاقىتتىكى ئېچىلغان ئېغىز، يۇمۇلغان كۆز، تۈرۈلگەن قاپاق، كېرىلگەن بويۇن، پېشانىلىرىدىن شورقىراپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىگە ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. ئەسلىشىمچە، شۇ چاغدىكى ھەربىر مۇقامچىنىڭ قىياپەت تەسۋىرىنى ئەينەن قىلىپ خاتىرىسىگە يېزىۋالغاندى. بولۇپمۇ زوردۇنكام مەشرەپ سورۇنىدىكى خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ قىياپىتىگە، كىيىمىگە، سۆزىگە، ئۇسسۇلىغا ئالاھىدە سەپسالدى. دولان مەشرىپىدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىنىشلىرى، كىيىم شەكلى، سۆز - ھەرىكەتلىرىنى بەكمۇ دىققەت ئىچىدە كۆزەتتى. مۇقام نەغمىچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى، يېشىنى بىر - بىرلەپ سوراپ يېزىۋالغاندىن سىرت، مەشرەپ ئەھلى سورۇنىدىكى ئالاھىدە قىياپەتلىك كىشىلەرنىڭمۇ ئىسمىنى سوراپ يېزىۋالدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، زوردۇنكام مەشرەپنىڭ ھەربىر كىچىك باسقۇچ - ئۆزگىرىشلىرىگىچە خەلقنىڭ ھەربىر كىچىك تۇرمۇش دېتاللىرىغىچە شۇنچە تەپسىلىي، ئىنچىكە كۆزەتكەندى. كېيىن ئۇقسام، زوردۇنكام دولان مەشرىپى ئىچىدىن يازماقچى بولغان «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسىغا خام ماتېرىيال ئىزدىگەنىكەن. مەشرەپ ئارىلىقىدا قالۇنچى ئىسمايىل ئەخمەت، تۇرەك ئاۋۇت، دولان راۋابچىسى ئابجىل روزى، داپەندى (نەغمىچى) ھۇسىيىن يەھيا، ئىسمايىل روزى، ئۇسسۇلچى مامۇت شەيخ، ئۆمەر ئوسمان، رەھىم قادىرلار بىلەن ئالايىتەن كۆپرەك سىرداشتى. ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى، دولان مەشرەپ مۇقاملىرى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىنى، دېھقانچىلىق ئەھۋالى، ئائىلە ئەھۋالىنى سوراپ خاتىرە قالدۇرۇۋالدى. مەشرەپ ئارىلىقىدىكى دەرە ئويۇنىدا دېھقان ئۇسسۇلچى ھۆرىگۈل زوردۇنكامنى دەرە (پوتا) ئويناشقا تەكلىپ قىلدى، دەرە بىلەن بىرقانچىنى ئۇرۇپ سورۇننى جانلاندۇرۇۋەتتى. شۇ كۈندىكى مەشرەپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. زوردۇنكاممۇ ئىنتايىن رازى بولدى. مەشرەپتىن كېيىن مەن زوردۇنكامغا ھەمراھ بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىدا قونۇپ قالدۇق. «يانتاق» دىكى مۇقامچىلار زوردۇنكامغا ناھايىتى ئامراق، ئىجىل بولۇپ قالدى. كېچىچە مامۇت شەيخ، ئىسمايىل ئەخمەت، تۇرەك ئاۋۇت، ئابجىل روزى، ھۇسىيىن يەھيا، ئۆمەر ئوسمان، رەھىم قادىرلار ياتاققا كىرىپ نەغمە قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، دەرە ئويۇنى قىلىپ، بېيىت - قوشاق ئېيتىپ زوردۇنكامنى زېرىكتۇرمىدى. بولۇپمۇ زوردۇنكام شۇ چاغدىكى يېزىلىق ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى رەھىم قادىرنىڭ دولان مەشرىپىدىكى يۇمۇرلۇق ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە، سەنئەت نومۇرلىرىدىكى قىزىقچىلىقلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. «يانتاق» خەلقىنىڭ مەشرەپ، ئوغلاق- ئات بەيگىسى، توي - تۆكۈنلىرىنىڭ كاتتا «يىگىت بېشى» مامۇت شەيخنىڭ ھەزىل چاقچاقلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىپ، ئەينەن خاتىرىسىگە يېزىۋالدى. كېيىن ئويلىسام، زوردۇنكام «يانتاق» دىكى تۇنجى دولان مەشرىپىنى كۆرگەندىن كېيىن، كاللىسىدا «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسىنى يېزىشنى ئويلاشقانىكەن. ئاشۇ كۈندىكى مەشرەپ زوردۇنكامنى ئەڭ ياخشى تۇرمۇش ۋە سەنئەت دېتاللىرى بىلەن تەمىنلىگەندى. مەن شۇ چاغدا بەزى ئىشلارنى تولۇق ھېس قىلالمىغانىكەنمەن، زوردۇنكام كۆپىنچە ياراتماقچى بولغان ئوبرازلارنىڭ پېرتوتىپى ھەققىدىلا ئويلىناتتى. شۇڭا مەندە بىر

يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئوبراز يارىتىش، تۇرمۇش دېتاللىرى ئىچىدىن ئۆزىگە لازىم بولغان ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى تاللاش جەھەتتە چوڭقۇر چۈشەنچە يوق ئىدى. شۇڭا دەسلەپتە زوردۇنكامنى خاتا چۈشىنىپ، ھېلىقى داۋاملىق كېلىپ كېتىپ مۇخبىرلىق قىلىدىغان ئاخبارات مۇخبىرلىرىغا ئوخشاش يۈزەكى ئەھۋال ئۇقۇپ، ئانچە - مۇنچە چىرايلىق ئەدەبىي سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، كۆرگەن ئادەملەر ۋە تاشقى مۇھىتنى تەسۋىرلەپ قويۇپ تەسۋىرىي خەۋەر ياكى ئوچېرك ياكى بولمىسا خەۋەر ماقالىلىرىنى يازىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قاراپتىكەنمەن. زودۇنكام يانتاقتا بىر ھەپتىدەك تۇرغاندىن كېيىن، ناھىيىگە يېنىپ كەلدى. ناھىيىگە يېنىپ كەلگەننىڭ ئەتىسى ناھىيە بازىرىغا يېقىن «بازار جەمى» كەنتىنىڭ ياچېيكا شۇجىسى ساۋۇر شۇجى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ساۋۇر شۇجىمۇ خېلى ئۇزاقتىن بۇيان زوردۇنكامنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغانىكەن. ساۋۇر شۇجىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ئېچىلىپ - يېيىلىپ، كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشىش ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت سۆھبەتلىشىش پۇرسىتى بولغانلىقىغا زوردۇنكاممۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. تاماقتىن كېيىن ساۋۇر شۇجى زوردۇنكامنى باغلارنى ئايلىنىپ چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. ساۋۇر شۇجىنىڭ ئۆيى بىلەن باغ ئارىسىدا قويۇق قاغا جىگدە بىلەن قاپلانغان چىت (دولاندا باغ ئەتراپىدىكى قاشانى چىت دەپ ئاتايدۇ) بار ئىدى. زوردۇنكام بۇنى «نېمە دەيسىلەر؟» دەپ سورىغانىدى، ساۋۇر شۇجى «باغنىڭ چېتى دەيمىز» دېدى. زوردۇنكام شۇ ھامان بۇنى خاتىرىسىگە يېزىۋالدى. شۇ چاغدا باغ ئىچىدىن بىرقانچە قىز - يىگىتلەرنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بىر قىز كاككۇكنىڭكىدەك زىل ئاۋاز بىلەن كۈلگەن پېتى قېچىپ مېڭىپ، زوردۇنكامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. قىزنى قوغلاپ كەلگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىدا راۋاب بار ئىدى. زوردۇنكام بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئەينەن خاتىرىلىۋالدى. ئەتىسى زوردۇنكامنى ئىزدەپ ياتىقىغا بارسام، زوردۇنكام «دولان ئوغلى» دېگەن ھېكايىسىنى يېزىپ يېرىمىنى پۈتتۈرۈپتۇ. زوردۇنكام ھېكايىنىڭ باش قىسمىنى ماڭا كۆرۈپ بېقىشىم ئۈچۈن بەرگەنىدى. مەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، زوردۇنكامنىڭ ئەدەبىي قابىلىيىتىگە ئاپىرىپ ئۇقۇپ: «زوردۇنكا، سىلە ھەقىقەتەن سېۋەت توقۇشقا ئۇستا يازغۇچى ئىكەنلا» دېدىم.

زوردۇنكام كۈلۈپ كېتىپ:

- توغرا دېدىڭ ئۇكا، يازغۇچى بولغان كىشى خەلق تۇرمۇشىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئالدى بىلەن تۇرمۇشنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. تۇرمۇشنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ياخشى ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ. بۇمۇ خۇددى سىز دېگەندەك سېۋەت توقۇشقا ئوخشايدۇ. ئوبراز يارىتىشتا تۇرمۇشنىڭ ئۆز ئەينى ئەمەس، بەلكى يازغۇچى كۆزەتكەندىن كېيىن تاللاپ ئالغان تۇرمۇش دىتاللىرىنى تۇرمۇشتىن بىر دەرىجە يۇقىرى قويۇپ، يۇقىرى جەھەتتىكى بەدىئىي تاۋلاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن تىپىك ئوبراز يارىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، - دېدى.

«دولان ئوغلى» يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، مەن تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ۋە رەھمەتلىك ئاۋۇت ئوسمانلار بىر قۇر ئوقۇپ چىقتۇق. زوردۇنكام ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ھېكايە «دولان ياشلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 10 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

ھېكايە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەكىت ناھىيىسىدە غايەت زور تەسىر قوزغىدى. بىر قىسىم ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئىدارە - ئورگان كادىرلىرى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، دېھقان ياشلىرى ئارقا - ئارقىدىن مېنى ۋە تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنى ئىزدەپ كېلىپ «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى يېزىلغانلىقىنى ئېيتىشتى. بەزى ياشلار «ھەجەپ ئۇستا يازغۇچى ئىكەن، بىزنىڭ يېزىدىكى XX نى كەنجىگە ئوخشىتىپ يېزىپتۇيا دېسە، بەزى ياشلار بىزنىڭ كەنتتىكى XX نى ئاسىگۈلگە ئوخشىتىپ يېزىپتۇ» دېيىشتى.

يانتاق يېزىلىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىنىڭ سەنئەت يېتەكچىسى رەھىم قادىر (بۇ كىشى ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيىلىك دولان ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىر ئۆمەكنىڭ رېژىسسورلۇقىنى قىلماقتا) مېنى ئىزدەپ كېلىپ: «زوردۇن سابىر كۈندە مېنىڭ ئەھۋالىمنى سوراپ، بىرنېمىلەرنى خاتىرىسىگە يېزىۋالاتتى. ھېكايىنى ئوقۇسام، ھېكايىدىكى مەتىيا ماڭا ئوخشايدىكەن، يائاللا، ھەجەپ ئوخشىتىپتۇ» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېيىن بىر قىتىملىق مەشرەپتە يانتاق يېزىسىنىڭ مەشرەپ بېگى مامۇت شەيخ (بۇ ئادەم هازىر ئۆلۈپ كەتتى) ماڭا: «هېلىقى كۆزەينەك تاقىغان، بىزنىڭ ئۆيدە كۈجا ئاش ئىچىپ ماختاپ كەتكەن مۇخبىر هەجەپ يامان ئادەم ئىكەن① مېنى مەتيا راۋاب دەپ يېزىپتۇ، مېنىڭ بەزى يەرلىرىم راست مەتيا راۋابقا ئوخشايدۇ. بۇ قېتىم يانتاققا كەلسە ئەركەك پاقلاندىن بىرنى سويىمەن، دولاننىڭ قارا كۆرپە تۇمىقىدىن بىرنى كىيدۇرىمەن. ئۇ ئادەم بىز دولان خەقنى② هەجەپ ئۆز ئەينى يېزىپتۇ. هەقىقەتەن ئارغىماققا مىندۇرىدىغان ئادەم ئىكەن» دېگەنىدى.

شۇنداق، زوردۇنكام يازغان هېكايىلىرىدىكى هەر بىر ئوبراز هايات ياشاۋاتقان هەر بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا بىز بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان ئادەملەر زوردۇنكام هېكايىلىرىدە تېپىلىدۇ. زوردۇنكام هېكايىلىرىدە چىنلىققا ئىنتايىن ئەهمىيەت بەرگەچكە، هېكايىلەردىكى ئوبرازلار، تەسۋىرلەر، لىرىكىلار، ئىچكى هېسسىياتلار، هەربىر تەپسىلاتلار ئىچىدە بىر بارەدەك هېس قىلىمىز.

شۇ يىلى زوردۇنكام مەكىتتە بىر ئايدەك تۇردى، مەكىتنىڭ يانتاق، بازارجەمى، غازكۆل، قىزىلئاۋات يېزىلىرىنى ئايلاندى. دېهقانلار بىلەن سىرداشتى، دېهقانلار بىلەن ئاغىنە بولۇشتى. زوردۇنكام نەگىلا بارسا دېهقانلارنىڭ ئىسمىنى شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە چاقىرىدىغان بولغاچقا، دېهقانلار «بۇ ئادەم كىبىرسى يوق، بىزدەك دېهقان خەقنىڭ گېپىنى قىلىدىغان، دېهقاننىڭ قاياشى ئىكەن» دەپ تەرىپلەشتى. شۇنداق بولغاچقا، بىر ئاي ئىچىدە زوردۇنكام مەكىت دېهقانلىرى ئىچىگە قۇمغا سىڭگەن سۇدەك سىڭىپلا كەتتى.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قەلىمىم ئىختىيارسىز هالدا 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى (دۈشەنبە) چۈشتىن بۇرۇن قاغىلىق ناهىيىسىدىن يەكەن ناهىيىسىگە يولغا چىققان بىر مىنىبۇستىكى ئىككى دېهقاننىڭ سۆزىنى يېزىشنى لايىق تاپتى. مەن بىر دوستۇمنى يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن قاغىلىققا بارغانىدىم. قايتار چاغدا قاغىلىق پاسازىرلار بېكىتىدىن بىر مىنىبۇسقا چىقتىم. مىنىبۇس ئالتە كىشىلىك بولۇپ ئارقا رەتتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىككى دېهقان قاغىلىق ناهىيە بازىرىدىكى ياڭاق باهاسى بىلەن ئۈرۈمچى بازىرىدىكى ياڭاق باهاسى، شىمالىي شىنجاڭدىكى پاختا سېتىۋېلىش باهاسى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پاختا سېتىۋېلىش باهاسى ئۈستىدە سۆزلەشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تۇيۇقسىز يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا»، «باش - ئاخىرى يوق خەتلەر»، «ئېھە، توپىلىق يول»، «قەرزدار» قاتارلىق بىرقانچە ئەسەرلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىپ كەتتى. باشتىكى ياڭاق، پاختا باهاسى هەققىدىكى سۆزلەرگە مەن ئېتىبارسىز قاراپ ئولتۇرغانىدىم (چۈنكى بۇنداق سۆزلەر دېهقانلار يىغىلغان هەرقانداق بىر سورۇندا بولاتتى)، كېيىنكى زوردۇن سابىر هەققىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلاپ، مەن ئالايىتەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ هېلىقى ئىككى دېهقانغا تەپسىلىي زەن سېلىپ قاراپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ پارىڭى تۈگىگىچە ئۇلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. يېشى 35 - 36 ياشلاردا، بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن ۋىجىكرەك، ئاق سېرىق كەلگەن دېهقان، يېشى 48 - 50 ياشلاردا، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن، ساقاللىق، چىرايى بۇغداي ئۆڭلۈك كەلگەن دېهقانغا زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدىكى دېهقانلار تۇرمۇشى هەققىدە پاراڭ قىلدى. ئىككى دېهقاننىڭ پارىڭى ماڭا ئىنتايىن تاسادىپىي تۇيۇلدى. مەن مۇنداق سەپەر ئۈستىدە، يەنە كېلىپ ماشىنا ئۈستىدە دېهقانلارنى كىتابلار، يازغۇچىلار هەققىدە پاراڭلىشىدۇ دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

هېلىقى ۋىجىكرەك كەلگەن ياش دېهقان:

- زوردۇن سابىرنىڭ «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ پۈتۈن سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاهلىقىنىڭ ئەهۋالى بىلەن تونۇشتۇم. سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندەك بولدۇم، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەهۋالى، ئىقتىسادىي ئەهۋالى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئىقتىسادىي ئەهۋالى ياخشىكەن، زوردۇن سابىر هەج قىلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندا، پادىشاه مەخسۇس قوبۇل قىپتۇ، بىز ئۇيغۇرلارنى تونۇپتۇ.

بۇغداي ئۆڭلۈك ساقاللىق دېهقان:

- زوردۇن سابىردەك ئاتاقلىق يازغۇچىمىز

---

① يامان ئادەم ئىكەن دېگىنى دولان شىۋىسى بولۇپ، قالتىس ئادەم ئىكەن دېگەن مەنىدە.
② دولان خەق دېگىنى دولانلىق ئادەم دېگەن مەنىدە.

بارغانىكەن، پادىشاھ قوبۇل قىپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا يازغۇچىمۇ باشلىقلاردەك چوڭ ئىكەن جۇما، پادىشاھ تونۇغانىكەن. قاغىلىقتىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، يازغۇچى چوڭ ئىكەن.

- يازغۇچىمۇ ئالىممۇ؟

- مەن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغاندا، مۇئەللىم «يازغۇچى ئالىم ھېسابلىنىدۇ» دېگەن. مەن «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 1998 - يىللىق سانىنى ئوقۇسام، قەشقەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك مۇھاكىمە يىغىنى» بوپتىكەن، شۇ گېزىتتە «يىغىنغا يازغۇچى، ئالىم، تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى» دەپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئالىم ھېسابلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

- ئۇنداق بولسا زوردۇن سابىرمۇ ئالىم ھېسابلىنىدىكەن - دە!

- شۇنچىۋالا كىتاب يازغان ئادەم ئالىم بولمىسا، قانداق ئادەم ئالىم بولىدۇ.

- زوردۇن سابىرنى دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان ئالىم دېسە بولىدۇ.

- ئالىم ئەمەس، يازغۇچى دەيمىز.

- يازغۇچىدىن ئالىم چوڭ.

- يازغۇچىمۇ، ئالىملارمۇ، كىتاب يازىدىغان، ئىجادىيەت قىلىدىغانلار، شۇڭا ئىككىلىسى ئوخشاش.

- ئۇ ئادەم ھەجەپ دېھقاننى بەك بىلىدىكەن، بۇرۇن دېھقان بولغان ئوخشايدۇ. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ھەلەڭ① مەكتەپتىكى دېھقانلارنى يازاتتى، ھازىر يوقاپلا كەتتى. يازمايدىغان بولدى.

- سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كەتكەن چېغى.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەن سۆزگە ئارىلىشىپ:

- ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى، ئاتاقلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر 1998 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى، - دېدىم. ئۇ ئىككى دېھقان قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، زوردۇن سابىرنىڭ روھىغا ئاتاپ «ياتقان يېرىڭىز جەننەتتە بولسۇن! تۇپرىقىڭىزدىن گۈل ئۈنسۇن!» دەپ دۇئا قىلىشتى. ئۇلار مەندىن «زوردۇن سابىرنى تونۇمسىز؟» دەپ سوراشتى. مەن زوردۇن سابىر ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىغا بارىدىغان دوقمۇش يولدا مىنىبۇستىن چۈشۈپ قالدى.

مەن مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ھەقىقىي خەلق يازغۇچىسىنى خەلق تونۇيدىكەن، ئەسلەيدىكەن، ئۇلار يازغان كىتابلار خەلق ئارىسىدا مەڭگۈ ساقلىنىدىكەن» دەپ ئويلىدىم.

يازغۇچى بولماق ئوڭاي، لېكىن خەلق سۆيگەن يازغۇچى بولماق ئوڭاي ئەمەس! يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش، خەلق ئارىسىغا، بولۇپمۇ دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش، دېھقانلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش ئارقىلىق ئاندىن كەڭ خەلق ئېتىراپ قىلغان خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى يازغۇچى بولالىدى.

## ئۇ مېنى يېزىشقا ئۈندىگەن

زوردۇنكام ئەڭ دەسلەپتە مەكتەپكە كەلگەندە، مەندىن: «قايسى مەكتەپتە، نېمە كەسىپ ئوقۇغان» دەپ سورىغانىدى. مەن «قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم. زوردۇنكام ماڭا «ياخشى كەسىپتە ئوقۇپسىز؟ نېمىگە قىزىقىسىز؟ نەسرىي ئەسەرلەرگىمۇ ياكى نەزمىي ئەسەرلەرگىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى. مەن «ھەر ئىككىلىسىگە قىزىقىمەن، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا بىرقانچە پارچە شېئىرلىرىم ‹شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى›، گېزىتى ۋە ‹قەشقەر گېزىتى›دە ئېلان قىلىنغانىدى. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا بىرەر نەرسە يازالمىدىم. يېزىشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن، نەدىن يېزىشنى، نېمە يېزىشنى تازا ئاڭقىرالمايۋاتىمەن، ھېكايە يېزىپ كۆرۈپ باقايمىكىن دەيمەن، ئۆزلىرى كەلگەندىن كېيىن كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلىپ ئۆگىتىپ قويالا، ئۆزلىرىنى ئۇستاز تۇتىمەن، شاگىرتلىققا قوبۇل قىلارلا؟» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم. زوردۇنكام كۈلۈپ كېتىپ: «ياخشى ئويلاپسىز، شاگىرتلىققا ئەلۋەتتە قوبۇل

① ھەلەڭ - دائىملىق دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

قىلىمەن، مەكتەپتە شاگىرتلىقتا كىرگەن ھۈنەرۋەن ئۇستىسىغا قۇرۇق قول شاگىرت بولامدۇ؟» دەپ چاقچاق قىلدى. مەن شۇئان «ياق، ئەلۋەتتە مەكتەپ قائىدىسى بويىچە توققۇز نان، بىر - ئىككى كىيىملىك رەخت ۋە بىر پىيالە چاي[①] بېرىدۇ. مەن بۈگۈنلا قائىدىسىنى قىلىۋېتەي، يۈرسىلە، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى» دېدىم. زوردۇنكام كۈلۈپ تۇرۇپ «چاقچاق قىلدىم يا، ئاينا» دەپ دولان شىۋىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ دولامغا شاپىلاقلاپ قويدى. زوردۇنكام ماڭا: «مەكتەپتە يازغۇچىلىقتا ئىشتىياق باغلىغان ياشلار خېلى كۆپ ئىكەن، مەن بىرقانچىسىنى تەربىيىلەيمىكىن دەيمەن. كۆپرەك ئادەم يېتىشىپ چىقسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، سىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، خىزمەت ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئوقۇغىنىڭىز ئەدەبىيات بولغانىكەن، تىرىشىڭ، كونىلارنىڭ ‹پىچاقنى بىلىمىسە، ئۈستىرىنى كاپىلىمىسا داتلىشىدۇ› دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. قانچە كۆپ يېزىپ مەشىق قىلسىڭىز پىشىدۇ. يېزىۋېرىڭ، يازغانلىرىڭىزنى مەن كۆرۈپ تەھرىرلەپ يېتەرسىز يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن يا» دېدى.

مەن زوردۇنكامغا: «زوردۇنكا، ‹دولان ياشلىرى› ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى، ھېكايە مەكتەپتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە شۆھرىتىڭىزنى ئاشۇردى. ھېكايە ئېكرانغا چىققان بولسا خەلق تېخىمۇ خۇشال بولغان بولاتتى، ۋاقىت چىقىرىپ كىنو سىنارىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىققان بولسىڭىز بەك ياخشى بولاتتى» دېدىم. زوردۇنكام ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپ: «ناھايىتى بەلەن، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، سىز ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغاندىكەن، كىنو سىنارىيىسىنى سىز يېزىپ چىقىڭ، بولمىغان يەرلىرىنى مەن ئۆزگەرتىپ بېرىمەن، سىزدە ئىرادە چىڭ بولسا قېنى بىر يېزىۋېتىڭ، بۇ مېنىڭ سىزدىن ئالغان ئىمتىھانىم بولسۇن، قېنى، ئىمتىھاننى باشلايلى» دېدى.

زوردۇنكامنىڭ ئاشۇ سۆزى مېنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. مېنىڭ كىنو سىنارىيىسى ئىجادىيىتى بىلەن ئانچە بەك تونۇشلۇقۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بىرقانچە ياخشى سىنارىيىلەرنى تېپىپ قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتىم. شۇ ئاساستا «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىنى سىنارىيىلەشتۈرۈشنى باشلىدىم. بىر ھەپتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق سىنارىيىنىڭ مۇقەددىمىسىنى يېزىپ، يەنە 20 كۆرۈنۈش يېزىپ زوردۇنكامغا كۆرسەتتىم. زوردۇنكام كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، «سىزدە ئۈمىد بار ئىكەن، ناھايىتى ياخشى يېزىپسىز، مەن مۇقەددىمىسىنى ئۆزگەرتىپ بېرەي، قالغان قىسمىنى سىز يېزىۋېرىڭ» دېدى. زوردۇنكام سىنارىيىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ناھايىتى ياخشى ئۆزگەرتىپ بەردى. شۇ ئىلھام بىلەن مەن سىنارىيىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە - زوردۇنكامغا ئەۋەتىپ بەردىم. ئىككى ئايدىن كېيىن زوردۇنكام سىنارىيىنى بىر قۇر ئۆزگەرتىپ ماڭا بىر پارچە خەت بىلەن ئەۋەتىپ بەردى. شۇ چاغدا زوردۇنكامنىڭ ماڭا يازغان خېتى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

ھۆرمەتلىك مۇتەللىپ:

سىنارىيىنى كۆرۈپ چىقتىم. مېنىڭچە، مەتبەئەگە يارايدۇ، يەنە بىر ئىشلىسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. مۇنۇ ئۈچ مەسىلىنى ئويلىنىپ كۆرسىڭىز:

① ئاساسىي زىددىيەت كەنجىنىڭ سەنئەتنى يامان كۆرۈشتىن ياخشى كۆرۈش جەريانىغا مەركەزلەشسە ياخشىراق بولىدۇ. مەسىلەن، كەنجى ئۇسسۇل ئۆگىنىشتىن بۇرۇنلا ئاسىدە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ بولىدىكەن، ۋەدىلىشىدىكەن. قىزدىكى مۇھەببەت ئاخىرىدا كەنجى قىزنى دەپ ئۇسسۇلنى ئۆگەنگەندىن كېيىن پەيدا بولسا، يىگىتنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتى، قىزنى دەپ قىلغان ئەجرىسى قىزنى قوزغىسا بولارمىكىن.

② مۆمىنجان توغرىسىدا قىستۇرما ئاز بولسۇن. مېنىڭچە، ئاسىدەنىڭ ئانىسى مۆمىنجانغا بېرىشكە رازى بولسا، مۆمىنجانمۇ لۈكچەك قىلىنمىسا، پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا كەنجى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتى بىلەن ھاشىخانىنىمۇ قايىل قىلسا، مۆمىنجاننى يەڭسە ياخشى بولارمىكىن دەيمەن.

③ كەنجىنىڭ ئازابلىرى كۆپرەك بېرىلسە، ئايىخان بىلەن ھاشىخان ئوتتۇرىسىدا، ئايىخان

① دولاندا بىر قوي سويۇپ مېھمان قىلىشنى بىر پىيالە چاي قۇيۇش دەپ ئاتايدۇ.

بىلەن پالتاخۇن ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەر پەيدا بولسا بۇنىڭ بىلەن ئانا ۋە كەنجى ئازابلانسا، شۇنداقلا پالتاخۇن ئائىلىسىدىكى بۇ ئەھۋالنى بىلگەن مەتيا ئۆزلۈكىدىن كەنجىگە ئۇسسۇل ئۆگىتىپ بۇ قىيىنچىلىقتىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم قىلسا، مەتيانىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگە خاسلىق گەۋدىلەنسە، يەنى ئۇ ئەمگەك سۆيەر، باي بولۇپ كەتمىسۇن، ئىشلەۋاتقان، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى سەنئەتكارلىقىدا، مۇشۇنداق بېرىلسە ياخشى بولارمىكىن.

مۇھىم نۇقتا: كەنجى، پالتاخۇن، ئاسىدە، مەتيالارنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرى، ھەرىكىتى، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى، ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق دولان خەلقىنىڭ سەنئەتنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقى، ياشلارنىڭ بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش زۆرۈرلۈكى گەۋدىلەنسە بولىدۇ.

ئالدىراش بولۇپ ئۆگىتەي - تۇگىتەي قىلىۋېتەلمىدىم، مەن دېگەندەك قىلىشقا بولمىسا مۇشۇ پېتى كۆچۈرۈپ ئەۋەتىپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، كۆپ تىرىشىڭ، كىتاب ئوقۇڭ، ۋاقتىڭىزنىڭ كۆپ قىسمىنى تۆھپە يارىتىشقا، ئاز قىسمىنى ئويۇن - كۈلكىگە سەرپ قىلىڭ، سىزگە سالامەتلىك ۋە ئۇتۇق تىلەيمەن، ماڭا قىلغان ياردەملىرىڭىز ئۈچۈن چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: زوردۇن سابىر
1984 - يىل 18 - ئىيۇل.

خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەن زوردۇنكامنىڭ خەتتە يېزىلغان ئارزۇ - تەلەپلىرى بويىچە سېنارىيىنى قايتا ئۆزگەرتىپ چىقتىم. كېيىنكى ئۆزگەرتىلگەن سېنارىيە خېلى ياخشى چىققانىدى. مەن سېنارىيە ئورگىنالىنى يەنە قايتا زوردۇنكامغا ئەۋەتىپ بەردىم. زوردۇنكام سېنارىيىنى قايتىدىن تۇزىتىپ چىقىپ، شۇ چاغدىكى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى ياسىن مۇخپۇل ئەپەندىگە بېرىپتۇ. ياسىن مۇخپۇل ئەپەندى سېنارىيىنى تەھرىرلەپ چىققاندىن كېيىن ئېلان قىلدى.

تۇنجى ئىجادىي ئەمگىكىم بولغان «دولان ياشلىرى» كىنو سېنارىيىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مېنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. نۇرغۇن دوستلىرىم ۋە قەلەمداشلار مېنىڭ تۇنجى مۇۋەپپەقىيىتىمنى تەبرىكلىدى. مەن زوردۇنكامنىڭ ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى، ئاغىنەم ياسىن مۇخپۇل ئەپەندىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن 1987 - يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا زوردۇنكامنىڭ يەنە بىر ياخشى ئەسىرى «ئۇنتۇمايمەن گۇلسارە» دېگەن ھېكايىسىنى كىنو سېنارىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقتىم. كىنو سېنارىيىسى پۇتكەندىن كېيىن، زوردۇنكام قايتا تۇزىتىپ بەردى ۋە ماڭا «داۋاملىق تىرىشىڭ، ‹جىگدىلەر پىچىرلايدۇ› ناملىق ھېكايىمنىمۇ كىنو سېنارىيىسى قىلىپ يېزىپ چىقىڭ، كەلگۇسىدە چوقۇم بىر ياخشى سېنارىست بولۇشقا تىرىشىڭ، شىنجاڭنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيە ساھەسى بىر بوشلۇق بولۇپ قالدى. يېتىشىپ چىققان سېنارىستلارنىڭ سانى بەكمۇ ئاز، سۇپەت ئانچە يۇقىرى ئەمەس، مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش لازىم» دېدى.

مەن ئۇستازىم زوردۇنكامنىڭ قېتىرقىنىپ تەربىيىلىشى، كۆپ ياردەم بېرىشى ئارقىلىق 1984 - يىلدىن باشلاپ كىنو - تېلېۋىزىيە سېنارىيە ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىشتىم. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتتا تىرىشىشىم ئانچە ياخشى بولمىدى. بۇ ساھەدە ئىجادىيىتىم ئاز، گەۋدىلىك بولالمىدى. بولۇپمۇ سېنارىيە ئىجادىيىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتالمىدىم. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، مەن مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسگە چىققاندىن كېيىن ئىجادىيەتنى تاشلاپ قويۇپ، پۇتۇن كۇچۇمنى ۋە ئەقلىي بىلىمىمنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاراتتىم. نەتىجىدە مەن بىر قابىلىيەتلىك يازغۇچىمۇ بولالمىدىم، بىر ياخشى ئەمەلدارمۇ بولالمىدىم، ھەر ئىككىلىسىدىن قۇرۇق قالدىم.

1997 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۇنى زوردۇنكامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەرىكىسى بولغاندا مەن تەكلىپ بويىچە مەرىكىگە قاتنىشىش ئۇچۇن ئۇرۇمچىگە باردىم. مەرىكە تۇگىگەندىن كېيىن، ئىككى كۇن ئۆتۈپ زوردۇنكام مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. بىز زوردۇنكام بىلەن بىرگە ئايالى خەلچەم ئاچقان كىچىك ئاشپۇزۇلغا چۇشلۇك تاماققا باردۇق. تاماقتىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زوردۇنكام ماڭا «مەكتتكە بارغان دەسلىپىدە مەن سىزدىن چوڭ ئۈمىد كۈتكەن، بولۇپمۇ سىز «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىنى كىنو سىنارىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتكەندە سىزدە يوشۇرۇن ئىجادىيەت تالانتىنىڭ بارلىقىنى سەزگەنىدىم. سىزمۇ ماڭا ۋەدە بەرگەن، لېكىن كېيىن سىزدە جۇيجاڭ بولۇش ئارزۇسى يازغۇچى بولۇش غايىڭىزدىن غالىب كەلدى. سىز بىر ئوبدان ئەدەبىيات ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، مەدەنىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەتتىڭىز، كىچىككىنە ئەمەلدارلىق سىزنى ئىجادىيەت يولىدىن تاندۇردى» دېدى. مەنمۇ خىجىل بولغان ھالدا ھاياتىمدىكى مۇشۇ سەۋەنلىكنى ئېتىراپ قىلدىم. ئەپسۇسكى، مېنىڭ يىگىرمە يىللىق ھاياتىم ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن چېكىنگەنىدى. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى تولدۇرۇش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، مېنىڭ ياشلىق قىران چاغلىرىم ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى.



ئەسلىدە مەندە نۇرغۇن ئارمان، ئارزۇلار بار ئىدى. بىرقانچە ھېكايە، پوۋېست، رومان ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە سىنارىيە ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە زوردۇنكام ھايات ۋاقتىدا ئۈچ قېتىم تەپسىلىي مۇڭداشقان، سىرداشقانىدىم. زوردۇنكام خۇددى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك، بىر قورساقتىن چىققان ئىنىسىدەك ماڭا كۆيۈنگەن، مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولۇمنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۇدىكى كۆپۈكتەك يوق بولۇپ كېتىشىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم. مۇھىمى، ئۆزۈم تىرىشمىدىم. ھازىر قاتتىق پۇشايمان قىلساممۇ پەيت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ كۈنلەرنى، زوردۇنكام مەكتتىكى چاغلاردا ماڭا بەرگەن تەربىيىلەرنى، بىر ئوبدان ياخشى پۇرسەتنى ئويلىسام ھازىر ئىچىم يېرىلىپ كېتىدۇ. زوردۇنكامغا بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق ۋەدىلەرنى ئويلىسام، ئاشۇ ۋەدىلەرگە ئەمەل قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن يۈزۈم قىزىرىدۇ.

## زوردۇن سابىر تىلىگەن ئارزۇ

مەن ئىختىيارسىز ھالدا مۇشۇ تېمىدا زوردۇنكام بىلەن بىرگە بولغان ئاشۇ كۈنلەردە ئورتاق تىلەك قىلغان ئارزۇ، ئۈمىدلەرنى يېزىشنى لايىق كۆردۈم.

1983 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەكىت ناھىيىلىك ئورمان مەيدانىنىڭ باشلىقى ئەمەر مۇھەممەت زوردۇنكامنى مەكتتىكى «شېھىتلىك» توغراق ئورمان مەيدانىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇ كۈنى ناھىيىدە مۇھىم يىغىن بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ھەمراھ بولۇپ توغراق ئورمان مەيدانىغا زىيارەتكە بىرگە كەتتى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زوردۇنكامدىن سورىسام، زىيارەت ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. شۇ قېتىمقى زىيارەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زوردۇنكام «تارىم سۈيى ئارقىغا يانامدۇ» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تومەنتال يېزىسىدا كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئوغلاق تارتىشىش بەيگىسى بولدى. ئوغلاقتا بىرقانچە ئايال چەۋەندازلار ئات چاپتۇرۇپ يېزا يىگىتلىرى بىلەن ئوغلاق تارتىشتى. زوردۇنكامغا مۇشۇ مەنزىرە ناھايىتى ياقتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېچىچە ئۇخلىماستىن «چوغدەك ياپراقلار» ناملىق ھېكايىسىنى يازدى. ھېكايە يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم بىلەن ئىككىمىز ھېكايىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۈستىدە كۆپ ماختاشتۇق. چۈنكى بىز ھەر كۈنى ئاشۇ ئوغلاق تارتىشىش، مەشرەپ، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق پائالىيەتلەردە بىرگە بولساقمۇ بىزگە ھېچقانداق نەرسە يېڭى ۋە قىممەتلىك تۇيۇلمىغانىدى. لېكىن زوردۇنكامغا ھەممە نەرسە يېڭى تۇيۇلۇپ بىز ياشاۋاتقان ئاشۇ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىچىدىن ئەڭ ئەھمىيەتلىك،

ئەڭ يېڭى نەرسىلەرنى تاللاپ ھېكايە يازغانىدى.


مەن بىرقانچە قېتىملىق ھەمسۆھبەتلەردە زوردۇنكامدىن «نېمىنى ئارزۇ قىلىسىز؟ شۇنى ئۇقۇپ باققۇم بار» دېدىم. زوردۇنكام قايتىلاپ مەندىن: «سىز نېمىنى ئارزۇ قىلىسىز؟» دەپ سورىدى. مەن زوردۇنكامغا: «سىز يازغان ھېكايە، پوۋېستلىرىڭىز كىنو - تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا چىقىپ خەلق ئاممىسى بىلەن تېزرەك يۈز كۆرۈشسىكەن دەيمەن، بولۇپمۇ مەكتەپ خەلقى بىر كۆرسە قانداق خۇش بولۇپ كېتەر، مۇشۇ خەلقنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى بىر كۆرەي دەيمەن» دېدىم. زوردۇنكام خۇشال بولۇپ كېتىپ: «ھەببەللى مۇتەللىپ، ئىككىمىزنىڭ ئارزۇسى ئوخشاش ئىكەن، مەنمۇ ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىمىزنىڭ تېزرەك كىنو - تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا چىقىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، لېكىن بۇ تەس ئىش» دېدى. مەن ئەجەبلىنىپ: «زوردۇنكا، بۇنىڭ نەرى تەس، سىز ھېكايىلىرىڭىزنى سىنارىيىلەشتۈرسىڭىز، كىنو ستۇدىيىلىرى كىنو قىلىپ ئىشلىسە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلىسە بولىدىغۇ؟ نەشرىياتلار توپلام قىلىپ كىتاب چىقارغاندەكلا ئىشقۇ بۇ» دېدىم. زوردۇنكام كۈلۈپ كېتىپ: «مۇتەللىپ، گەپنى دېمەك ئوڭاي، لېكىن كىنو ستۇدىيىلىرىگە فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنى كىم بېرىدۇ؟ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەشكە كېتىدىغان خىراجەتنى نەدىن تاپىدۇ؟» دېدى. مەن «ھۆكۈمەت بەرمەمدۇ؟ ئاشۇ قويۇۋېتىلگەن كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ پۇلىنى ھۆكۈمەت بەرمىسە كىم بېرىدۇ؟» دېدىم. كېيىن ئۇقسام، بۇ راستىلا تەس ئىشكەن. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ يالغۇزلا سىنارىيە ئەسىرى بولۇشتا ئەمەس، مۇھىمى پۇل چىقىرىدىغان ئورۇننىڭ بولۇشىدا ئىكەن. مەن شۇنىڭدىن كېيىن زوردۇنكامنىڭ مەكتەپ ناھىيىسىدە يېزىلغان بىر قىسىم نادىر ئەسەرلىرىنى تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش نىيىتىگە كېلىپ «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ كىنو سىنارىيىلىرىمنى قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقتىم.

1993 - يىلى مەن سىنارىيىسىنى يازغان، ئۆمەر سايىم رېژىسسورلۇقىنى قىلغان چوڭ تىپتىكى بەدىئىي فىلىم «دولان مەشرىپى» مەكتەپتە، ئۇرۇمچىدە، بېيجىڭدا سۈرەتكە ئېلىنىپ فىلىم قىلىپ ئىشلىنىپ، 1994 - يىلى نورۇز بايرىمىدا شىنجاڭدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. فىلىم قويۇلغاندىن كېيىن زوردۇنكام ماڭا ئاتايىتەن تېلېفون بېرىپ فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلىدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك «دولان مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مەكتەپ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەكتەپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى زوردۇنكامنى يىغىنغا تەكلىپ قىلىپ بىر پارچە تەكلىپنامە ئەۋەتكەنىدى. زوردۇنكامنىڭ ۋاقتى يەتمەي يىغىنغا كېلەلمىدى. يىغىندىن كېيىن يىغىن ئەھۋالىدىن سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلەنگەن مەخسۇس فىلىم «دولان دىيارىدا شادلىق» نى كىرىشتۈرۈش ۋە بەدىئىي فىلىم «دولان مەشرىپى» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە باردىم. خىزمەت ئارىلىقىدا زوردۇنكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ھېكايىلىرىنى تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلەش مەسىلىسىنى سۆزلەشتىم. زوردۇنكام ماڭا:

- مۇتەللىپ، مېنىڭ ھېكايىلىرىمنى فىلىم قىلىپ ئېكرانغا چىقىرىش تەكلىپىنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىر مۇھىم ئارزۇيۇم ۋە تىلىكىم ئىدى. فىلىم قىلىپ ئىشلەنسە ئىنتايىن خۇشال بولاتتىم. لېكىن بۇنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن مەبلەغ چىقىرىدىغان ئورۇن ياكى شەخسنى تېپىش كېرەك. بىرەر ئون - سىن شىركەتلىرى ياكى فىلىم ئىشلەش ئورۇنلىرى مەبلەغ چىقارسا بولاتتى. سىز بىر ئۇقۇشۇپ بېقىڭ، مەبلەغ سالىدىغان ئورۇن بولسا سىنارىيىسىنى مەن يازساممۇ ياكى ئۆزگەرتىپ سىز يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز ئۆزگەرتىپ سىنارىيىلەشتۈرگەن «دولان ياشلىرى»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» قاتارلىقلارنى ئىشلىسىمۇ ياكى مەن سىنارىيىلەشتۈرگەن «ئېھ، توپىلىق يول» نى ئىشلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەن قەتئىي قوللايمەن، - دېدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com



# ئەللىيدە تەبىئەتنىڭ ئىڭرايدۇ دېڭىز

هاجى تۇتلۇق قادىرى

## كىچىككىنە ئارال دۆلىتى

سەن مىنگەن،
مەن مىنگەن،
ئاتنىڭ تۇيىقىچە،
كەلمەيدۇ،
بۇ يەر.
ئەمما،
ئالەمنىڭ سىرى،
بار – بۇ يەردە.
يۇرسەڭ، ئۆزۈڭنى،
سېزىسەن،
غايىۋى جەننەتتىكىدەك
بۇ دۆلەتتە.
ئويغىتىشۇەتكەن،
ئۇلارنى،
ئامېرىكىنىڭ تاشلىغان،
ئاتوم بومبىسى،
ئۇخلىمايدۇ،
شۇڭا ئۇلار،
ئۇيقۇ چېغىدىن
ئويغاق چېغى كۆپ.
تىنىم تاپماي،
تەپەككۇردە،
كاللىسى.
كۆرسە ئۇلارنى،
دەيدۇ – ھەر كىم،
ئۇخلىمىسىمۇ بولىدىكەنغۇ؟
ئىنسان بالىسى.
سۆيىدۇ ئۇلار،
تۇپرىقىنى،
جېنىدىن ئېزىز.
كەتمەيدۇ ھېچكىم،
يات ئەللەرگە،
مېنىڭدەك،
سېنىڭدەك،
ئۇنىڭدەك،
قايسى يەردە
دان كۆپ بولسا،
كېتىۋېرىدىغان،
ئەمەسكەن،
كەپتەر باچكىسى.
تۇرمۇشىدا،
ئەنئەنىلىكنى،
مەدەنىيەتتە،
يېڭىلىقنى، كىيىمىنى،
تىلىنى،
ئۆزگەرتمىگەن ئەسلا ئۇلار،
ساقلىغان ھەممىنى،
گويا مۇزېيخانىدا،
ئاسارئەتىقە ساقلىغاندەك.
تانسا بىلمەيدۇ،
تېتىقسىز ئولتۇرۇشلارنى،
ئەسلا،
ئەمما بىلىدۇ،
ئالەمنى، ئىلىم - پەننى،
يارىشىملىق، قەدىمكى
كىيىملەر،
پۇتلاشمايدىكەن،
يول يۇرسە پۇت - قوللىرىغا،
بىنالىرىغا، ماشىنىلىرىغا،
ھەتتا تەرەققىياتىغا.
پېتىپ كېتىپتۇ،
كومپيۇتېرغىمۇ،
ئۇمۇچۇكتەك يېزىقلىرىمۇ.
خۇددى راھىبلاردەك،
سىپايە ئادەملىرى،
بۇ يەرنىڭ،
سېزىسەن بۇ يەردە،
ھاياتنىڭ، ئىنساننىڭ،
قىممىتىنى، پەزىلىتىنى.
ھەرياققا قارىساڭ،
دەيسەن ئىچىڭدە،
ساقلىغانىغا،
ئەنئەنىلىكنى،
قالسا بولاتتى،
ياپونلار،
جاھاننىڭ ئارقىسىدا.

## دېڭىزغا خىتاب

قارىغىنا دېڭىز،
قارىغىنا ماڭا.
سەن ئەسلىدە،
دېڭىز ئەمەسسەن.
ئەسلى بىلسەم
ۋەتەنسىزنىڭ،
چۇشلىرىگە
ۋەتەن كىرگەندە،
كۆز قارىچۇقىدا،
ئازابتىن،
لىغىلدىغان،
كۆز يېشى.

## ئالتۇن بېلىق رىۋايىتى

تۇتتۇۋالسام،
ئالتۇن بېلىق
تىنچ ئوكياندىن.
تىلەيمەن،
تىلىكىنى،
تەكلىماكاننىڭ.

## بىر زىخ كاۋاپ

بىزار بولىسەن،
يات ئەللەردە،
تونۇردا،
يېقىلمىغان،
نانسىز،
قىلىنغان،
زىياپەتلەردىن.
بىزار بولىسەن،
يات تىل بىلەن
دوستلاشقان
دوستلاردىن،
يات تىل بىلەن
كۆيۈشكەن
قىزلاردىن.
ھەممىسى،
بەربىر.
پەقەت يەتمەيدۇ،
جاڭگالدا يىغقان
ئوتۇنۇڭ بىلەن،
ئاتاڭ ئېلىپ بەرگەن،
خوتۇنۇڭ بىلەن.
يالاڭ ئاياغ،
بالىلىرىڭ بىلەن.
بەڭگە بولسىمۇ،
ساراڭ بولسىمۇ،
مەيخور بولسىمۇ،
خۇش چاقچاق،
دوستلىرىڭ بىلەن،
كۆلگە مىلەپ،
پىشۇرۇپ،
يېگەن بىر زىخ،
كاۋاپقا.

## يىغلايدۇ تۇپراق

ھەي! ئانا تۇپراق.
مەن قوينىڭدىن،
كەتكەن ئاخشىمى،
مۇزلىغانمۇ؟
يۈرىكىڭ ياكى،
ئاڭلاۋېرىپ،
بۇنداق ناخشىنى.
سۆيەلمىدىم،
سېنى قۇچاقلاپ.
ئېيتالمىدىم،
يۈرەك سۆزۈمنى،
ئايرىلىشنىڭ ئالدىدا،
ساڭا.
كۆپ تارتقاچقا،
سۆيگۈ دەردىنى.
مەن بىلىمەن،
يىغلىدىڭ تۇپراق.
ھازىدار دەك،
كەتتىمغۇ مەنمۇ،
يۈرۈكىمگە،
سېلىپلا پىراق.
يىغلىمىدى،
دەمسەن - مېنى.
ھەي - ئانا تۇپراق.
ئەگىگەندە «ئۇچاق»①
سېنىڭ بېشىڭدىن
يۈزلىرىڭگە،
چۈشكەن تامچىلار،
باشلىرىڭغا ياققان،
يامغۇرلار.
ئەسلى بىلسەڭ
بۇ ئوغلۇڭنىڭ
سامالاردا «ئۇچاق»تىن تۆككەن
قان ۋە كۆز يېشى.

*   *

مەن ئايرىلغان،
ئاشۇ ئاخشىمى،
تىرەكلەر مېنى
پىچىرلىشىپ،
گويە تۇيغاندەك
ئامان بولغىن - ئوغلۇم
دەپ مېنى.
ۋادەرىخا!
كەتتىمغۇ ھەجەپ،
مەن باغرىڭغا،
قانماستىن تۇپراق.
سۆيەر ئىدىم،
مەن سېنى،
شۇنچە،
تەقدىر ئېلىپ،
كەتتىمغۇ،
يىراق.
بۇ كۆزلەرنى،
ياشلىمايلى،
بولدى قوي،
تۇپراق.
گەر مىسالى،
جەننەتتە،
مەن كېلىمەن،
قوينۇڭغا تۇپراق.

## تەكلىماكان تاماكىسى

ئالالمايدۇ،
دەردلىرىڭنى، ھەسرىتىڭنى.
يات ئەللەردە
ئامېرىكىنىڭ،
قاتتىق قاپلىق
«ماربولوسى»②

---

① ئۇچاق - ئايروپىلان (تۈركچە).
② ماربولو - تاماكا ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



ئالالمايدۇ ھەم
ياپونلارنىڭ
«يەتتە يۇلتۇز»①
تاماكىسى.
ئالالايدۇ،
دەردلىرىڭنى، ھەسرىتىڭنى،
پەقەت،
تەكلىماكاننىڭ
پىنەك قىلىپ چەككەن،
كۆك تاماكىسى.

## كونا تونۇر

(ياپونىيىدىكى «ساكۇراجىما» يانار
تېغىغا بېغىشلايمەن)

يانار تاغ،
يانار تاغ.
سەن ئوخشايسەن،
گويا،
تەكلىماكاندىكى،
ئانامنىڭ
سوك ـ سوك ئوتتۇنلار
يانتاق، يۇلغۇنلار بىلەن،
لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان،
چوغلىرى چېچىلغان،
داپخانلىرى بۇزۇلغان،
كونا تونۇرىغا.

# شېئىرلار

### قەيسەر تۇرسۇن

## رېئاللىق بىر دۇنيا، خىيال بىر دۇنيا

مەن كىردىم كۆڭۈلنىڭ كەينىگە ئاخىر،
كىرگەندەك سەركىنىڭ كەينىگە قويلار.
ئاھ، لېكىن بىر قەدەم ئالماي تۇرۇپلا،
ئۆتمۈشنىڭ تاملىرى ئالدىمنى توسار.

خىيال ۋە سۆيگۈنىڭ نازۇك قوللىرى،
سالماقتا ئاھ، ئەنە پۇتلارغا كىشەن.
ساقلىدىم بېكەتتە ئۇزاق، بەك ئۇزاق،
كۆڭۈلنىڭ سېھرىنى تەشنالىق بىلەن.

ئېنىقكى، قايتىمەن قۇرۇق قول ھامان،
قايتقاندەك مېيىتنى ئۇزىتىپ يېتىم.
بىلىنەر جىنازام قالغاندەك ھېرىپ،
قەبرىنىڭ ئالدىغا بارمايلا جېنىم.

ئاھ، مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ پەقەت،
ئەڭ دەھشەت خىيالنى سۇرۇش بىر ھازا.
ئوخشاشلا ئادەمنى ئازابلىسىمۇ،
رېئاللىق بىر دۇنيا، خىيال بىر دۇنيا.

شېئىرلار تۇرمۇشنىڭ ۋەھىمىسىنى
ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك كۆرسىتىپ تۇرار.
گاھىدا ئازابنى سىغىنىپ يۈرەك،
ئۆزىدىن ئۆزىنىڭ ئۆچىنى ئالار.

شۇندىمۇ ئادەملەر كوچا ـ كويلاردا
شېئىرسىز، خىيالسىز يۈرمەكتە مىڭىپ.
بىرلا مەن ھارغىن ۋە ئەنسىز شۇقەدەر،
ھازىرلا دوزاختىن چىققاندەك قېچىپ.

## تەڭشەش

تۇرمۇشۇمنى تەڭشىدىم قايتا،
تەڭشەش دېمەك دەردكە چىداشتۇر.
كېچىلەرنىڭ خىياللىرىنى
تەڭشىگەندەك تۈندىكى يامغۇر.

يامغۇرنىڭغۇ غېمى يوق ھامان،
قاچار خەقلەر يامغۇردىن بىراق.
مەن ماڭاتتىم بۇ يولدا يالغۇز،
غىرىبلىقا ئېچىپ كەڭ قۇچاق.

① يەتتە يۇلتۇز ـ ياپونىيىنىڭ چىشلىك ماركىلىق تاماكىسى.

قۇشمەن بۇندا گويا قاناتسىز،
كېتەلمىگەن ھېچيەرگە قېچىپ.
بەختسىزلىك تاپانچىسىدا
مەقسەتسىزلا تاشلانغان ئېتىپ.

تەڭشىمەسكە ئامال يوق بىراق،
تۇرمۇشۇمنى بىر - بىرلەپ هامان.
تەڭشەش دېمەك دەردكە چىداشتۇر،
دەردكە چىداش ياشاشتىن ئاسان.

## مەن گويا تۇندىكى دەردمەن قاراۋۇل

يىغلىدىم بۇ كېچە ئۇزۇن، بەك ئۇزۇن،
كىم ئۇچۇن ياش تۆكتۇم، بىلمەيمەن بىراق.
ئېسىمگە كەلمىدى تەسەللى سۆزى،
ۋە ياكى بىر كۇيلېت ھەسرەتلىك قوشاق.

تۇرمۇشنىڭ بېسىمى بىر چەتتە قېلىپ،
كۆڭۈلنىڭ يۇكلىرى مۇكچەيتىپ بارار.
ئاھ، شۇتاپ تەبئەت غېرىب ئۇيقۇدا،
بىر ماڭا كېچىنىڭ ئۇنى ئاڭلىنار.

مەن گويا تۇندىكى دەردمەن قاراۋۇل،
قولۇمدا تۇرمۇشنىڭ تاپانچىسى بار.
قوغدايمەن ئۆزۈمنى ئۆزۈمدىن پەقەت،
ئاۋازىم ھەسرەتلىك تۇننى ئويغىتار.

ئاھ، لېكىن خىياللار قورشاۋى ئارا،
تەمتىرەش ئادەمنى سالار لەرزىگە.
نە ئامال تەقدىرنى قىلماسقا قوبۇل،
مەن پەقەت ئۆتمۈشى ئۇنتۇلغان كېچە.

## مەن سېنى يىغلاتتىم، سەنمۇ ھەم شۇنداق

مەن سېنى يىغلاتتىم، سەنمۇ ھەم شۇنداق،
يىغلاتماق يىغلاشتىن قىيىندۇر ھامان.
كۆز ياشلار قۇتقۇزۇپ قالالماس بىراق،
ئازابلىق ئۆتمۈش ۋە كۆڭۈلنى ئاسان.

بىلىمەن، خۇشاللىق كېتەر ئۇنتۇلۇپ،
ئاھ، لېكىن ئۇنتۇلماس ھەسرەت ۋە ئازاب.
لەززەتلىك تاماقتىن قىممەتلىك ھامان
ھەسرەتلىك كۇنلەردە يېزىلغان كىتاب.

بىراق، مەن ھېچقانداق كىتاب يازمىدىم،
بولسىمۇ كۆز ياشلار يېتەرلىك سىياھ.
تەقدىرنى يىغلاتماق مۇمكىنسىز، بىراق
بۇ تەقدىر يىغلىتار ھەممىمىزنىلا.

يىغلىغان ئادەملا بەختسىز ئەمەس،
سەن بۇنى ئېسىڭدە ساقلا جان - جىگەر.
ھاياتتىن قىممەت ۋە يۇكسەكتۇر تېخى
كۆز يېشى، ئاھ، سۇلغۇن بولسىمۇ ئەگەر.

# ئۈچ شېئىر

### ھۆرىيەت مۇھەممەت

## بەخت بولۇپ قوناي بېشىڭغا

شېئىر تۇغدى يېگانە كوچا
سىرىق چېچەك ئاچقاندا جىگدە.
يۇرىكىمدە ئىللىق پىچىرلاش
سىڭدىپ كەتتى يەنە جىممىدە.

تاڭ كۆزىدە پىلدىرلىغان نۇر
شەبنەم بولۇپ يالتىرار پىنهان.
سەۋدالاردا كۆيگەن لەۋلىرىم
گۇل بەرگى بوپ ئېچىلدى قاچان؟

گىياھ بولۇپ ئۇندۇم بېغىڭدا
سۇبھىلەردە ياققىن باغرىڭغا

غەملەر سىنى يېمىسۇن جېنىم
بەخت بولۇپ قوناي بېشىڭغا.

## كەل جېنىم

كەل،
شېئىر بولۇپ كەتتى يۈرىكىم
ئالقىنىڭدا كۆلگەندە بەختىم.
ھىجرانلىرىم گۈلخانلىرىدا
كېچە باغرى تەنهادۇر جېنىم.

نۇرغا چۆمەر بۇ غەمكىن ھۇجرام
ھىدلىرىڭنى ئالسا روجەكتىن.
ئايغا چۆمگەن ئوسمىزارلىقتا
گۈل تىزارمەن ساڭا جېنىمدىن

گۈل بەرگىدە قالدى پىچىرلاش
مىڭ يىلدىمۇ بۇ بىر مەخپىيەت.
سىرلىرىمنى تۆكمىسۇن شەبنەم
كەل قۇچاقلا مېنى ھۆرىيەت!

## سەن...

سەن باھارنىڭ چىرايلىق كۆزى
مەسۇمغىنە تىكىلىپ تۇرغان.
قۇش كۆكسىگە چېكىلگەن زىناق
ھەر سابادا ۋىلىقلاپ كۈلگەن.

سەن يېشىللىق لىباسى ئارا
پۇراپ تۇرغان جىگدە چېچىكى.
سەن ھەسرەتنىڭ گۈلخانلىرىدا
پۇچۇلانغان قىزنىڭ يۈرىكى.

سەن قۇملۇقتا ئىزلىرى قالغان
جەڭگاھتىكى شىرنىڭ جىگىرى.
قاغجىرىغان «ئەر» نىڭ قەلبىدە
قۇلۇپلانغان قەسىر ئىشىكى.

سەن ۋىسالدا پارلىغان ئىسيان
چاچلىرىمدا تارىخى قالغان.
ئاھ، يىگانە - يىگانە ئەركەم
سەن پەقەتلا مەنچۇن تۇغۇلغان.

# شېئىرلار

**پەرھات كازىمى**

## قاتمۇقات ئازاب

كۆز كەلمەكتە كۆرەڭلىك بىلەن
قىقىلىپ - قىقىلىپ يۈتۈلىدۇ دەرەخلەر.

قۇياش يەنىلا مۇلايىم
تاغ كەينىدىن چىقتى كۆزنى ئۇۋۇلاپ.
بىپايان جاڭگالغا تارىدى پادا
ئاسماندىكى يۇلتۇزلارسىمان.
غەمگە پاتقان بىر تال داڭگالمەن
ئېتىز قىرىدا غازاڭلار باسقان.
سەن كۆز بولۇپ ئۆششۈتمەكچىمۇ يۈرىكىمنى
ئازاب ئىچىدە يۈرگىنىم ئازدەك.
كۆز بىلەن بىرلىشىپ توڭلاتماقچىمۇ
يېنىپ تۇرغان تېنىمنى.

## كۆز، كارىز دالىسى

پۈرچاق سۇيۇقئېشى ئىچىتمىكىن گىياھلار
تەرلەپتۇ مەندەك.
خېنە ياققان قىزنىڭ قوللىرى
ياۋا ئوت - چۆپلەر تېنى، ياپرىقى.
كۆك يانتاقتا شىپ - شىر
بوغۇم - بوغۇم چايان قۇيرۇقى،
بىراق، ئاق ئالمىدەك سۇزۇلۇپتۇ بىلىكى.

قومۇشلارنىڭ بېشىدا بار تۈلكە تومىقى،
يۇلغۇنلاردىن كېلەر دىماغ يېرىپ
ئەنبەر ئەمەس، ئەتىر ئەمەس جەننەت ھىدى.
لېپمۇلىق سۇ توشقۇزۇپ تولۇملىرىغا
يەر بېغىرلاپ ياتار تۆگە تاپىنى.
پېقىر كۆكۈل شاپنى سىلكىسەم
لەپ - لەپ قىلىپ ياغدى قار.
يوغان ساپلانغان يانتاق سېپى،
غوللىرى بىلەكتەك شىرقا دېگەن،
قارا كۆرۈك دېگەن.

ئاقىرىپتۇ چىكىللىكنىڭ چاچلىرى
بىر ئۆمۈر باشقىلارغا ھاپاش بولۇپ يۈرسىمۇ.
«بۇ ھاياتتا ھەممىگە بار قېرىلىق»
دەپ سۆزلىدى تىللار تۆكۈپ،
قېرى توغراق غۇر - غۇر شامالدا يۆتىلىپ.
قىش بوۋاينىڭ تەلەتىدىن قورقۇشقان
تورغايلارنىڭ ناخشىسىدا ھەسرەت بار.
ئاق قوناقلىقتىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇشقاچلار
جىگدىلىكتە ئوقار مۇناجات.

شەھلا كۆزلۈك كېپىكلەر
بويىغا يەتكەن قىزدەك چۆچۈيدۇ پات - پات
پادىچى بالىنىڭ ناخشىسى
ئۈمىد يامغۇرى، چەكسىز دالىغا.

جاھان كەڭلىكىنى چۈشەندى غېرىب ئوتۇنچى
دۇنيا گۈزەللىكىنى تونۇدى يۈرىكى.
كۆز پەسلىدە كارىز دالىسى
ساماۋى قەلئەنىڭ چىچەكزارلىقى.

## چوڭ كارىزدىكى بوغدايلىق

كۆزۈڭنى يۇم
قۇم چېچىپ كەلمەكتە بوران.

سەن كۆكلەيسەن، كۆكلەيمىز بىز.
بەخت ئەمچىكى ئېمىدۇ
چوڭ كارىزلىق بارچە دېھقان.
سەن ئالتۇنغا ئوخشايسەن،
مېھرىبان ئانىغىمۇ ئوخشايسەن.
كارىز بىلەن كۆكلىگەن سەن.

مېنىڭ بىلەن كۆكلەيدۇ كارىز،
سېنىڭ بىلەن كۈلىدۇ خامان.
ئىدىقۇت تېغىدەك قىزارغان چەشنى
تەكرىتاغقا قارىتىپ
تاغىرىغا قاچىلار دېھقان.

ياز بولماستىن سارغايدىڭ
سۇ ھەققىدە قوشاق ئوقۇپ،
دان تۇتمىغان باشاقلىرىڭنى
گۇناھكاردەك تۆۋەنگە ئېگىپ.
ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار
كۆتەر بېشىڭنى!
سەن ھاياتلىق بۆشۈكىنى تەۋرەتكىن
ياز تېنىدە تاۋلانسۇن
ئوت يۈرەك ئەرلەر.

## كۈز يامغۇرى

چاپان كىيىپ كەلدى كۈز.
زەپىراندەك سارغىيىپ
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلار يوپۇرماق.

تۇرۇم - تۇرۇم بولۇتلار
ئالتە ئاي يازدا پىچاننى
ئۇنتۇپ قالغان بولۇتلار.
يايلاقتىكى دۆپۈر - دۆپۈر يىلقىدەك
داۋراڭ سېلىپ كەلگەن بولۇتلار
بىرئاز ھاردۇق ئېلىشلار.

سىم - سىم يامغۇر
ئاسماندىكى قىزلارنىڭ
بىزگە چاچقان سىقىم - سىقىم ئۈنچىسى.
كۈز يامغۇرى ياغدى تاراسلاپ
كۆلدى گىياھ، كۆلدى ھەرجان، كۆلدى يەر.
پىچان شەھىرى مۇشۇ دەم
كارىز سۈيىدە تارانغان
يا كارىز قىزى، يا بىر ئاققۇ.

قۇمتاغ ئۈستىدە ئولتۇرمەن خىيالچان
كۈز ئالدىدا يېشىل دۇنيا، يېشىل قىز.
كۆتۈرۈلدى يىراقتىن
كۆك شايىدەك، كۆك بەلۋاغدەك كۆكۈش ئىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




**تەرجىماننىڭ ئىلاۋىسى:** ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئاتاقلىق قىرغىز يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوف مۇنداق دېگەن: «تاغلاردا شۇنداق بۇلاقلار بولىدۇكى، يېڭى يول ئېچىلسا بۇ بۇلاقلارغا ئېلىپ بارىدىغان چىغىر يوللار ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇسسىغاندا يولدىن بۇرۇلۇپ بارىدىغان يولۇچىلار بارغانسېرى ئازىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلاقلارنى يالپۇز ياكى لويلا بېسىپ كېتىدۇ. كېيىن بارا - بارا يولۇچىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيمۇ قالىدۇ. ئوت - ئاتەش ئىسسىق كۈنلەردە ئاندا - ساندا بىرەر ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلىپ ئۇسسۇزلۇق تەشناسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يولدىن بۇرۇلۇپ، ئوت بېسىپ كەتكەن بۇلاقنى ئىزدەپ تاپىدۇ، گىياھلارنى ئاۋايلاپ ئاچىدۇ ۋە ھەيران قېلىپ، ئاھ! دەپ تاشلايدۇ. ئالىچاغلاردىن بۇيان ھېچكىم لايلاتمىغان مۇزدەك بۇلاق سۈيىنىڭ تىنىقلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. بۇلاقتا ئۇ ئۆزىنىمۇ، تاغ، تاشلارنىمۇ كۆرىدۇ. . . كۆرىدۇ - دە، شۇنداق جايلارنى بىلمەسلىك گۇناھ، يار - بۇرادەرلەرنىمۇ بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. . . »

شۇنداق، ئىش ئەنە شۇنداق باشلاندى. شىمالىي جۇڭگو نېفتلىكىدىن كەلگەن خەت مېنى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭ نېفت سانائىتىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق مۇساپىلىرىگە باشلاپ كىرىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى، شىنجاڭ نېفت سانائىتىنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان مەرھۇم ۋارىسجان تۇردىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن بىرقەدەر ئەتراپلىق تونۇشۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ قولىغا قورال ئالغاندىن تارتىپ تاكى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نېفت سىستېمىسىغا كىرىپ، ئاددىي بىر نېفت ئىشچىسىدىن شىنجاڭ نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغۇچە، قاراماي نېفتلىكىنىڭ تۇنجى بايقىغۇچىسى «سېلىم بوۋاي» بىلەن كۆرۈشۈپ، نېفت كارۋىنىغا باش بولۇپ، جۇڭغار، تەكلىماكان چۆللۈكىگە كىرىپ، ئۇششارباش نېفتلىكىدىكى 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن يۇقىرى بېسىملىق ماي فونتانلاپ چىققۇچە، شۇنداقلا مەركەزنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن قۇرۇلماقچى بولغان پوسكام نېفت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ تاكى زاۋۇتنى نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، نېفتلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىزگە تىللاردا داستان بولغۇدەك ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. بۇنىڭغا مەرھۇم ۋارىسجان تۇردىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سەپدىشى ۋە خىزمەتدىشى ياڭ لىخېڭ ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي خاتىرىسى تىپىك مىسال بولالايدۇ.

گەرچە ماڭا نېفتلىكىمىزنىڭ بۇ پېشۋاسى بىلەن يۈزتۇرانە دىدارلىشىش نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا كۆپ قېتىم قارامايدا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفتلىكىدە ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىرگە ئىشلىگەن پېشقەدەم ئۇستىلاردىن ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەپسۇس، ياڭ لىخېڭ ئەپەندى دېگەندەك، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى سەل غېرىبلىقتا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ نېفت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ 1995 - يىلى غەربىي جەنۇبىي تارىم (پوسكام) نېفتلىكىنىڭ چوڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش ئىشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، تەن سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي، ئۈرۈمچىدىن پوسكام

*نېفىتلىككە كېلىپ مۇشۇ ئىش ئۇچۇن ئالايىتەن بېيجىڭغا بارماقچى بولغانىدى. ئەپسۇس، پوسكام نېفىتلىككە كېلىپ ئىككىنچى كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتۈپ، بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى. بۇ قايغۇدىن خەۋەر تاپقان پوسكام نېفىتلىكىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى نېفىتلىك مېھمانخانىسىغا سەلدەك ئېقىپ، ئۆزىنىڭ بۇ خىزىر سۈپەت رەھبىرىگە بولغان چوڭقۇر قايغۇسىنى ئىپادىلىدى. نېفىتلىك قەلەمكەشلىرىدىن مۇختار قادىر ئەپەندى ئۆزىنىڭ «چۆل گۈلى، چۆل كېمىسى» دېگەن مەرسىيىسىدە:*

*بىر بۈيۈك ئىنسان يىقىلدى بولدى نۇر دىدارى كەم،*
*يەل - يېمىش تۇرسۇن نېرى، تۇزدىنمۇ كەتتى ياخشى تەم.*
*قالمىدى بىر كىممۇ دەرد - قايغۇ كۆلىگە پاتمىغان،*
*چۆل گۈلى قۇرۇپ كېپەنلىك ئۈستىگە قونغاندا ھەم.*

*دەپ يازدى.*

*كونىلاردا: «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بولغىنىدەك، ياڭ لىخېڭ ئەپەندىلا ئەمەس، شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتىنىڭ ھەرقايسى كەسىپ ساھەلىرىدە ھەممىمىزنىڭ بۇ مەرھۇم پېشۋايىمىزنى ئەسلەش بىلەن بىرگە ئەۋلادلىرىمىزغا نېفىتلىكىمىزدىكى تەرەققىيات بىلەن باياشات تۇرمۇشىمىزنىڭ مەرھۇم ۋارىسجان تۇردىغا ئوخشاش بىرىنچى ئەۋلاد نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ توغرا دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قارىشى، قىممەت قاراش تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىمىز بار دەپ ئويلايمەن. شۇڭلاشقا، مەن ياڭ لىخېڭ ئەپەندى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ ھۇزۇرىڭىزغا سۇندۇم.*

ۋارىسجان بويى ئىككى مېتىر 20 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 105 كىلوگرام، بۇرنى قاڭشارلىق، ئەگمە قاش، قوي كۆزلۈك، بېشى سوزۇنچاقراق كەلگەن ئادەم بولۇپ، چىرايى تىپىك ئۇيغۇر مىللىتىگە خاس ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن 1957 - يىلىنىڭ بېشىدا تونۇشقان. مەن 1956 - يىلى كۈزدە خۋانەن سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش لايىھىلەش خامچوت باشقارمىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. 1957 - يىلى يازدا قۇرۇلۇش باشقارمىسى قۇرۇلغاندا ئۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ، مەن بۇ باشقارمىغا تېخنىكا خادىمى بولۇپ ئالمىشىپ كىردىم. بۇ چاغدا باشقارمىمىزدا بەشلا ئادەم بولۇپ، تېخى بۆلۈم تەسىس قىلىنمىغاچقا، ئۇ مېنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىم ئىدى. يېڭى خىزمەتكە قاتناشقان شۇ ۋاقىتلاردا، بىزنىڭ باشقارمىمىزغا ئىشخانا تەقسىم قىلىنىپ، سوۋېت خادىملىرىدىن قېپقالغان بىر دانە بىخەتەرلىك ساندۇقى بىزنىڭ باشقارمىمىزغا بېرىلگەنلىكتىن، ئۇنى ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۈچىنچى قەۋەتكە يۆتكەشكە توغرا كەلدى. بىخەتەرلىك ساندۇقى ئېغىر بولغاچقا، ئۇنى يۆتكەش ئېغىر كېلىپ تۇرغىنىمىزدا ئۇ بىرنەچچىمىزنىڭ يۆلەشتۈرۈشى بىلەن بىخەتەرلىك ساندۇقىنى ئۆزى يالغۇز يۈدۈپ، ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىمىزغا يۆتكەپ بەردى. دەسلەپتە مەن بىخەتەرلىك ساندۇقىنى ئۆزى ئىشلىتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ خاتا ئويلىغانىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىزنىڭ كۆچۈشىمىزگە ياردەملەشكەنىكەن. شۇ ۋاقىتلاردا باشقارما باشلىقى بولغان ئادەم بىزدەك ياشلارنىڭ نەزىرىدە چوڭ ئەمەلدار ھېسابلانغاچقا، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردەك ئاددىي - ساددا، تەمەنناسىز خاراكتېرى بىزنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرۈپ، مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.


كېيىن، كىشىلەردىن ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا ياغاچچى ئىكەنلىكىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، نېفىت سىستېمىسىغا ئالمىشىپ كىرىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشما كادىرى بولغانلىقىنى، نېفىتلىكنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتى جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىشقا ئېھتىياج چۈشكەنلىكتىن، تەشكىل ئۇنى ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل

قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ مېنىڭ رەھبىرىم بولغاچقا، دائىم بىرلىكتە سىرتلارغا چىقىپ يىغىنغا قاتنىشىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ خىزمەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ مېنى مىللىي يولداشلارغا «بۇياق مېنىڭ خەنزۇ ئىنىم، ياخشى دوستۇم، كاتىپىم» دەپ تونۇشتۇراتتى. گەرچە ئۇ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇچىنى دېگەندەك ياخشى سۆزلىيەلمىسىمۇ، ئەمما شىمالىي شىنجاڭدا خەنزۇلار كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى جەھەتتە ئىلگىرىلىشى خېلىلا تېز بولدى. بىراق ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ يەردە خەنزۇلار كۆپ بولغانلىقتىن ھېچقانداق تىل بېسىمى بولمىغاچقا، مەن ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدىم. ئۇ بەزى ۋاقىتلاردا ماڭا: «مەن خەنزۇچە سۆزلىسەم تولۇ - تولىدى (ناھايىتى كۆپ)، بىراق سېنىڭ يەنىلا شۇ ئاداشى، ياكىشى، بالاڭزى (يولداش، ياخشى، كىچىك بالا) دېگەندەك سىرنەچچە ئېغىز گەپ» دەپ ماڭا تەنقىدىي تەربىيە بېرىپ، ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشىمگە ئىلھام بېرەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سىرتلارغا چىقىپ دوكلات بەرگەندە ياكى خىزمەت تونۇشتۇرغاندا چوقۇم بىر تەرجىمان ئېلىپ چىقىشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئېسىمدە قېلىشىچە، 1960 - يىلى قارامايدا پۈتۈن ئىدارە بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمەت يىغىنى ئېچىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ مەن بىلەن بۇ قېتىم سۆزلىنىدىغان دوكلاتنى قانچە قىسىمغا بۆلۈش، قانداق سۆزلەش مەسىلىسىدە پاراڭلىشىپ، دوكلات تېزىسىنى دەرھال يېزىپ چىقىشنى ئېيتتى. مەن بىر كېچە - كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ دوكلاتنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تەرجىمان بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلىپ چىقتۇق. ئۇ تەرجىمىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، تەلەپكە يەتمەپتۇ دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، دوكلاتنى باشقىدىن يېزىپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇق، بىراق يەنىلا تەلەپكە يەتمەي قايتا يېزىشقا توغرا كەلدى. يولداش ۋارىسجان تەرجىمە سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن يەنە بىر ئۇيغۇر تىلى تەرجىمانىنى كۆپەيتىپ بەردى، بىز ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىش قوشۇپ ئىشلىگەچكە مەن ۋە ھەمراھلىرىم بەكلا چارچاپ كەتتۇق. ئىككى تەرجىمان ھەمراھىم ماڭا خاپا بولۇپ: «بىز ئادەتتە خەنزۇ كاتىپلارغا تەرجىمان بولساق ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى قېتىمدىلا پۈتتۈرەتتۇق، سىز قانداق كاتىپلىق قىلىۋاتىسىز؟ ئۆزىڭىزمۇ ئارام ئالمىغىلى بىرنەچچە كۈن بولدى. بىز ئىككىمىز گىمۇ ئاراملىق يوق» دېدى. كېيىن ئويلاپ باقسام، يولداش ۋارىسجان خىزمەتتە ھەقىقەتەن ئەستايىدىل ئىكەن، ئۇ خىزمەت ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن دوكلات قىلىنىدىغان ماتېرىيال يېزىلىپ چىقىشتىن بۇرۇن دائىم ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما ئارىسىغا چۈشۈپ ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مۇۋاپىق دەپ قارىغان پىكىر - تەلەپلەرنى كىرگۈزۈشكە ۋە ئۆزگەرتىشكە ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. شۇڭا، ئۇ تەكلىپ - پىكىر بەرسىلا مەن ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، تەرجىمانمۇ ماڭا ئەگىشىپ قەلەم تەۋرىتىشكە توغرا كېلەتتى.

ئۇ 1958 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ، ئاساسلىقى قۇرۇلۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۇ خىزمەتتە ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، بىر قېتىم قاراماي ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىش ئورنىدا سېمونت يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئىش توختىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال 20 توننا سېمونتقا قول قويۇپ بېرىدۇ. بىراق ئەتىسى ئۇ قول قويۇپ بەرگەن تالونغا سېمونت ئالالمىغانلى-قىدىن خەۋەر تېپىپ، مېنى ئەھۋال



ئۇقۇشۇپ بېقىشقا ئەۋەتىپ، ئامبار مەسئۇلىنىڭ «- نېفىتلىكتە قۇدۇق قېزىش ئەڭ مۇھىم خىزمەت، شۇڭلاشقا ئامباردىكى سېمونت ئالدى بىلەن قۇدۇق قېزىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىنى



قاندۇرۇشى كېرەك» دېگەن جاۋابىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي، پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ چىرېننى تېپىپ: «سىز مېنى ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرغاندىكەنسىز، مەن خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلىدىم، ئەمما مەندەك ئىدارە باشلىقى تەستىقلىغان قەغەزنىڭ ھېچقانداق رولى يوق ئىكەن، شۇڭا مەن ئىدارە باشلىقى بولالمىغۇدەكمەن» دەيدۇ. بۇ مۇنداقچە دېيىلگەن چاقچاق پاراڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان يولداشلارغا ناھايىتى ياخشى تەسىر بېرىپ، ئېلېكترئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، ھەممە شۇ ئىشتىن كېيىن يېڭىدىن ئىدارە باشلىقى بولغان ۋارىسجاننىڭ تەستىقلىغان قەغىزى بېسىلىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل كەسكىن خىزمەت ئىستىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىمۇ تېگىشلىك رول ئوينايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئادەم ئىش توختىتىپ ئىنقىلاب قىلماقچى بولغاندا، ئۇ بىر قىسىم ئىشچىلارنى تەنقىدلەپ، «نېمە ئۈچۈن نېفىت قۇدۇقىغا بېرىپ ئىشلىمەي، ئىش توختىتىسىلەر؟» دەيدۇ. بەزى ئىشچىلار ئۇنىڭغا: «ئومۇم، تەكشۈرۈش، قانۇن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، ھازىر ھۆكۈمەت يوق تۇرسا يەنە قايسى خىزمەتكە چىقىمىز؟» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋارىسجان ئۇلارغا: «كىم سىلەرگە ھۆكۈمەت يوق دەيدۇ؟ مەن بولسام ئىدارە باشلىقى، دېمەك، مانا مەن ھۆكۈمەت! سىلەر چوقۇم ئىشقا چىقىپ نېفىتلىكنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، سەۋەبسىز ئىش تاشلىغان قاتاردا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىمەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزى ئاممىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، بەزىلەر: «بىزنىڭ يەنە بىر ۋارىس ھۆكۈمىتىمىز بار ئىكەن» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ گېپىنى چاقچاق دەپ قارايدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ ھەربىي باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شىڭ باشچىلىقىدىكى مەركەز خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت تەكشۈرگەندە، ئۇرغۇنلىغان پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، پەقەت قارامايدىكى «ۋارىس ھۆكۈمەت» نىڭلا ئىنقىلابنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى بايقاپ، بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن ئەھۋالنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلىدۇ. ماۋجۇشى شىنجاڭدا «ۋارىس ھۆكۈمەت» نىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پارتىيە 10 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋارىسجاننى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى رەئىس سەھنىسىدىكى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن «ۋارىس ھۆكۈمەت» نىڭ نامى يىراق - يىراقلارغا تارقايدۇ.

پارتىيە 10 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى جەريانىدا ئۇ نېفىت مىنىستىرلىكىگە كېلىپ، پېشقەدەم رەھبەرلەردىن كاڭ شىسى، جاڭ ۋېنبىنلارنى يوقلىماقچى بولۇپ، مىنىستىرلىك كاتىبات ئىشخانىسىغا كېلىپ، مىنىستىرلار بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، كاتىپ ئۇنى تونۇمىغاچقا «مىنىستىر يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ كاتىپتىن ئىككى كۈندىن بۇيانقى خەلق گېزىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىغاندا، كاتىپ ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكىگە قاراپ، «ئېھتىمال ئەرز قىلغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، گېزىت كۆرۈش ياخشى ئىش بولغاچقا ئۇنىڭغا ئىككى كۈنلۈك خەلق

گېزىتنى بېرىپ چاي قۇيۇپ بېرىدۇ. ئۇ گېزىتتىن پارتىيە 10 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى رەئىس سەھنىسىدىكى ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئىسىملىكىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى كۆرسىتىپ: «گېزىتتىكى ۋارىسجان مەن شۇ، بۇ مېنىڭ ئىسمىم، بۈگۈن مەن ئالايىتەن رۇخسەت سوراپ، پېشقەدەم مىنىستىرلارنى يوقلاپ كەلدىم» دەيدۇ. كاتىپ ۋارىسجاننىڭ پارتىيە 10 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال يىغىن زالىغا كىرىپ، كاڭ مىنىستىرغا خەۋەر قىلىدۇ. كاڭ مىنىستىر ناھايىتى خۇشال ھالدا يىغىن زالىدىن چىقىپ، ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، قانداق قىيىنچىلىق بولسا بىۋاستە دوكلات قىلىشنى ئېيتىدۇ. قايتىدىغان ۋاقىتتا، ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن مىنىستىرلىك دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ، ئۇ ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ باشقا ئىدارىنىڭ يىغىندا ئىشلىتىدىغان ماشىنىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «ۋارىسجان، سىز بۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭغا كەلسىڭىز نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلىتىڭ» دەيدۇ. ئىككىنچى كۈنى دېگەندەك ماشىنا ئەترىتىدىكى قارا دوسكا ئۈستىگە «شىنجاڭدىن كەلگەن

دوسكا ئۈستىگە «شىنجاڭدىن كەلگەن ۋارىسجان ماشىنا ئىشلەتسە دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇڭلار» دەپ يېزىپ قويۇلىدۇ.

1965 - يىلىنىڭ ئاخىرى نېفىت مىنىستىرلىكى شەندۇڭ دۆڭيىڭدىكى غالىبىيەت نېفىتلىكىدە زاۋۇت - كان باشلىقلىرى يىغىنى ئاچىدۇ. مىنىستىر تاڭ كېسۇن يېڭىدىن تەشكىللىنىدىغان تيەنجىن داگاڭ نېفىتلىكى رەھبەرلىك بەنزىسى توغرىسىدا توختىلىپ، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ساۋ جىنكۈينى داگاڭ نېفىتلىكىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 30 نەپەر كادىرنى يېڭى رايوننىڭ خىزمىتىنى قوللاش ئۈچۈن يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى يۇقىرىنى قوللايدىغانلىقىنى، كىمنى ئالماقچى بولسا شۇنى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇق ئىپادە بىلدۈرىدۇ ھەم شۇنداق قىلىدۇ. مەن 1966 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىدارە باشلىقى ساۋ بىلەن بىرگە يېڭى نېفىتلىككە بېرىپ مۇئاۋىن باش بەلگىلەش خادىملىق خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن كېيىن، يولداش ۋارىسجان بېيجىڭغا بارسىلا دائىم ماڭا تېلېفون بېرىپ، ھەر خىل يوللار بىلەن مېنى بېيجىڭغا چاقىرتىپ، مەن بىلەن ئەھۋاللىشاتتى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنى قۇرغاندا كۆپ قېتىم بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، مەبلەغ ھەل قىلىش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. زاۋۇت ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ نۇرغۇنلىغان نېفىت گازىنىڭ كۆيۈپ ئىسراپ



بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىپ، ھەر تەرەپكە قاتراپ، ئەرزان پولات ماتېرىيالى ئىزدەپ، 20 مىڭ دانە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز قاچىلاش تۇڭى ياساتماقچى بولىدۇ ھەمدە مەبلەغ، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، چەت، نامرات رايونلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتىنى قوللىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇ پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدىكى ئاساسلىق تېخنىكا خادىملىرىنى يېتەكلەپ، بېيجىڭغا دوكلات قىلغىلى بارغاندا، مېنىمۇ چاقىرتىپ بىرگە ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە بېيجىڭ رايونىدىكى بەزى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مېنىڭ ئالاقىلىشىشىمغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. دوكلات يىغىنىغا شۇ چاغدىكى

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدۇ. دوكلات جەريانىدا ئىسمائىل ئەھمەد كۆپچىلىككە: «سىلەرنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرۇڭلار ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ. بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەمبەغەل خەلق ئاممىسىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئوتۇن تېرىپ تاماق ئېتىدىغان قىيىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىكەن. بۇ دۆلەت، خەلققە پايدىلىق بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا بەخت ئېلىپ كېلىدىغان ياخشى ئىش ئىكەن، شۇڭلاشقا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىلەرنىڭ بۇ خىزمىتىڭلارنى زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. ئىلگىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يولداش ۋارىسجاننى بەزىلەر «ۋارىس ھۆكۈمەت» دەپ ئاتىغان بولسا، بۇ قېتىم ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى تۇتقاندىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان بەزى مىللىي يولداشلار ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنى «ۋارىس نېفىت» دەپ ئاتىشىدۇ. بىزنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا قىلغان دوكلاتىمىز سائەت 12 گە يېقىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەن ۋە ھەمراھلىرىم نېفىت مىنىستىرلىكىگە قايتتۇق. مەن ئەسلى ئۆزۈمچە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىزنى تەكلىپ قىلغانىكەن، ئېھتىمال بىزدەك يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى بىر ۋاقلىق پولۇ يېيىشكە تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىكەنمەن. لېكىن مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پاك - دىيانەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت مەركەز روھىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەخسە تەملىك پولۇسىنى يېيىش ماڭا نېسىپ بولمىدى.

1960 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن ۋاقىت بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ۋەتىنىنى تاشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مايتاغ كان رايونىدىكى بىرقانچە مىللىي كادىرمۇ چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، دەل شۇ ۋاقىتتا ۋارىسجانغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ھاممىسىدىن ئۇنى يۇقىرى تەمىنات بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەكلىپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەت كېلىدۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ئىدارە پارتكومىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ زېمىندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئەستايىدىل ۋە قەتئىي ئىپادە بىلدۈرگەچكە، ئۇنىڭ بۇ خىل ۋەتەننى سۆيۈش روھى ئەينى ۋاقىتتا مىللىي يولداشلارنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ.

ئۇ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 1976 - يىلى ئەتىيازدا بېيجىڭغا كېلىپ شىمالىي جۇڭگو نېفىتلىكىنىڭ خېبېي ئۆلكىسى رېن چيۇۋ ناھىيىسىدە كۈنلىكى مىڭ توننىدىن ئاشىدىغان نورغۇنلىغان يۇقىرى بېسىملىق قۇدۇقلارنى قازغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، خۇشاللىقىدا تاقەت قىلالماي، دەرھال مېنى چاقىرتىپ داڭلىق ناخشىچى كېرەم ئابدۇگۇلنى ئېلىپ كېلىشىمنى ئېيتىدۇ. كېرەم خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئۇ يەرگە بېرىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى ئېيتقاندا، ۋارىسجان ئۇنىڭغا شەنبە كۈنى بېرىپ، يەكشەنبە كۈنى كەچتە قايتىپ كېلىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يېڭى نېفىتلىكنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى بىرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ رېنچيۇدىكى 11 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن يۇقىرى بېسىملىق ماي فونتانلاپ چىققاندا ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بىرگە خۇشاللىقىدا سەكرەپ كېتىدۇ. ۋارىسجان نەگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلسا ناخشىچى كېرەم ئابدۇگۇل ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ: «بىز بىر پەلەكتىكى ئىككى خەمەك، سەن ۋاڭ شياۋىي، مەن مەممەت» دېگەنگە ئوخشاش شۇ دەۋردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەيدىغان ئاساسلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ، قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە زور ئىلھام - مەدەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن شۇ ۋاقىتتىكى نېفىتلىك رەھبەرلىرىدىن جاڭ ۋېنبىن، جى يۇڭشىڭ قاتارلىقلار ناخشىچى كېرەمنىڭ يەنە بىر كۈن ھەمراھ بولۇشىنى ئۆتۈنگەندە، ۋارىسجان ئۇلارغا: «ناخشىچى كېرەمنى بىز ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەلگەن، شۇڭا بىز بۈگۈن چوقۇم ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىپ كېتىشىگە كاپالەتلىك

قىلىشمىز كېرەك» دەپ، ئۇلارنىڭ تەلپىنى چىرايلىق رەت قىلىدۇ. ئۇ يېڭى نېفىتلىكنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ شىنجاڭغا قايتىپلا ماڭا تېلېفون بېرىپ، شىمالىي جۇڭگو نېفىتلىكىنىڭ ئورغۇنلىغان ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئۈچ چوڭ نېفىتلىك قاتارىغا كىرگەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنتايىن خوشال بولغانلىقىنى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىمالىي جۇڭگو



نېفىتلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 200 مىڭ جىڭ قوغۇن سوۋغا قىلىشنى قارار قىلغانلىقىنى، شۇڭلاشقا تېزدىن ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان نېفىتلىك رەھبەرلىرى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، مېنى بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىپ، 1976 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرى لەۋھە ۋە رەھمەت خېتى بىلەن بىرگە شىمالىي جۇڭگودىن ئايروپىلان بىلەن قاراماييغا يولغا سالىدۇ. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى رەھبەرلىكى قوغۇن تاللاش، قاچىلاش، ماشىنا بىلەن پويىز ئىستانسىسىغا يۆتكەش ۋە مەخسۇس پويىز ئىلتىماس قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ناھايىتى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى ئىشەنچلىك تاماملاش بىلەن بىرگە، ئۈچ نەپەر مىللىي يولداشنىڭ ھەمراھلىقىدا 200 مىڭ جىڭ قوغۇننى بېيجىڭ خۋاڭسۇن پويىز بېكىتىگە ئوڭۇشلۇق يەتكۈزۈپ بېرىپ، قاراماييدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ سەممىي كۆڭلىنى ئىپادىلەيدۇ. كونىلار: «ياخشى كۆڭۈل مەڭگۈ ئۇنتۇلماس» دېگەندەك، شۇنچە ئۇزۇن يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ناۋادا سىز ئەينى ۋاقىتتىكى نېفىت ئىشچىلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن بۇ ئىشنى سورىسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى يېڭى، تەملىك قۇمۇل قوغۇنىغا ئېغىز تەگكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نەقەدەر تاتلىقلىقىنى سىزگە ئەسلەپ بېرەلەيدۇ.

يولداش ۋارىسجان ئوچۇق - يورۇق بولۇپ، ئۆگىنىشتە ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن دائىم ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ سىرتلارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولساممۇ، بىراق ئۇ ئادەتتە ئۆزىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، يۇقىرىنىڭ ھۆججەت، ماتېرىياللىرىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنەتتى. خەلق گېزىتىدىكى ماقالىلەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقاتتى. ئۇ دائىم ماڭا: «ئادەم ئۆگىنىش قىلمايدىكەن ئارقىدا قالىدۇ، مەركەزنىڭ ھۆججەت - ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ، سىياسىي ساپايىمىزنى چوقۇم يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك» دەيتتى. ئۇ ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى قايتا - قايتا ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، خاتىرە قالدۇرۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان بولۇپ، دائىم ماڭا: «مەن ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى قايتا ئۆگەنسەم، خۇددى بىر كونا دوستۇمنى ئۇچراتقاندەك بولىمەن» دەيتتى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مىللىي يولداشلار ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزى كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇراتتى، سۆزىدە يېڭى مەزمۇن بار ئىدى. ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشكەندە ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرەتتى.

ئۇ خىزمەتداشلىرىغا ناھايىتى قىزغىن

ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى مىللىي ئاشخانىدا سۈت ئىچىپ بىرئازدىن كېيىن قورسىقىم غولدۇرلاپ بىئارام بولۇشقا باشلىغانلىقتىن، مەن ئۇنىڭغا: «بۇ ئاشخانىنىڭ سۈتى ياخشى ئەمەسكەن، ئېھتىمال سۈپىتىدە مەسىلە بار ئوخشايدۇ» دېدىم. ئۇ ماڭا: «بەزى خەنزۇ يولداشلارنىڭ نىمىنى كۆرسە شۇنى يېگۈسى كېلىدۇ، كالا سۈتى ئەسلىدىنلا تاتلىق، سىلەر ئۇنىڭغا يەنە شېكەر ئارىلاشتۇرغاچقا، يېگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە ھەزىم بولمايدۇ - دە، ئادەتتە بىزنىڭ ئىچىشىمىز دائىم سۈت چاي، ئۇنىڭدا تۇز ۋە چاي بولغاچقا ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، دېمەك، بىز بىرقانچە قاچا ئىچسەكمۇ ھېچنېمە بولمايمىز» دەپ چۈشەنچە بەرگەنىدى.

بىر قېتىم، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قارامايدىن ئۈرۈمچىگە قايتىش يولىدا ئىشلەپچىقىرىش قورۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ تاۋۇزلۇقىدىن بىرنەچچە قوغۇن - تاۋۇز سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ تاتلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا: «سىلەر خەنزۇلار قوغۇن - تاۋۇز تېرىساڭلار سۈپىتىنى ئويلاشماي، سانى بولۇشىغا قويۇۋېرىسىلەر، شۇڭا قارىماققا شۇنچە يوغان كۆرۈنسىمۇ، لېكىن تاتلىق ئەمەس. ئىراق بىز ئۇيغۇرلار ئۇنداق قىلمايمىز، كۆرۈنۈشتە كىچىكرەك كۆرۈنگەن بىلەن، قوغۇن - تاۋۇزلىرى ناھايىتى تاتلىق» دېدى. مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قايىللىقىمنى بىلدۈرگەچ: «بەلكىم ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر، ئېھتىمال خىمىيىۋى ئوغۇتنى كۆپ سېلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دېدىم.

ئۇ بىر قېتىم نېفىت مىنىستىرلىكىگە خىزمەت دوكلاتى قىلغىلى بېرىپ دوكلات تۈگىگەندە، مىنىستىر شۇ جىنچياڭ ۋارىسجاندىن: «ۋارىسجان، مەن ياردەملىشىدىغان ئىش بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ تارتىنىپراق 20 چى رەخت بېلەتنى چىقىرىپ: «خوتۇن - بالىلىرىمغا كىيىم ئالاي دەپ ئويلىغانىدىم، بۇ بېلەتنى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ رەخت بېلەتىگە ئالماشتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز» دەيدۇ. ئۇ مېھمانخانىغا قايتىش يولىدا ماڭا: «مەن ئەسلى بۇ پىشقەدەم مىنىستىرنى رەخت بېلەتنى ئالماشتۇرۇشقا سالماسلىقىم كېرەك ئىدى، ئۆزۈمنى سەل بىئەپ ھېس قىلىپ قالدىم» دېدى.

ئۇ، بەزىدە تۈرۈپ - تۈرۈپ قىزىقچىلىق قىلىشقا ئامراق بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى تىجارەت قىلىشقا يول قويمايدىغان زامانلاردا ئۇ خوراز سېتىۋالماقچى بولۇپ بازارغا چىقىپ تاپالمىغاندا، قولىغا بىر دانە تۇخۇمنى ئېلىۋېلىپ توخۇ ساتىدىغان خەنزۇ يولداشلاردىن: «ماۋۇنىڭ دادىسىنى ساتامسىلەر؟» دەپ سورىغان.

ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. خەنزۇ يولداشلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. رەھبەرلەرنى بەكلا ھۆرمەتلەيتتى. ئەپسۇس، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى بىر ئاز غېرىبلىقتا ئۆتكۈزۈپ، 70 نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. گەرچە ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قىسمەن چەكتىن ئاشقان گەپ - سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھەممىسى ئەينى دەۋردىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى يولداش لى جىڭ تۈزگەن ئەدەبىي توپلامدا بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىپ، يولداش ۋارىسجانغا: «ئۇ ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تۆھپىسى بار» دەپ باھا بېرىدۇ.



ھازىر ئويلاپ باقسام، ئۇ مىللىي يولداشلارنىڭ ياخشى رەھبىرى، ياخشى پەرزەنتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ بىر ياخشى كادىرى ئىكەن. شۇڭلاشقا بىز بەزى يېغىن ۋە ئەدەبىي ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى خاتىرىلىگەن بولساق، بىزدىن كېيىنكى كىشىلەرگە ناھايىتى ياخشى تەربىيىۋى دەرسلىك بولغان بولاتتى دېگەن ئۈمىدتىمەن.



# بىزنىڭ دۇكان

(ھېكايە)

ئەخمەتجان قۇربان

## 1

مانا ئىش ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا ئىككى - ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى. ئايالىمنىڭ مائاشىمۇ كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئەمەس دەپ، كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىپ باراتتى.

ئادەم 40 ياشلارغا كىرىپ تۇيۇقسىز ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ بىكارچى بولۇپ قالسا، نېمە ئىش قىلارنى بىلەلمەي قالىدىكەن. ئون نەچچە يىل ئىشلىگەنىنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن ھازىرچە بېرىپ تۇرۇۋاتقان تۇرمۇش پۇلى ھېسابىدىكى تۆت تەڭگىنىمۇ يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن توختىتارمىش. كېيىن خوتۇنىنىڭ قولىغا قاراپ ئۆتىدىغان ئىش چىقامدۇ نېمە. . .

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككى بالامنىڭ بىرسى بۇ يىل ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقماقچى، مەكتەپلەرنىڭمۇ ئالىدىغان پۇلى كۆپىيىپ كەتكىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا بولغاندىكىن ئۇنداق - بۇنداق چىقىمى بار ئەمەسمۇ. . .

ئىككى - ئۈچ ئايدىن بېرى ئۆيدە بىكار تاماق يەپ، ئانچە - مۇنچە لاغايلاپ يۈرۈپ، ئەمدى بىرەر ئىش - ئوقەت قىلمىسام بولمايدىغان ھالەتكە يەتتى. چۈنكى شەھەر دېگەندە لاغايلاپ يۈرۈش ئۈچۈنمۇ پۇل بولمىسا بولمايدۇ - دە، بۇرۇن يىغىپ قويغان ئاز - تولا پۇلمۇ ئىككى ئايلىق خىراجىتىمىزگە يەتمەيلا تۈگىدى، ئايالىمنىڭ ئاينىڭ قايسى كۈنى بېرىشى ئېنىق ئەمەس مائاشىدىنمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. ئەمدى بىرەر ئىش قىلمىسام قاراپ تۇرۇپلا ئاچ قالىدىغان ئىش چىقامدۇ نېمە. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ تاماكىغا خۇمارىم يامان ئادەم، كۈنگە ئىككى قاپتەك تاماكا چەكمىسەم خۇماردىن چىقمايمەن. قىرىشقاندەك ئىش ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ چېكىدىغان بولۇپ كەتتىم. . . ئەش -

ئوقەت قىلاي دېسەم يا قولۇمدا بىرەر ھۈنەرنىڭ تايىنى يوق. بالا چاغلىرىمدا دادام بىلەن ئاپام شۇنچە دېگەن بولسىمۇ يا مەكتەپتە تۈزۈك ئوقۇماي، يا بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتماي ئويناپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتىكەنمىز. ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتكىلى تۇردۇم. . . ئەمدى يەنە ئۆيدە ئۇخلىدا يېتىپ «ئۇزۇم پىش ئاغزىمغا چۈش» دەپ يۈرسەم چېكىدىغان تاماكامنىمۇ تاپالماي:

چەككىلى تاماكا يوق.

مۇڭداشقىلى نەدە كىشى. . .

دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. مەن نېمە قىلسام بولار؟ قانداق قىلسام پۇل تاپارمەن. . .

بىرەر ئاشخانا ئاچسام بولارمۇ، ھازىر ئاشخانىلارنىڭ كىرىمى بەك ياخشى دېيىشىۋاتىدۇ. ھەي، بىراق بىر باش پىيازنى گاچچىدە چاناشنى ئۇقمىغان ئادەم ئاشخانا ئېچىشتىن تەمە قىلىپ كەتكىنىم قىزىقققۇ. بىرەر رېستوراندا كۈتكۈچى بولسام بولارمۇ. . . ماۋۇ مازلىقىمنى قاراڭلار، مەن چىرايلىق خانقىز بولمىسام، تەخسە كۆتۈرۈپ دىكىلداپ ماڭىدىغان ئىشنى قاملاشتۇرالامتىم. بۇ خىيالنى سۈرگىنىمدىنمۇ خىجىل بولۇپ خېلىغىچە باشقا خىيال سۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. . . مۇشۇنداق چوڭ بىر شەھەردە ماڭا قىلىدىغان بىرەر ئىش چىقماسمۇ؟ مەن يېتىۋېرىشتىن كۆرە بازارغا چىقىپ ئايلىنىپ بېقىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئۆيىمىز بازارغا يېقىن بولغاچقا ئاپتوبۇسقىمۇ چىقماي يول ياقىلاپ بازارغا قاراپ ماڭدىم. توۋا، بىزنىڭ مەھەللە بىلەن بازارغىچە بولغان بىر كىلومېتىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە پەيدا بولغان دۇكان، ماگىزىن، ئاشخانىلار بىرەر مىڭغا يېتىپ قاپتۇ. ئاشۇ دۇكانلارنىڭ ئالدىدا يايما يېيىپ، كۆكتات، يەل - يېمىش سېتىۋاتقانلار، كونا - يېڭى كىيىملەرنى پۇل

قىلىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ھارۋا سۆرەپ يۈرۈپ ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقانلارمۇ ماڭدامدا بىر ئۇچرايتتى. مەن تېخى بازارغا يېتىپ بارمايلا كۆرۈۋاتقان بۇ ئالامەتلەر مېنى سەل مەڭدىتىپ قويدى. ئەمدى ماڭا بۇ شەھەردە مەندىن باشقا بىكار ئادەم قالمىغاندەك، ھەممىلا ئادەم تىجارەتچى، سودىگەر بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. مەن بۇرۇن ئىدارىدىن بېرىدىغان تۆت تەڭگىگە ئىشىنىپ ئۇلارنى «يايمىچى» قىزىل كۆزلەر دەپ كۆزگە ئىلىپ قويمايتتىم. ئەمدى بېشىمغا بۇ كۈن چۈشكەندە ئۇلار تارتقان دەردنى تارتماي جان باققىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

گۆشسىز تاماقنى كۆپ يېگەچكە قورسىقىممۇ ئاسانلا ئاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. پىيادە يول ماڭغاچقىمۇ ياكى تولا خىيال سۈرۈپ كەتكەچكىمۇ قورسىقىم كورگىراشقا باشلىغانىدى. شۇڭا ئالدىمدا كاۋاپ سېتىپ ئولتۇرغان 15 - 16 ياشلاردىكى بالىدىن بىر - ئىككى زىخ كاۋاپ ئېلىپ يېگەچ ئۇنى گەپكە سالماقچى بولدۇم. يانچۇقۇمنى ئاقتۇرۇۋىدىم، بىر يۈەن سەككىز مو پۇل چىقتى. مەن كاۋاپدانىنىڭ ئوتىنى چۇقچىلاپ تۇرغان بالىدىن سورىدىم:

- ئۇكا، ئۈچەي كاۋىپىڭنى قانچىدىن سېتىۋاتىسەن؟

- كەلسىلە، ئاكا ئولتۇرسىلا، بەش مو ئاكا، بۇ باشقا ئۈچەي كاۋاپلىرىغا ئوخشىمايدۇ. سېمىز توپاقنىڭ كۆتەن ئۈچىيىدىن قىلىنغان، بۇنىڭ ئالدىدا پاخلاننىڭ گۆشى يەپ ئىگىرەلمەي قالىدۇ، ئاۋۋال يەپ باقسىلا، يېمىگىچە ئۇقمايلا، تېتىمىسا پۇل ئالمايمەن، ئون زىخ كاۋاپ قالغان ئاكا، ئاخىرقى خېرىدار بەختلىك خېرىدار دېگەن گەپ بار. بەختلىرى باركەن، مانا ئەمىسە ئون زىخنى بېسىۋەتتىم... - تووۋا خۇدايىم، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ، بۇنچىۋالا گەپلەرنى نەدىن ئۆگىنىپ كەتكەندۇ بۇ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن گەپ دېگەن پىلىموتنىڭ ئوقىدەك چىقىدىكەن ئەمەسمۇ، ئۇ مېنىڭدىن سورىمايلا ئون زىخ كاۋاپنى بېسىۋەتتى. بىراق مەن يانچۇقۇمنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەچكە كالىنىڭ ئۈچىيىكەن، قوينىڭ ئۈچىيى بولسا يەيتتىم دەپلا ئاستا يولۇمغا كېتىۋالدىم. كەينىمدىن ھېلىقى بالىنىڭ بىرنەرسىلەرنى دەپ غوتۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن كوچىنىڭ قارشى قاسنىقىغا ئۆتۈپ، كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئەمدى مېنىڭ كاللامغا ئاشۇ بالا سېتىۋاتقان كالا ئۈچىيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قۇشخانا كەلدى.

بىزنىڭ ئۆي قۇشخانىغا ئانچە يىراق بولمىغاچقا پىيادىلا قۇشخانىغا قاراپ ماڭدىم ۋە قۇشخانىغا كېلىپ ئوڭ تەرىپىدىكى قوي - كالا، تۆگە - قوتازلارنى بوغۇزلايدىغان تەرەپكە كەلدىم. بۇ يەرگە مەن بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىم كەلگەن. بۈگۈن بۇ يەردىكى ئالامەتلەر مېنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى. يائاللا، ئالەمدە بار قوينىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، تۆشەپ ئەكېلىپ مۇشۇ يەردە بىر كۈندىلا سويۇۋېتىدىغان گەپمۇ نېمە. مەن ئۈچ چاقلىق ھارۋىلارغا بېسىپ توختىماي ئېلىپ چىقىپ كېتىپ بارسىمۇ يەنىلا كانارلارغا تىقما - تىقماق قىلىپ ئىسسىۋېتىشكەن پۈتۈن - پۈتۈن قوي گۆشلىرىگە قاراپ، ئىختىيارسىز شۇنداق دەپ پىچىرلىدىم. مەن تۈنۈگۈن ياغقان يامغۇر ۋە قان بىلەن پاتقاقلاشقان يەرنى ئاۋايلاپ دەسسەپ تۆپە يېپىلغان لاپاسلىق قۇشخانىغا كىردىم. تووۋا خۇدايىم، 20 دىن ئوشۇق ئادەم قانغا بويالغان ئۆچكە - ئوغلاقنى پۇتىنى بوغۇپ قاتار ياتقۇزۇپ قويۇپ بىر مىنۇتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بوغۇزلىۋەتتى. بېشىغا نېمە قىسمەتلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمىگەن ئۆچكىلەر بىرەر قېتىم ئاچچىق مەرىۋىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي جېنىدىن جۇدا بولىدىغان گەپكەن ئەمەسمۇ.

مەن ئەمدىلا قۇشخانىدىن چىقىپ تۇراتتىم، بىرسى مۈرەمگە كۆچەپ ئۇردى. مەن چۆچۈپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم، ئالدىمدا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، سودا - سانائەت باشقۇرۇش پونكىتىدا ئىشلەۋاتقان تۇرسۇن تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا مەنىسىز ھىجاراپ قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئۇ مەغرۇرانە ھالدا قولۇمغا شاپىلاقلاپ كۆرۈشۈپ ساۋاقداش چاغلىرىمىزدىكىدەك قوپاللىق بىلەن ئەھۋال سوراشقا باشلىدى:

- ھە، لاتا، قانداق بولۇپ بىزنىڭ بۇ ياقلارغا كەپ قالدىڭ؟ گۆشكە كەلدىڭما، كاللا - پاقالچاققىمۇ؟ بۇ يەردە قانداق ئىشىڭ بولسا ئاكاڭنى ئىزدىسەڭ بولىدۇ. ھازىر بىزنى سەن ئەمەس، خېلى - خېلى ئادەملەر ئىزدەيدىغان بولۇپ كەتتى. گۆش ئالامسەن، كىلوسى 15 كويلۇق گۆشنى 10 كويدىن ئېلىپ بەرگۈچىلىكىم بار...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ئۇ شۇنداق تېزلىك بىلەن سۆزلىدىكى، نېمە دېيەرىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم.

- ماڭە، تاماققا ماڭغانتىم، بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى. سەن مازنى مۇشۇنداق چاغدا بىر كۆرۈپ قالمىساق، يا بىر ئۇچراتقىلى بولمىسا، خوتۇنىڭنىڭ ئاستىدىن چىقالماي كەچكىچە ئۆيدە ياتىدىغان ئوخشايسەن، - تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com



ئۆزى گەپ قىلىپ ئۆزى كۈلەتتى. ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرەتتى. مەن پەقەت، «بولدى ئاز گەپ قىلە، نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن» دېگەندىن باشقا ھېچنەرسە دېيەلمىدىم.

تۇرسۇن مەكتەپتىمۇ تۇزۇك ئوقۇمىغان، ھە دېسە بالىلار بىلەن مۇشتلىشىپ، جېدەللىشىپلا يۈرىدىغان، قىز ئوقۇغۇچىلارنى بوزەك قىلىپ يىغلىتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان بالا ئىدى. دەرسنى تۇزۇك ئۆگەنمىسىمۇ ئىمتىھان ۋاقتىدا يۇقىرى نومۇر ئالاتتى. ئۇنى بىر - ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ بازاردىكى سودا - سانائەت باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى بولۇپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەكتەپتىكى چاغلىرىمدىلا ئۇنىڭ بىلەن ئانچە چىقىشالمىغاچقا ئۆزئارا ئىزدەشمەيتتۇق. لېكىن ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا قاتنىشىپ، تويىنىڭ ھەشەمىتىدىن ھەيران قالغانىدىم. ئۇنىڭ تويىغا نە - نەلەردىن داڭلىق سازەندە، چاقچاقچىلار تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئەللىك نەچچە شىرەسى بار شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ بۇ رېستورانغا ئادەم پاتماي قالغانىدى.

ئالدىمىزغا كەلتۈرۈلگەن ھورى چىقىپ تۇرغان بىر لېگەن پىتىر مانتا مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. قورسىقىم ئاللىبۇرۇن ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكەچكە، تۇرسۇننىڭ گەپلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي مانتىغا ئىشتىھا بىلەن تېگىش قىلدىم. مانتىدىن قانچىنى يېگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. قورسىقىم تويۇپ ئېغىر كىكىرىۋەتتىم.

- پاھ، مانتىنى سەن يېسەڭ بولىدىكەن جۇمۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئوتتۇزنى بۇيرۇتۇپتىكەنمەن، مەن تۆتنى يەپ بولغۇچە، مانتا دېگەن سېنىڭ ئاغزىڭغا سەپراس بولۇپ يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەتتى ئەمەسمۇ،- تۇرسۇننىڭ چاقچىقىدىن سەل خىجىل بولغان بولساممۇ باشقا گەپ قىلماي ھېجاراپ قويۇپ:

- ئەتىگەن ئالدىراشچىلىقتا چاي ئىچمىگەنىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مانتىمۇ ئالامەت ئوخشاپتۇ جۇمۇ،- دەپ قويدۇم.

- ئەمدى سەن گەپ قىلە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنىدىڭ؟ باشقا ساۋاقداشلار دائىم دېگۈدەك ئىزدەپ تۇرىدۇ، تۈنۈگۈن تېخى كامىل ئەجدىھا كەپتىكەن، يۈز كوينى كۆتۈرۈپ كېلىپ «موزاي گۆشى ئالىمەن» دەيدۇ. مەندىن نېمە كېتەتتى دەپ، ئالدى - كەينىنى سۈرۈشتۈرمەي نوچى موزاينىڭ گۆشىدىن 20 كىلونى تۇتقۇزۇپ قويدۇم. مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتمىساق، ساۋاقداش دېگەننى يا باشقا بىرنەرسە قىلغىلى بولمىسا...- تۇرسۇن ئۆزىنىڭ گېپىدىن ھۇزۇرلانغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

- ھەي، ساڭا نېمە دېسەم بولار؟ ھازىر مەن ئىشسىز قالدىم. خوتۇننىڭ مائاشىمۇ بىردە بار، بىردە يوق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىرەر ئىش - ئوقەت قىلمىساق جان باقماق تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا سېنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ كەلگەنىدىم،- مەن ئەسلى ئۇنى ئىزدەپ كەلمىگەن بولساممۇ يالغاندىن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندەك بولۇۋالدىم.

تۇرسۇن ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك بىر خىل تەرىزدە قاراۋەتكەندىن كېيىن:

- ھە مۇنداق دە، بۇنداق بولسا بولماپتۇ، مەن ساڭا كانار ئېلىپ بېرەي، قاسساپلىق قىلىپ باقامسەن؟- دېدى جاۋابەن.

- مەن ئۆمرۈمدە قوشقاچمۇ سويۇپ باقمىغان تۇرسام، قاسساپلىقنى قىلالمايمەن جۇمۇ،- دېدىم.

- ئۇنداق بولسا دۇكان ئاچ، كۆردۈڭمۇ ئانى،- تۇرسۇن ئاشخانىنىڭ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىسىدىن يولنىڭ قارشى قاسنىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ بىر قۇرۇلۇش مەيدانى ئىدى.

- مانا مۇشۇ يەرگە بەش قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىنىۋاتىمىز. ئەگەر تەخىر قىلساڭ مانا مۇشۇ بىنادىكى نوچى دۇكاندىن بىرنى ئۆزۈمنىڭ نامىدا ئېلىپ ساڭا بېرىمەن. ئۇ چاغدا سەنمۇ مۇھەممەت بايۋەچچە بولۇپ بىزنى تونۇماي قالامسەن تېخى.

تۇرسۇن مانتىدىن مايلاشقان ئېغىز - قوللىرىنى تازىلىق قەغىزىدە سۈرتكەچ نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا «بايۋەچچە بولۇپ كەتمىسەكمۇ جېنىمىزنىلا باقساق بولاتتىغۇ» دېمەكچى بولۇپ گېپىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. چۈنكى ئۇ ماڭا دەرھال ئەسقاتىدىغان بىرەر چارە تېپىپ بېرەلەيدىغاندەك قىلمايتتى.

- پاھ، ماۋۇ ئادەمنىڭ كىرىۋالغان يېرىنى كۆرمەمدىغان، خەلچەمخاچامنىڭ مانتىسىغا تازا كۆنۈپ قالدىڭىز جۇمۇ،- دېيىشىپ تۇرسۇننىڭكىگە ئوخشاش سودا - سانائەت باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئۈچ - تۆتەيلەن كىرىپ كەلدى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ تۇرسۇندا مۇھىم ئىشى باردەك قىلاتتى، تۇرسۇن ئۇلار بىلەن نېمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلاشقاندىن كېيىن ماڭا:

- ئاداش، بۈگۈن مۇھىم بىر ئىشىم چىقىپ قالدى، گەپ بولسا كېيىن قىلىشارمىز،- دەپلا قولۇمنى سىقىپ قويغاندىن كېيىن ھېلىقىلار

بىلەن چىقىپ كەتتى. مەن ماتىننىڭ ئىسسىقى باسقاچقىمۇ بىردەم ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ چىشمىنى كولىغىنىمچە ئاشخانىدىن چىقتىم.

ئەمدى مەن يولنىڭ قارشى قاسنىقىدىكى قوي - كالا گۆشى توپ سېتىش بازىرىغا پاراللېل سېلىنغان قاتار ئۆيلەرگە سەپسېلىشقا باشلىدىم. بۇ قاتاردىكى ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى دۇكان، ئاشخانا، ساتىراشخانا ئىدى، بەزىلىرى مۇشۇ بازارنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئىشخانىلىرىدەك قىلاتتى. مەن ئاشۇ قاتاردىكى ئىشىكى ئېتىپ قويۇلغان بوش ئۆيلەرگە قاراشقا باشلىدىم.

شۇ چاغدا بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە چاپلاپ قويۇلغان ئۆي ئىجارىگە بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەتكە ۋە ئالاقىلىشىش تېلېفونىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئىشىكتىكى خەتنى دىققەت بىلەن ئوقۇۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن ياندىكى ئاشخانا ئالدىدىكى 20 نەچچە ياشلاردىكى يىگىت يېرىۋاتقان ئوتۇننى قويۇپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى.

- ئاكا، قارىغاندا سىزگە دۇكان لازىم ئوخشىمامدۇ؟

مەن «شۇنداق» دېگەندەك باش لىڭشىتتىم. ئۇ خۇددى مال بازىرىدىكى ماھىر بېدىكچىلەردەك سۆزلەشكە باشلىدى.

- دۇكان ئاچاي دېسىڭىز مۇشۇنى ئېلىڭ، بۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى بىلەن ئوبدان تونۇشىمەن، نەچچە كۈننىڭ ياقى كەلگەن خېرىدارلارنى ئۇنى - بۇنى دەپ قايتۇرۇۋەتكەنىدىم. سىز كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدىڭىز، مەن دېيىشىپ ئەرزانراق ئېلىپ بېرىمەن. بۇ ئەتراپتا دۇكان يوق، ئەگەر بۇنى دۇكان قىلىۋالسىڭىز، ئۇقەت دېگەن مانا مۇشۇ يەردە ئاقىدۇ. مانا ماۋۇ گۆش بازىرىدىكى قاسساپلارنىڭ ئارىسىدا ئىچمەيدىغىنى يوق. ھاراق، تاماكا، پىۋا دېگەنلەردىن سەپ قويىدىغان بولسىڭىز بۇ قاسساپلارنىڭ پۇلىنى سۇغۇرۇپ ئالىسىز. خېرىدارغا بىر سەر گۆشنى ئوشۇق بېرىۋېتىشنى گۇناھ ھېسابلايدىغان ئۇ قاسساپلار ھاراققا كەلگەندە شۇنداق سېخىيلىشىپ كېتىدۇكى، ئەگەر ئاپام بەش ۋاق ناماز ئوقۇمىغان بولسا مەنمۇ بۇ ئاشخانىنى قاۋاقخانىغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتىم. . .

- ئۇكا، ئۇنداق بولسا دۇكاننىڭ ئىگىسىگە تېلېفون قىلىپ باقمامدۇق،- دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ. يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مەندە غايىۋانە بىر خىل قىزىقىش پەيدا بولۇپ قالغانىدى.

- مېنىڭ ئاكا، ئايەردىلا تېلېفون بار،- مەن يىگىتنىڭ كەينىدىن دوقمۇشتىكى تېلېفون بوتكىسىنىڭ يېنىغا كەلدىم. يىگىت تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ چاقىرغۇ قىلدى. كۆپ ئۆتمەيلا تېلېفون ياندى. يىگىت قارشى تەرەپ بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن،- دۇكانغا بىر خېرىدار چىقىپ قالدى. كەلسىڭىز بوپتىكەن،- دېدى - دە، تېلېفوننى قويۇپ،- مېنىڭكە ئاكا، بىزنىڭ ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ تۇرايلى،- دەپ مېنى باشلاپ ماڭدى. . .

شۇ كۈنى كەچتە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ئايالىمغا بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ دەپ بەردىم.

- نەدىكى بىر ئادەملەرمۇ ئاشخانا ئاچتۇق، ماگىزىن ئاچتۇق دەپ بېيىپ كەتكىلى تۇردى، بىزمۇ بىر دەتتىكام دەپ ئېچىپ باقساق، يا قاينامدىن، يا سايرامدىن چىقاتتۇق. تايىنى يوق تۆت تال مائاشنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆتكەن بىلەن، يىگىنىمىز چىرايىمىزغا چىقمايدىغان ئوخشايدۇ، دۇكاننىڭ يېرىم يىللىق ئىجارىسىنى 2400 يۈەن دەمدۇ، ھە بوپتۇ. يەنە مىڭ يۈەن بولسا دۇكاننىڭ ئىچىنىمۇ ئانچە - مۇنچە ئوڭشاپ مالمۇ سېلىۋالالايدىكەنمىز، بولدىلا، ئۈچ يېرىم مىڭ يۈەن پۇل دېگەننى ھەدەملەردىن ئالايلى.

خوتۇننىڭ بۇنداق دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، راست گەپنى قىلسام خوتۇنۇمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. دېمىسىمۇ تاغدەك بىر ئەر تۇرۇپ تۆت تەڭگە پۇلغا كۈچۈم يەتمىسە. . . خوتۇن «ئەركىشى بولغاندىكىن قىلىپ باقامسەن» دەپ ئوڭدا يېتىۋالسا نېمە دېگىلى بولىدۇ.

خوتۇنۇم ئەتىسى ھەدىسىنىڭ ئۆيىدىن 4 مىڭ يۈەن ئېلىپ كەپتۇ. ھالى يوغانراق باجام بىلەن ئانچە ئېقىم كېلىشمىگەچكە، مەن بۇ ئىشنى ئۇقمايدىغان ئادەمدەك قۇلىقىمنى يوپۇرۇۋالدىم. بىر قورساق ئاچا - سىڭىللار بولغاندىكىن ئۆزلىرى چىقىشىمامدۇ.

## 2

ئەپلەپ - سەپلەپ يۈرۈپ دۇكانىنىمۇ ئېچىۋالدۇق. مانا ئۈچ كۈن بولدى. پۇكەينىڭ ئىچىدە كىم كىرىپ قالاركىن دەپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. بەزىلەر بېشىنى تىقىپ قويۇپ، خۇددى ئېزىقىپ كىرىپ قالغان ئادەمدەك ئالدىراپ چىقىشىپ كېتىپ بارىدۇ. دۇكانغا ھە دېگەندە تۇرلۇك تاماكا، ھاراق شاكىلات، سېغىز كەمپۈت دېگەندەك نەرسىلەرنى سېلىپ قويغانتۇق. ئىككى - ئۈچ سائەتتە بىرەر

www.uyghurkitap.com



خېرىدار كىرىپ بىرەر قاپ تاماكا ئالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، سودا پەقەتلا بولمايۋاتاتتى. ئالدىنقى ئىككى كۈندە سودا ئوتتۇز يۈەندىنمۇ ئاشماپتۇ. تۈنجى كۈنى ئايالىم:

— بوپتۇ، ھېچقىسى يوق، بۈگۈنلا ئاچسىڭىز، بۈگۈنلا سودا بولۇپ كېتىدىغان ئىش يوق. خېرىدار دېگەن ئاستا - ئاستا كۆنىدۇ، — دەۋاتاتتى. تۈنۈگۈن يەنە سودا يوق دېسەم ئۇڭ - تەتۈر تەگكىلى تۇردى.

— بىر ئوبدان ئىشىڭىزنى قاملاشتۇرالماي ئىش ئورنىڭىزدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم، ئەمدى دۇكان ئاچالامتىڭىز. ھەددەم بىچارىلەرنىڭ 4 مىڭ يۈەن پۇلىنى شامالغا ئۇچۇرمەن دەڭە، يائاللا، ئەمدى شامال يەپ، بوران كىكىرىدىغان ئوخشايمىز.

ئايالىمنىڭ بۇنداق قاقشاشلىرى ئەمدى مېنى «بۇ دۇكاننى نېمىشقىمۇ ئاچقاندىمەن؛ بىرەر يەردە مەدىكارلىق قىلغان بولسامۇ بۇ كۈنگە قالماستىم» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈردى.

دۇكانغا كىرىپ بىرنەرسە ئالىدىغانلار ئاز بولغان بىلەن كىرىپ مەسلىھەت بېرىدىغانلار كۆپىيىپ كەتكىلى تۇردى. بىر چاغدا ئالدىنقى كۈنى ئۆزىنى مەن بىلەن تېگىمىز بىر يەرلىككەن دەپ يېقىنچىلىق قىلىپ كەتكەن 50 ياشلاردىن ئاشقان قىزىل يۈزلۈك، ئاق سېرىق، چېچىنى پاكىز چۈشۈرۈۋېتىپ كەپكە كىيىپ يۈرىدىغان ھوشۇراخۇن سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرىپ كەلدى. تېخى سائەت 10 بولمىغىنىغا قارىماي ئۇ ماڭا ھاراق بۇيرۇتتى.

— ئۇكا «شاۋبەيياڭ»دىن بىرنى ئېلىۋېتە، — ئۇ ئالدىمغا ئۈچ يۈەننى تاشلاپ قويدى. مەن ئۇنىڭ دېگەن ھارىقىنى ئېلىپ بەردىم. ئۇ ھاراقنى مەن ئېلىپ بەرگەن سىركايغا تولدۇرۇپ قويۇپ، تىنماي كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن قولىدىكى موخۇركىسىنى قاتتىق شورىۋېتىپ، ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەكچى بولغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇكا، سەن دۇكاننى بۇنداق ئاچساڭ بولمايدۇ، قاراپ تۇرۇپ قىپقىزىل زىيان ساڭا بولىدۇ. قارا، دۇكىنىڭ شۇنچە چوڭ بولغاندىكىن ماۋۇ پۆكىيىڭنى سەل كەينىگە تارتساڭ، مانا ماۋۇ ئارىلىققا ئىككى دۈگىلەك جوزا قويغىلى بولىدۇ. ئاشۇ ئىككى جوزاڭغا پار قىلىپ سەككىز - ئون ئورۇندۇق قويۇپ قويساڭ، بىزنىڭ قاسساپ باللار شۇ چاغدا كۆنىدۇ. ئۇ چاغدا سەن رېستوراندىكىلەر تاپالمىغان پۇلنى تاپىسەن. بولمىسا مۇشۇنداق ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇرغىنىڭ ئولتۇرغان. پۇل تاپماقنى ئۇنچە ئاسان چاغلاپ قالما ئۇكا، بۇ ئىشمۇ سەكسەن پۈتىغى، 160 چاتىقى بار ئىش.

ئۇ ئاخىرقى سۆزىدىن ئۆزىمۇ مەمنۇن بولغاندەك ھاراقنىڭ قالغان يېرىمىنى سىركايغا قۇيۇپ يەنە بايىقىدەك تىنماي كۆتۈرۈۋەتتى - دە، «ئۇكا، بۈگۈن گۆشنى جىقراق ئېلىپ قويۇپتىكەنمەن. خېرىدارلىرىم كېلىدىغان چاغ بولۇپ قالدى» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ھوشۇراخۇننىڭ دېگەن گېپىنى سەل ئويلىنىپ قالدىم. شۇ كۈنى كەچتە بۇ خىيالىمنى ئايالىمغا دېگەنىدىم. بۇ گەپ ئۇنىڭمۇ ئىدىيىسىدىن ئۆتتى. بۈگۈن سەكسەن يۈەنلىك سودا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ چىرايى خېلى ئېچىلىپ قالغانىدى.

— بىلگەن بىلگىنىنى قىلار، بىلمىگەن نېمىنى، دەپ ئاشۇ ھوشۇركام دېگەن ئادەم خېلى ئىش بىلىدىغان ئادەمدەك قىلىدۇ. ئەنە ئاشۇنداق ئادەملەردىن پايدىلىنىشنى بىلىڭ. ماۋۇ ئۆيىمىزدىكىدەك تۇرسۇنئايلارنىڭمۇ دۈگىلەك جوزىسى بار، ھازىرلا سوراپ ئەكىرەي.

شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىككى دۈگىلەك جوزا، ئون نەچچە تال ئورۇندۇقنى ئۈچ چاقلىق ھارۋىكەشكە كىرا قىلىپ دۇكانغا ئەكېلىپ ھېلىقى ھارۋىكەشنىڭ ياردىمى بىلەن بىردەمدىلا جايلاشتۇرۇۋالدىم. لەيلەپ تۇرغان دۇكان راست دېگەندەك قويۇقلىشىپ ئىسكەت كىرىپ قالغاندەك بولدى. قاسساپ باللارمۇ بىزنىڭ دۇكاندىكى يېڭىلىققا قىزىقىۋاتقاندەك، «ماۋۇ ئىشىڭىز قاملىشىپتۇ، ئەمدى ئارامخۇدا ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ، ئەمەسمۇ» دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپ باراتتى. ھوشۇراخۇن يەنە بۇرۇنقىدەك يۇرە مېڭىشىدا كىرىپ كەلدى. ئۇ دۇكاندىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئۆز مەسلىھەتىنىڭ تېزلا ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن خۇشال بولغاندەك سۆزلەپلا كەتتى.

— تىجارەت دېگەنمۇ جەڭ. جەڭ دېگەنگە ئاز - تولا رەڭ ئىشلەتمىسەڭ بولمايدۇ. قاراپ تۇر - ھە، ھازىرلا مۇشۇ يەرگە بىر سورۇن ھازىرلانمايدىغان بولسا. . . — ئۇ شۇنداق گەپلەرنى قىلغاچ يەنە ئۈچ يۈەننى ئالدىمغا تاشلاپ «شاۋبەيياڭ»دىن بىرنى ئېلىپ، سىركايغا يېرىمىنى قۇيۇپ تۈنۈگۈنكى پەدىسىدە غورتۇلدۇرۇپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئۇكا، ماۋۇ ھاراقنى ھازىرچە ئوبدانىراق بىر يەرگە قويۇپ قويغىن، بۈگۈنكى تۇنجى سورۇننى ئۆزۈملا راسلاپ بېرەي، — دېدى - دە، دۇكاندىن چىقىپ گۆش بازىرى تەرەپكە قاراپ چىقىپ كەتتى.

قارىغاندا ئۇ بىرنەچچە ئۈلپەتلىرىنى يىغىپ كېلىپ، بىزنىڭ دۇكاننىڭ تۇنجى سورۇنىنى

باشلىنىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. راست دېگەندەك ھوشۇراخۇن كۆپ ئۆتمەيلا يەتتە - سەككىز ئۆلپىتىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كىچىكلىرى ئون سەككىز، يىگىرمە ياشلاردا بولۇپ، ئەڭ چوڭلىرىمۇ 30 ياشلارغا كىرمىگەنىدى. ھوشۇركام مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىمنى بىلىپ قالغاندەك، ئۇلارنى ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

- ئۆلپەتچىلىكنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق دېگەن مانا مۇشۇ، قارىمامسىز، بۇ باللار بىلەن مانا مۇشۇنداق ئىچىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا يەتتە - سەككىز يىل بولۇپ قالدى. مانا ماۋۇ ئىككىسىنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلغىنىغا تېخى بىر يىل بولمىدى. چوڭ - كىچىك ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق دەردىمىز بار. ئىچىپ تۇرمىساق داتلىشىپ كەتكەن ماشىنىدەك ھەرىكەتتىن توختاپ قالىدىكەنمىز. قېنى ئۇكا، «شاگاڭ داچۇ»①دىن ئىككىنى ئەپ بېرىۋەتتە،- ئۇ ئالدىمغا باشتا بەش يۈەننى تاشلاپ كەينىدىن يەنە ئىككى يۈەننى تاشلىدى،- مانا ماۋۇ ئىككى يۈەنگە خاسىڭ مېغىزىدىن توغرىلىۋەت، شۇنى بولسىمۇ زاكۇسكا قىلىپ ئىچىلى. مەن ئىككى بوتۇلكا ھاراق بىلەن بىر تەخسە خاسىڭ مېغىزىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ھوشۇراخۇن ئۆلپەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ سورۇننى باشلاپ كەتتى.

ئولتۇرۇش خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. بۇ ئىش ماڭا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى ئەسلىتەتتى. ئىچىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى «گۆشنىڭ يېنىغا چىقىپ باقايلى جۇمۇ» دېيىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا بەزى يېڭىلىرى كېلىپ قوشۇلدى. باشتا ئولتۇرغانلاردىن ھوشۇراخۇن بىلەن قادى يەكەنلا قالدى. ھوشۇراخۇننىڭ ئاق قىزىل يۈزى قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق ئۇ مەست بولۇپ قالغاندەك قىلمايتتى. گەپ - سۆزلىرى كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئاغىل - تاغىل پاراڭ قىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ ئارىلىقتا يېرىم سائەتتەك يوقاپ كېتىپ كىردى، ئۇ چىقىپ كەتكەندە كىمدۇ بىرى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ساقىلىقنى قايتۇرۇۋېلىپ، ھاراقنىڭ كىمگە كەلگەنلىكىنىمۇ سورۇشتۇرمەي، ئاۋۋال ئۆزىگە قۇيۇپ ئىچىۋېتىپ، يەنە ھاراقنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى.

① ئۇلار شىنئەن داچۇنى شۇنداق ئاتىشىۋالغانىدى.

ھوشۇراخۇن بايا تاماق يەپ كىرگەن بولسا كېرەك، بىر - ئىككى رومكا ئىچىپلا رەسمىلا قىزىپ قالدى. ئۇ باللارنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالماي كۆزىنى يېرىم يۇمۇۋېلىپ جىرلىغىلى تۇردى:

سىگانۇشكا، سىگانۇشكا
سۆيگەن يارىم مامۇشكا
. . . . . .

بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇش خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. باشتا خېلى تەرتىپلىك ماڭغان بۇ ئولتۇرۇش كېيىن تەرتىپسىزلىشىپ، قىيا - چىياغا ئايلاندى. ئاخىرىدا ھاراق ئالدىغان ئادەم چىقمىغاچقا ئولتۇرغانلار بىردىن - ئىككىدىن تارقاپ كېتىشتى. يالغۇز قالغان ھوشۇراخۇن جوزىغا باش قويغىنىچە خورەك تارتىپ ئۇخلاشقا باشلىدى. مەن ئۇلار ئولتۇرغان يەرنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ سۈپۈرۈپ ئادالىۋەتتىم. ئۇ بايىقى سىگانۇشكىسىنى چۈشىدە ئېيتىۋاتقانمىكىن، ئۇخلاپ تۇرۇپ خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.

مەن قايتماقچى بولۇپ غەللىنى ساناپ باقتىم. پاھ، بۈگۈن توپتوغرا ئىككى يۈز يىگىرمە يۈەنلىك سودا بوپتۇ. خوتۇن ئاڭلىسا خۇش بولۇپ قالىدىغان بولدى. بولۇپمۇ خوتۇننىڭ ھەدىسى خۇش بولىدىغان بولدى. چۈنكى ئۇ دۇكىنى ئاقماي قالسا ھېلىقى 4 مىڭ يۈەننى بېرەلمەي قالارمىكىن، دېگەندەك، كۈندە كېلىپ، «دۇكاننىڭ ئەھۋالى قانداقراق، تىرىك جان بولغاندىكىن ئەپلەشتۈرەسىلە» دەپ كوتۇلداپ قويىدىغان بولۇۋالغانىدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئايالىم سودىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خېلى جانلىنىپ قالدى.

- مۇسۇلمانچىلىق دېگەن ئاستا - ئاستا دەپتىكەن،- دېدى ئۇ بىر تەخسە لەغمەننى ئالدىمغا سىپايىلىق بىلەن قويۇۋېتىپ،- خەقلەردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇنداق دۇكانلارغا ئاممىۋى تېلېفوندىن بىرەرنى ئورنىتىۋالساق ئۇنىڭ پايدىسىمۇ بەك ياخشى بولارمىش، دۇكان بۈگۈنكىدەكلا مېڭىپ بەرسە، ئېشىنغان پۇلىمىزغا تېلېفون ئورنىتىۋالساق بولارمىكىن، ھازىر تېلېفون ئورنىتىش ھەققىمۇ تۆۋەنلەپ بىرەر مىڭ كويلارغا چۈشۈپتۇ دەپ ئاڭلايمەن. تونۇش - بىلىش بولسا تېخىمۇ ئەرزان ئورنىتىپ بېرەرمىش.

مەن ئىككى سىپايلا لەغمەننى يېرىملاشتۇرۇپ قويغانىدىم. ئەتىگەننىڭياغى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۇكاننىڭ قىزىقچىلىقىدا ئازراق خاسىڭ مېغىزى بىلەن نان يېگەندىن باشقا بىرنەرسە يېمىگەنىدىم. ئايالىم ئالدىمغا ئىككىنچى تەخسە لەغمەننى ئەكېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىگىمۇ ئاش سېلىپ يېيىشكە باشلىدى.

- ھوشۇركام دەيدۇ، - دېدىم مەن ئىككىنچى تەخسە لەغمەننىمۇ ناھايىتى تېزلا يەۋېتىپ ئاش سۈيىنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، - دۇكانغا گاز ئوچاقتىن بىرنى قىلىپ قويۇڭلار، ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكەنلەرگە ئانچە - مۇنچە چاي قۇيۇپ قويساڭمۇ، ياكى قاسساپلار ئۆزى كۆتۈرۈپ كىرگەن گۆشلەرنى پىشۇرۇپ بېرىپ ھەققىنى ئالساقمۇ خېرىدارنى كۆپەيتىشكە پايدىسى بولغۇدەك.

- يەر ئاستى ئۆيدە بىر ئوبدان كونا ئوچىقىمىزمۇ تۇرىدۇ، ئۆيدىكى ئىككى تۈگىنىڭ بىرىنى دۇكاندا ئىشلەتسەكلا بولىدىغان گەپكەنغۇ، ئۆزىڭىزمۇ دۇكاندا ئۇنى - بۇنى قىلىپ يەيسىز ئەمەسمۇ.

ئايالىمنىڭ مەسلىھەتلىرى بۈگۈن مېنى خېلى خاتىرجەم قىلىپ قويدى. «خۇدايىم بەرسە پەيغەمبىرىم غېنىڭ قىلالماپتۇ» دەپ دۇكان يۈرۈشۈپلا كەتسە خەققە سارغىيىدىغان ئىشلارمۇ تۈگەپ كېتەمدۇ نېمە؟ مەن يوتقانغا كىرىپ يېتىۋالغاندىن كېيىن ئاشۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن تېزلا ئۇيقۇغا كەتتىم.

3

دۇكان ئاچقىنىمىزغا ھايت - ھۇيت دېگىچە مانا ئالتە ئايدىن ئېشىپتۇ. دۇكانغا كىرىدىغان خېرىدارلىرىمىزمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ تىجارىتىمىز روناق تاپقىلى تۇردى. ھازىر بۇ دۇكاننىڭ ساپ پايدىسى ئايدا 2 مىڭ يۈەندىن كەم بولمايۋاتىدۇ. مۇشۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا دۇكاننىڭ تۇرلۇك كەم - كۈتىلىرىنى تولۇقلىۋالدۇق. بۇ يەردە ياز كۈنلىرى سوغۇق ئىچىملىك ۋە پىۋا ئىچىدىغانلار كۆپ بولغاچقا توڭلىتىش ساندۇقىدىن بىرنى ئېلىۋالدۇق. ئاممىۋى تېلېفونمۇ ئورنىتىۋالدۇق. ئەڭ خۇشال بولىدىغان يېرىم باجامنىڭ 4 مىڭ يۈەن پۇلىنىمۇ قايتۇرۇۋالدۇق. ئەمدى مەنمۇ رەسمىلا خوجايىنلارغا ئوخشاپ قالغىلى تۇردۇم. بۇرۇنقىدەك ئۈچ يۈەنلىك ھاراقتىن بىرنى ئەپ قويۇپ نەچچە سائەت ئولتۇرىدىغانلارغىمۇ خۇشامەت قىلىدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتىپ «تېزرەك ئىچىڭلار، بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ قويۇپ كەچكىچە سورۇن ئىگىلەپ ئولتۇرساڭلار باشقىلار نەدە ئولتۇرىدۇ»

دەپ قوپال تېگىدىغان بولۇۋالدىم. ھوشۇراخۇنىمۇ ئەمدى ماڭا مەسلىھەت سالالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ھازىر بىزنىڭ بۇ دۇكاندا بوتۇلكىسى 20 نەچچە كوي، ئوتتۇز كويلۇق ھاراق ئىچىدىغان قۇشخانا ۋە گۆش بازىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇ ماڭا بۇرۇنقىدەك چاقچاق قىلالمايدىغان، ئادەتتىكى گەپلىرىگىمۇ تەكەللۇپ ئارىلاشتۇرىدىغان بولۇۋالغانىدى. ھېلىقى ئاق ساقاللار سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ قالغان كۈنلىرى ھوشۇركام كىرىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالاتتى.

دۇكىنىمىز خۇددى ئىقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىدەك يۈرۈشۈپ كېتىپ باراتتى. دۇكاننىڭ خېرىدارلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەمدى دۇكاننىڭ سودىسىنى ئەتراپتىكىلەردىن ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلاردىنمۇ يوشۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. خوتۇننىڭ ھەدىسى پىنسىيىسىگە چىقىۋالغاچقا، «بىكار يۈرگىچە دۇكان ئاچسام بولارمىكىن، سىلەرنىڭ ئاشۇ ياقلاردا دۇكان ئاچقۇدەك يەر يوقمۇ؟» دەپ سورايدىغان بولۇۋالدى. بىز دۇكاننىڭ ئەھۋالىنى مىڭ يوشۇرغىنىمىز بىلەن ئۇلاردىن قەرز ئالغان 4 مىڭ يۈەننى ئىككى ئاي ئىچىدىلا تۆلىۋېتىپ، ھال - كۈنىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىپ بارغانلىقى ئۇلارنىڭ ئازراق بولسىمۇ ئىچ تارلىقىنى قوزغاۋاتاتتى. بولۇپمۇ يېقىندا ئۇن نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ ئۆيىمىزنى زىننەتلىۋالغانلىقىمىز ئۇنىڭ ھەدىسىنى ئولتۇرالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك ئايالىمنىڭ ئىدارىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىپ مۇكاپات پۇللىرىمۇ كۆپىيىپ كېتىپ باراتتى. ئەگەر ئايالىمنىڭ ئىدارىسى يەنە بۇرۇنقىدەك مائاشىنى ۋاقتىدا بېرەلمىگەن بولسا ئۇنى «بولدى قىل، ئىشىڭنى تاشلاپ دۇكانغا قاراش» دېمەكچىدىم.

بۈگۈن دۇكاننى ئادەتتىكىدىن ئەتىگەنرەك ئىچىۋەتتىم. قۇشخانىدا سەھەر سائەت ئىككى - ئۈچلەردىلا ئادەم مىڭىلداپ كېتەتتى. تاماكا ئالىدىغان، تېلېفون ئۇرىدىغانلار ئاشۇنداق چاغدىمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇراتتى. لېكىن مەن سائەت ئالتە - يەتتە بولمىغۇچە دۇكاننى ئاچمايتتىم. چۈنكى كەچتىمۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇرۇۋېلىپ ھاراق ئىچىدىغانلار بولغاچقا دۇكاندا ھېرىپ ھالىمدىن كېتىپ ئۆيگە بېرىپ دۈملا چۈشۈپ بىر ئۇخلىغىنىمچە ئەتىگەن سائەت بەشتىن ئاشمىغىچە ئورنۇمدىن تۇرمايتتىم.

مەن بۇرۇن دۇكان ئاچماقتەك ئاسان ئىش يوق، مالنى ئەكىلىپ سەپ قويۇپ، خېرىدار تەڭلىگەن پۇلنى ئېلىپ غەللىگە سېلىپ، مالنى ئېلىپ بەرسەم بولدى دەپ ئويلايتتىم. دۇكان دېگەننىڭمۇ ساناپ تۈگەتكۈسىز جاپاسى باركەن ئەمەسمۇ. سودا بەكرەك يۈرۈشۈپ كەتكەن كۈنلىرى ھاجەتخانىغا چىقىپ كىرىۋېلىشىڭىزمۇ چوڭ بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. گاھى كۈنلىرى دۇكانغا نەچچە سائەتلەپ بىرەر خېرىدار ئېزىپ - تېزىپ بولسىمۇ كىرىپ قويمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەمنى مۇڭ باسىدۇ، يىغا ئولىشىدۇ، بۇنداق يالغۇز قالغان چاغلاردا خىيالىڭىزغا كەلمىگەن خىياللار كېلىدىكەن، رەھمەتلىك ئاتا - ئانىڭىز ئېسىڭىزگە كېلىدىكەن. باللىق چاغلىرىڭىز، ئاشۇ چاغلاردىكى دوستلىرىڭىز كۆز ئالدىڭىزغا كېلىۋېلىپ، سىزنى ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىڭىز ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندەيدىكەن. بۈگۈنمۇ دۇكانغا سائەت 10 بولغۇچە بىرەر خېرىدار بېشىنى تىقىپ قويمىدى. مەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىمچە باللىق چاغلىرىمغا سەپەر قىلدىم.

14 ـ 15 ياشقا كىرگەن چاغلىرىمغۇ دەيمەن، بىزنىڭ يۈز نەچچە ئائىلىلىك بار بۇ مەھەللىدە دادۇينىڭ بىرلا دۇكىنى بار ئىدى. ئۇ يەر بىزنىڭ ئەڭ چوڭ كۆرىدىغان، كىرىشكە ئەيمىنىدىغان يېرىمىز ئىدى. دۇكاندا چاي، تۇز، كىرسىن، رېزىنكە ئاياغ، ئارغامچا، توقۇناق، پارچە ھاراق، موخوركا دېگەندەك نەرسىلەر سېتىلاتتى. دۇكان خېلىلا يوغانىدى. ئالدىغا ئۇزۇن بىر لىمنىڭ ئىككى بېشىغا كۆتەكنى باسۇرۇپ ئورۇندۇق قىلىپ قويۇلغانىدى. مەھەللىنىڭ بىرنەچچە بىكار تەلەپلىرى ئاشۇ لىم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ نەچچە سائەتلەپ پاراڭلىشاتتى. مەنمۇ 14 ـ 15 ياشقا كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بويۇم سەل ئېگىزرەك بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، گەپلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرسام ھەيدىۋەتمەيتتى.

دادۇينىڭ دۇكانچىسىنىڭ ئىسمى جۇماخۇن بولۇپ، ناھايىتى ئاز گەپ قىلىدىغان، پۈكەينىڭ سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەرقانداق گەپ - سۆزلىرىگە ئارىلاشماي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تىنماي مىتىلداپلا تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا پۈكەينىڭ سىرتىدا ئولتۇرغانلار بىرەر نەرسە سېتىۋالىدىغان ئىش بولمىسا ئۇ ئادەمگە ئۇشۇق گەپ قىلمايتتى. ئەمدى ئويلاپ باقسام، جۇماخۇن دۇكانچىنىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ گەپ قىلماسلىقىدىكى سەۋەب ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتقانلىقى ئىكەنتۇق. ئەگەر جۇماخۇن دۇكانچىنىڭ چىشىغا تېگىپ سەت كۆرۈنۈپ قالسىڭىز، قولىڭىزدىن پۇل ئۈزۈلۈپ قالسا نېسىگە مال ئالالمايتتىڭىز ياكى ئالمىغان نەرسىڭىزنى نېسى ئالدى دەپ دادۇي بوغالتىر بۆلۈمىگە چۈشۈرۈپ بەرسە بىكاردىن - بىكار يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيتتىڭىز. شۇڭا دادۇيدىكى ئوبۇل دادۇيجاڭدىن باشقا ھەممىلا ئادەم جۇماخۇن دۇكانچىدىن ئەيمىنەتتى. ھەتتا قورقاتتى. بىزدەك باللار ئۇ ئادەمنى ھەقىقەتەن ھۆرمەتلەيتتۇق، ھەۋەس قىلاتتۇق. بىزنىڭ يەۋاتقان، ئىچىۋاتقان نەرسىمىزنىڭ ھەممىسىنى جۇماخۇن دۇكانچى بېرىدۇ، ئۇ بولمىسا ئىشىمىز چاتاق دەپ ئويلايتتۇق. ئۇ ئادەم كۆزىمىزگە تۇغۇلۇشتىنلا ئاشۇ دۇكان بىلەن بىللە تۇغۇلغاندەك، بۇ دۇكاننى جۇماخۇن دۇكانچىدىن باشقا ئادەم ئاچسا قەتئىي قاملاشمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. مەنمۇ ئۇ ئادەمگە بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتىم، ئۇنىڭ خىزمىتىنى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى خىزمەت دەپ قارايتتىم. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئوقۇتقۇچى «چوڭ بولغاندا نېمە بولىسىلەر» دېگەن سوئالغا سىنىپتىكى بىرنەچچىمىز تەڭلا «جۇماخۇن دۇكانچى بولىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەنتۇق.

ـ ۋۇي، بۈگۈن دۇكان سوۋۇپ قالدىمۇ نېمە،ـ «چايچى» لەقەملىك ئابلىزكامنىڭ كىرىپ كېلىشى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى.

ـ كېلىڭ، كېلىڭ،ـ دېدىم مەن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ،ـ دۇكان دېگەن مۇشۇنداق گەپكەن ئاكا، بەزىدە ئالدىراشچىلىقتا بىر قولۇمنى ئىككى قىلالماي كېتىمەن. بەزىدە مانا مۇشۇنداق ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇرۇپ قالىدىغان ئىشكەن. بۈگۈن قاسساپلارنىڭ سودىسى تازا ياخشى ئەمەسمۇ ھېچ بىر كىرمەيدىغۇ.

ـ بوپتۇ ئۇكا، ئادەم يوق بولغىنىمۇ ياخشى بوپتۇ. خېرىدارلىرىڭ يىغىلغىچە ئاۋۇ غاز بويۇندىن بىرنى ئېلىۋەتە، ئاخشام باللار بىلەن بەكرەك ئىچىپ قاپتىكەنمەن باش دېگەن ئۆرۈپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتىدۇ، ئەتىگەندە ئاق ھاراق ئىچسە قاملاشمايدۇ، مۇشۇ قىزىلنى ئىچىپ چىشنى چاقاي بۇ گۈينىڭ،ـ ئابلىزكام شۇنداق دەپ تۇرۇپ بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىدىكى قىزىل يالتىراقنى چاقمىقى بىلەن كۆيدۈرۈپ چىشلەپ ئېچىپ ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قويۇپ ھوزۇرلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى.

ـ ماقۇل ئۇكا، مەن چىقىپ باقاي،ـ ئابلىز چايچى قىزىل ھاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يىپىنكلەپ قالغاندەك بىر سىلكىنىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



ئايالىمنىڭ ھەدىسى ئەمدى خۇددى بىزنىڭ دۇكاننىڭ سودا ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى بولغاندەك بىكار بولسىلا بىزنىڭ دۇكانغا كېلىپ سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان بولۇۋالغانىدى. بىكار ئولتۇرغىچە دەپ مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ كەلدىلىمۇ، چىقتىلىمۇ دەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق بىر ھەپتە «ياردەم» قىلغاندىن كېيىن جىمجىتلا يوقاپ كەتتى.

بىر كۈنى خېرىدار يوق زېرىكىپ ئولتۇرسام خوتۇننىڭ ھەدىسى يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

- ۋاي، ئاۋۇ گۇاڭجۇ تاماكىڭىزدىن بىر توپ بېرىۋېتىڭە.

- ۋۇي، بىر توپ تاماكىنى نېمە قىلىسىز،- دېدىم مەن تۇيۇقسىز كىرگەن خوتۇننىڭ ھەدىسىنى كۆرۈپ.

- يائاللا مەمەتجان، بىزمۇ ماۋۇ بېقىنىڭلاردا دۇكان ئېچىۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئەكەلگەن گۇاڭجۇ تاماكام تۈگەپ كېتىپتۇ، مال ئەكېلىدىغانلارغا تېلېفون بېرىۋەتتىم. ھېلى ئەكەلسە قايتۇرۇپ بېرىمەن. بۇ دۇكان شۇنداق تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ قالدى. دۇكان ئېچىپ ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق دېسەڭلار نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن، ئىككى - ئۈچ كۈننىڭ ياقى ئالدىراشچىلىقتا قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيمەن.

مەن باشقا گەپ قىلماي تاماكىنى ئېلىپ بەردىم. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋاتىلدىغىنىچە ئۆردەكتەك ئېغاڭلاپ چىقىپ كەتتى. توۋا، «بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دەپ شۇنچە چوڭ شەھەردىن باشقا يەر تېپىلمىغاندەك مېنىڭ بېقىنىمغا كېلىپ دۇكان ئاچقىنىنى قارىمامدىغان. بىرنەچچە كۈندىن بېرى تاماكا ئالىدىغانلار نېمىشقا ئازلاپ كېتىدىكىن دېسەم، خېرىدارلىرىمنىڭ بەزىلىرى ئۇلارنىڭ دۇكىنىدىن تاماكا ئالىدىغان، ئىچىدىغانلارمۇ ئۇلارنىڭكىدىن ئىچىدىغان بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، ئاچچىقىم كېلىپ تۇرغاندا ھوشۇراخۇن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە كىرىپ كەلدى.

- ئۇكا، يەنە بىر دۇكان ئېچىۋاپسىلەر، مۇبارەك بولسۇن، تۈنۈگۈن سىلەرنىڭ ئاۋۇ دۇكاندا سائەت ئىككىگىچە ئولتۇردۇق. تۈنۈگۈن ئۆزىمىزنىڭ سودىسىمۇ ئوبدان بوپتىكەن، ئۈچ - تۆت يۈز كوي خەجلىۋېتىپتۇق.

- نېمە دەيدىغانسىز ھوشۇركا، بىر دۇكاننى ئاران ماڭدۇرۇۋاتساق، قايسى ئىككى دۇكاننىڭ گېپىنى قىلىدىغانسىز،- دېدىم مەن ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن ئادەمدەك.

- ھوي، ئەمەسە ئۇ خوتۇن بۇمۇ مەمەتجانلارنىڭ دۇكىنى، مەن ياردەملىشىپ بېرىۋاتىمەن، ئۇ كونا دۇكىنىمىزغا بېرىپ ئولتۇرساڭلارمۇ ئولتۇرسىلەر، بۈگۈن يېڭى دۇكاندىمۇ بىر ئولتۇرۇپ باقمامسىلەر دەپ ئالدىمىزنى توسۇپ ئەكىرىپ كەتتىغۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۆرلىدى.

توۋا بېقىنىمغا دۇكان ئاچقاننى ئاز دەپ خېرىدارلىرىمغا چاڭ سالغىلى تۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان بۇلارنىڭ.

شۇ كۈنى كەچتە خاسىيەتكە ھەدىسىنىڭ بىزنىڭ دۇكاننىڭ يېنىدىنلا بىر دۇكان ئاچقانلىقىنى، بىزنىڭ خېرىدارلىرىمىزنى تارتىۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم.

- ھەدەمنىڭغۇ تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار،- دېدى خاسىيەت ئاچچىقلىنىپ. قېرىشىدىغان، بەسلىشىدىغان ئادەم تاپالمىغاندەك كەچكىچە مەن بىلەن ئېيتىشىدۇ. ئورۇق - تۇغقان ئادەم بىرنەرسە دېسە خەقنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ. دۇكان ئاچقۇسى كەپكەتسە باشقىراق يەردىن ئاچسا بولمامدۇ، قاراپ تۇرۇپ بىز يەۋاتقان ناننى تارتىۋالىمەن دېگىنىغۇ بۇ، ئەمدى قاراپ تۇرسۇن، ئەتە بېرىپ كۆرگىلىكىنى كۆرسىتىمەن، ھېلىغۇ ھەدەمكەن، ئانام بولسىمۇ زادى. . . - خاسىيەت خېلى ئۇزۇنغىچە قايىندى. مەن خاسىيەتنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە ئۇنى ئاستا بەزلەپ يۇرۇپ پەسكويغا چۈشۈردۇم.

خاسىيەت تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىپمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە غۇدۇرىدى. بىز ئورۇن سېلىپ ياتماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئىشىك چېكىلدى.

- بۇ كەچ بولغاندا كەلگەن كىمدۇ،- خاسىيەت شۇنداق دېگىنىچە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە ئۇستىمىزدىكى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان مەخمۇت سالام بىلەن كىرىپ كەلدى. مەن يانپاشلاپ ياتقان يېرىمدىن ئىتتىك قوپۇپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم. خاسىيەت چاي دەملەپ كىردى.

- بولدى، بولدى، كەچ بولغاندا ئاۋارە بولماڭلار، مەن ھازىرلا چىقىپ كېتىمەن. سىلەردىن كىچىككىنە بىر ئىشنى سوراپ كىرگەنتىم،- دېدى مەخمۇت ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

ئاپلا دېدىم مەن ئىچىمدە بۇ ئاداشمۇ پۇل سوراپ كىرگەن بولمىغىيتتى. يېقىندىن بېرى بىزنى دۇكان ئېچىپ بېيىپ كەتتى دەپ قارايدىغان بەزى يېقىن - يورۇقلىرىمىز بىزدىن پۇل سورايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىر -

ئىككىسىگە پۇل بېرىپ قويۇپ ئالالمايۋاتقىلى خېلى بولۇپ قالغانىدى. مەن خىيال بىلەن بولۇپ جىمىپ كەتكەچكە مەخمۇتمۇ يەرگە قارىغىنىچە جىمىپ كەتتى.

مەن بۇ ياۋاش ئادەمنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېيتتىم:

— ھە، قانداق گەپ بولسا ئوچۇق - يورۇق دەۋەرمەمسىز، سىز بىلەن بىر قوشنا ئادەم ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولسا ئۆزئارا ياردەم قىلىشمىساق قانداق بولىدۇ.

— باشقا گەپقۇ ئەمەستى، — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، — بىزنىڭ خوتۇننىڭ سىڭلىسىنى يۇرتتىن ئەكېلىۋالغانىدۇق، ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ زېرىككەندەك قىلىدۇ. بىرەر يەردىن دۇكان ئېچىپ بېرەيلىمىكىن دېگەن. سىلەر دۇكان ئېچىۋاتقان ئاشۇ تەرەپلەردە ئىجارىسى ئەرزانراق دۇكانلار بارمىكىن دەپ سوراپ كىرىۋىدىم.

— ھە، شۇنداق گەپمىدى، — مەن گېپىمنى باشلاپ بولغۇچە ئايالىم كۆزۈمگە لاپپىدە بىر قارىۋەتتى، — بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىغۇ دۇكان تولا، — دېدىم مەن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئۇ ئەتراپتا دۇكان تازا ئاقمايۋاتىدۇ، بىزمۇ باشقا بىر يەردىن دۇكان تېپىپ ئاچايلىمىكىن دەۋاتىمىز. ئەگەر بەك ئاچقۇڭلار بولسا بىزنىڭ دۇكاننى سىلەرگە ماللىرى بىلەنلا ئۆتكۈزۈپ بەرسەكمۇ بولىدۇ. بىراق قولۇم - قوشنا ئادەم سىلەرنى ئوتقا ئىتتەرسەك بولمايدۇ. ئامال بولسا باشقىراق يەردىن ئىزدەپ باقساڭلار، دۇكان ئېچىپ باقمىغان ئادەم دۇكان دېگەننىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ. ئاز - تولا پايدىسى بار دېگەن بىلەن چېچىدىن جىق جېدىلى بار ئىكەن بۇنىڭ. . .

خاسىيەت گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلغانلىقىمدىن خۇش بولۇپ مەخمۇت بىلەن كارى بولماي مېنىڭ پىيالەمدىكى چاينى لىقلاپ قويدى. مەخمۇت خۇددى تاشقا ئۇسۇۋالغان ئادەمدەك خېلى ۋاقىتقىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— ياخشى مەسلىھەت بەرگىنىڭلارغا رەھمەت، شۇنى سوراپ باقايمىكىن دەپ كىرگەن. بۇنداق ئىشنى بىلىپ قىلمىغان بىلەن چاتاقى چىقىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم.

شۇنداق قىلىپ مەخمۇتنى ئۇزىتىپ قويدۇق.

## 4

مانا ھايت - ھۇيت دېگۈچە 12 - ئايمۇ بولۇپ قالدى. بۇگۈنمۇ چۈش بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ بىرەرمۇ خېرىدار دۇكانغا كىرمەيۋاتاتتى. تالادا جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتاتتى. مەشكە ھېلىدىن ھېلىغا كۆمۈر سېلىپ تۇرساممۇ دۇكاننىڭ ئىچى تازا ئىسسىمايۋاتاتتى. ئورۇندۇقنى مەشنىڭ ئالدىغا قويۇپ مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇردۇم. شۇ چاغدا توڭلاپ كەتسىلا دۇكانغا كىرىپ مەشنىڭ يېنىدا ئوتسىنىدىغان ئون بىر، ئون ئىككى ياشلاردىكى بىرنەچچە قىز بالا كىرىپ كەلدى ۋە:

— ۋايجان، ھەجەپ سوغۇق بولۇۋاتىدۇ، بەك توڭلاپ كەتتۇق، — دېيىشىپ، مەشنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئادەتتە خېرىدارلار يوق كۈنلەردە بۇ خالتىچى باللارغا بولغان مۇئامىلەم خېلى ياخشى بولۇپ قالاتتى. خېرىدار جىق كۈنلىرى «چىقىڭلار، چىقىڭلار، بۇ ئوتسىنىدىغان يەر ئەمەس» دەپ ھەيدەپ چىقىراتتىم. ئۇلار ئوتسىنغانغا تۇشلۇق سېغىز كەمپۈت دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئون تۆت، ئون بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغۇللىرى پارچە تاماكا ئېلىپمۇ چېكەتتى. دەسلەپتە مەن ئۇلارنى تىللاپ تاماكا ساتماي يۈردۈم. قارىسام مەن ساتمىغان بىلەن بەرىبىر ئەتراپتىكىلەردىن ئېلىپ چېكىدىكەن. شۇڭا مەنمۇ سېتىۋېرىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

— ھە راست، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى نېمىنىدۇ ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ، — بۈگۈن يەكشەنبە يېرىم باھا ئالىلا راست، يۇرتقا تېلېفون ئۇرۇۋالاي، — ئۇ خالتىلىرىنى بىر چەتكە قويۇپ يانچۇقىدىن كىرلىشىپ كەتكەن تېلېفون دەپتىرىنى چىقىرىپ بىردەم نومۇر ئىزدىگەندىن كېيىن تېلېفون ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ۋەي، مەن ما ئۈرۈمچىدىن ئۇرۇۋاتىمەن. قادىكامنىڭ دۇكىنىمۇ، مەن ئاۋۇ يۈسۈپ ناۋاينىڭ ئۈرۈمچىگە كەتكەن قىزى بۇخلىچىخان، توۋلىۋەتسىلە بوپتىكەن، بەش مىنۇتتىن كېيىن قايتا ئۇراي، — ئۇ تېلېفوننى قويۇپ قويۇپ يەنە مەشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇكام بىلەن سۆزلىشىۋالاي، قادىكاملارنىڭ يېنىدىلا دادامنىڭ ناۋايخانىسى بار. ئۇكام بۇ يىل بەش - ئالتە ياشقا كىردى. كۆرمىگىلىمۇ بىر يىل بولۇپ قاپتۇ. . . بۇلتۇر بارغاندا ماڭا ئېسىلىپ شۇنداق يىغلاپ كەتكەنتى. دادامنىڭ ھېلىقى خوتۇننى قويۇۋەتكىنى ھەجەپ ئوبدان بوپتۇ، ھە دېسە ئۇكامنى ئۇرۇپ خاپا ساپتىكەنتۇق. قوڭىغا تېپىپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

بۇ باللار ئۇ - بۇ يۇرتتىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن بولۇپ، گۆش سېتىۋالىدىغانلارغا گۆش

سالىدىغان خالتىلارنى ساتىدىغانلار ئىدى.

- ئاكا، بەش مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەنمىدۇ؟- بايىقى قىز قايتا تېلېفون ئۇرماقچى بولۇپ مەندىن شۇنداق سورىدى. مەن سائىتىمگە قارىۋەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردىم،- ۋوي، بەش مىنۇت ئەمەس ئون مىنۇت ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ يەنە مەشىنىڭ يېنىدىن تېلېفوننىڭ يېنىغا كېلىپ تېلېفون ئۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇ تېلېفوندا خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئىشكنى ئېچىپ تالاغا قاراپ قويدى ۋە،- ئاكا، تېلېفوننىڭ پۇلى قانچە بوپتۇ؟- دەپ سورىدى ۋە مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا،- يىرىم باھاغۇ بۈگۈن،- دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. ئۇ ماڭا پۇلنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن،- باللار بۈگۈن گۆش ئالىدىغانلار كېلىدىغاندەك قىلمايدۇ. ماۋۇ دۇكانغا ھاراقكەشلەرمۇ كىرمەپتۇ. مەن بۈگۈن سىلەرنى مېھمان قىلاي، قېنى بىز قانچە؟- ئۇ مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان باللارنى بىر قۇر سانىۋەتكەندىن كېيىن،- بىز بەشكەنمىز، «فاڭبيەنمەن[1]» دىن بەشنى بېرىڭە،- ئۇ ئالدىمغا بەش يۈەننى تاشلىدى.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەييار چۆپنى قايناقسۇغا چىلاپ سۈيۈقئاش قىلىپ ئىچىشتى، بەزىلىرى قوناق يېگەندەك كاسىلدىتىپ يېيىشتى.

خالتىچى باللار خېرىدارلار كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى دېيىشىپ گۈپۈرلىشىپ چىقىپ كەتتى. باياتىننىڭ ياقى مەشنىڭ يېنى ماڭا ئاشمىغاچقا پۇت - قوللىرىم مۇزلاپ گەجگەم قورۇلغىلى تۇرغانىدى. شۇڭا مەشنىڭ ئوتىنى بىر قۇر چۇقچىلاپ كۆمۈر سېلىپ قويدۇم. ھاۋا بەك سوغۇق بولغاچقىمۇ كۆمۈرنى سېلىپ بولغۇچە گۈلدۈرلەپ كۆيەتتى.

- يائاللا، ماۋۇ دۇكاننىڭ ئىچىنى ھەجەپ ئىسسىتىۋېتىپسىز ئاكا. راھەتنى سىز ئاپسىز جۇمۇ، تالادا جاننى ئالغۇدەك سوغۇق بولۇۋاتىدۇ،- تالادىن مەمەتجان ئىسىملىك يەنە بىر خالتىچى بالا كىرىپ كەلدى.

- ھە، مەمەتجان كېلە، قولۇڭغا نېمە بولدى،- ئۇ سول قولىنى داكا بىلەن بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى.

- ھەي، نېمە بولاتتى، قىلساق گەپ تولا ئاكا، ماڭا بىر تال تاماكا بېرىۋېتىڭە،- ئۇ قوينىنى ئاختۇرۇپ ئىككى موچەن پۇلنى ماڭا تەڭلىدى. ئۇنىڭغا تاماكىدىن بىر تال بەردىم. ئۇ تاماكىنى مەشنىڭ ئوتىدا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن قاتتىق - قاتتىق شورىۋالدى.

- قولۇمنى ئۆگەي دادام سۇندۇرۇۋەتتى. ئۇ جالاپنىڭ بالىسىنى كۈچۈم يەتكەن بولسا ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم.

- كىچىككىنە تۇرۇپ نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن. بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭ؟

- ئون بەش ياشقا كىردىم، ئون بەش ياشنى كىچىك دېگىلى بولامدۇ، بۇرۇندا بولغان بولسام خوتۇن ئالاتتىم. ئۇرۇمچىدە قېرىغاندا خوتۇن ئالىدىغان گەپكەن.

- قولۇڭنىڭ ئىشىنى سورىسام خوتۇننىڭ گېپىنى قىلغىلى تۇردىڭغۇ سەن.

- ئۇ گوي مېنىڭ قولۇمنى سۇندۇرۇۋەتكەن بولسا قاراپ تۇرسۇن، مەن ئاۋۋال بىر چوڭ بولاي، ئۇ گوينىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام. ئۆزى كەچكىچە ئىش - ئوقەت قىلماي ھاراق ئىچىپ مەستلا يۈرىدۇ. كەچكىچە مېنىڭ پۇلۇم بىلەن قاپتۇ دەيمەن. ئۆگەي بولسىمۇ دادا بولغاندىكىن دەپ ھۆرمىتىنى قىلىپ قويسام بەكلا ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. تۆت كۈننىڭ ئالدىدا خالتىنىڭ بازىرى تازا ياخشى بولماي بالدۇرراق قايتىپ كەلسەم، ئۆيدە ئۇ گوي ئانامنى ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. چىداپ تۇرالمىدىم. قارىسام ئىشىك تۈۋىدە يەر سۈرتكۈچنىڭ سېپى يۆلەكلىك تۇرۇپتۇ. ئۆيگە كىرىپ ئانامنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ ئۇرۇۋاتقان ئۇ گوينىڭ دۈمبىسىگە كالتەك بىلەن كېلىشتۈرۈپ سالدىم. بىراق چوڭنىڭ چوڭلۇقى باركەن. بىرنەچچىنى ئۇرۇپ بولغۇچە ئۇ ئاچچىقىدا قولۇمنى بىرلا قايرىپ بېغىشىدىن چىقىرىۋەتتى. بولغان ئەھۋال شۇ،- دېدى مەمەتجان تاماكىنى بىرنەچچىنى شورىۋەتكەندىن كېيىن.

شۇ چاغدا بايا ئوتسىنىپ تېلېفون ئۇرۇپ چىقىپ كەتكەن بۇخىلچىخان بىلەن يەنە بىرنەچچە قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ قىزلارنىڭ بىرى مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى.

- بۇ نېمىگە يىغلاۋاتىدۇ،- دەپ سورىدى مەمەتجان.

- بۈگۈن خالتا ساتقان 20 يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى يۈتتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۆگەي ئاپامغا نېمە دەيمەن دەپ يىغلاۋاتىدۇ.

- ئۇ ھازازۇل ھازىرمۇ سېنى بوزەك قىلىۋاتامدۇ، سەن خالتا سېتىپ تاپقان پۇلدا ئۇنىڭ نېمە ھەققى باركەن.

- پۇلنى يۈتتۈرۈۋەتتىم دېسەم ئۇ ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدۇ. پۇلنى ئۆزۈڭ خەجلىۋېتىپ، يالغان

---

[1] فاڭبيەنمەن - تەييار چۆپ.

سۆزلەۋاتىسەن دەپ مېنى ئۇرۇپ دۇمبالايدۇ.

– سېنى ئۇرۇپ دۇمبالىسا، داداڭ گەپ قىلمامدۇ؟

– دادام گەپ قىلالمايدۇ،– ئۇ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلىغىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن مەمەتجان نېمىگىدۇر غەزەپلەنگەندەك ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەپ قويدى ۋە بىر قولى بىلەن ئىچ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ سانىدى،– مەندە ئون ئىككى يۈەن باركەن، قالغانلارمۇ ئاز - تولىدىن چىقىرىڭلار. يىگىرمە يۈەن قىلىپ ئۇنىڭغا بېرەيلى، ئۇنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالمىساق بولمايدۇ. قالغان قىزلارمۇ يانلىرىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇ قىزغا بەردى. ھېلىقى قىز رەھمەت، رەھمەت دېگىنىچە تېخىمۇ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

كۆز ئالدىمدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلار مېنىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. بولۇپمۇ مەمەتجاننىڭ پىداكارلىقى مېنىڭ قەلبىمنى بىر قېتىم تەۋرىتىپ ئۆتتى. مەن غەللىدىن 20 يۈەن پۇلنى ئېلىپ ھېلىقى قىزغا بەردىم،– ماڭ قىزىم، بۈگۈن يۈتۈپ كەتكەن پۇلىڭىزنى مەن تولۇقلىۋېتەي، بۇلاردىن ئالغان پۇلنى قايتۇرۇۋېتىڭ.

بالىلار ماڭا قاراپ قېلىشتى. ئادەتتە شۇنچە بېخىللىق قىلىدىغان مەندەك دۇكانچىنىڭ بۇ ئىشىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

5

– ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇكا، يائاللا بۇ دۇكان ھەجەپ بىزگە ئاشمايدىغان بولۇپ كەتتى، يېڭى ئېچىلغاندا بۇ دۇكانغا قاراپمۇ قويمايدىغان نېمىلەر ئەمدى ئەتىگەندە كىرىۋالسا كەچكىچە چىقمايدىغان بولۇۋالدى. سەندىنمۇ رەنجىپ قالدىم ئۇكاۋۇي، بىر يۇرتلۇق تۇرۇپ بىزنىڭ خېرىدارلىقىمىزنى ئانچە قىلمايدىغان بولۇۋالدىڭ.

ھوشۇراخۇن شۇنداق سۆزلىگىنىچە قادى يەكەن قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئۇلپەتلىرىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

ھوشۇراخۇننىڭ بۈگۈنكى ئۇلپەتلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇرۇنقىلىرىدىنمۇ كىچىك يەنە بىر - ئىككىسى تۇراتتى. سائەت ئۈچ بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق چاغدا قاسساپلارنىڭ ئالدى گۆشنى سېتىپ بولاتتى. ئۇلارنى شىرەگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان «شىئەن داچۇ» ھارىقىنى ئالدىغا قويدۇم.

– بۈگۈن ئوقەتمۇ ياخشى بولدى. ھېلىقى 18 ئۆچكىنى ھەجەپ چىرايلىق ئۆتكۈزۈۋالدۇق. سەللا دىققەت قىلمىساق، ھېلىقى كۆزەينەكلىكى سېزىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. تۆت ئېغىز گەپ قىلىپلا ئۇ گۇينى ئېزىقتۇرۇۋەتتىم.

ھوشۇراخۇن بۈگۈنكى سودىدا ئۆزىنىڭ تۆھپىسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك، شۇنداق دەپ بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى.

– نېمىنى سېزىپ قالىدۇ، قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىنى خۇددى مېتىس قويىنىڭكىدەك يەملەشتۈرۈۋەتكەنمەن. ئۇنى سېزىپ قالغۇدەك كاللا نېمىش قىلىدۇ ئۇ ئاداشتا،– قادى يەكەن ھوشۇراخۇننىڭ بۈگۈنكى گۆشنى سېتىشتىكى تۆھپىسىنى يوققا چىقارماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى.

– ھە ئۇكا، ھېلىقى «ۋۇلىڭ ئەر①» دىن ئەكەپ قويدىڭىزمۇ؟

– ئەكەپ قويغان،– دېدىم مەن ھوشۇراخۇننىڭ نېمىنى سوراۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە.

– ھېلىقى كۈنى ئەكەلگىنىڭىزگە ئوخشاشمۇ.

– ئوخشاش، سىز ياخشىكەن دېگەچكە يەنە شۇنى ئەكەلدىم.

– ئوبدان قىپسەن ئۇكا، ھازىر خەق قوي باقماي ئۆچكە باقىدىغان بولۇپ كەتكەنمۇ نېمە، قوتانغا كېلىۋاتقان مالنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆچكە، يامان يېرى قوشخانىدىكىلەر بىزگە ئۆچكە گۆشىنىمۇ قوينىڭ گۆشى بىلەن ئوخشاش باھادا بېرىدۇ. بىراق خېرىدار ئۆچكە گۆشىنى قوي گۆشىنىڭ باھاسىدا ئالمايدۇ. ئەگەر مۇشۇ يەردە ئازراق ئويۇن قىلمىساق، قىپقىزىل زىياننى بىز تارتىمىز.

ھوشۇراخۇننىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپ خوتۇنۇمنىڭ ھەدىسى ئۆڭسلى يوق ھالدا قولىدا بىر دەپتەرنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. خۇددى مەن دۇكان ئېچىڭ دەپ زورلاپ دۇكان ئاچقۇزۇپ قويغاندەك ۋاتىلداپ سۆزلەپلا كەتتى:

– دۇكان دېگەننى سىلەر ئاچساڭلارلا بولغۇدەك، خېرىدارغا شۇنچە قىلسامۇ بىزنىڭكىگە كىرمەي سىلەرنىڭكىدە تۈنىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ دۇكاندىن نەق ئالغان بىلەن بىزدىن نېسى ئالىدىكەن،– ئۇ دەپتەرنى ئالدىمغا تاشلىدى،– مانا نېسى پۇل مىڭ يۈەندىن ئېشىپتۇ، دەپتەردە تىزىمى بارلارنىڭ

① «ۋۇلىڭ ئەر» «502» كۆپ ئىقتىدارلىق يىلمىنى دېمەكچى.

ھەممىسى بىز مەمەتجاننىڭ يېقىن دوستى، بىزنى تاپالمىسىڭىز مەمەتجاننى ئىزدەڭ دېگەن،- ئۇ دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ، قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،- توپتوغرا 1212 يۈەنكەن، سىلەر ماڭا ئۆزۈڭلاردا بار پۇلدىن بېرىۋېتىپ نېسىنى ئۆزۈڭلار قاچان يىغىۋالساڭلار يىغىۋېلىڭلار، مەنمۇ ئۇ دۇكاننى ئېچىشتىن تويدۇم. بۇنداق دۇكاننى پۇلنى دەپ جېنىنى سەپ بېرىدىغان، تۆت تەڭگىنى دەپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سېتىۋېتىدىغان ئادەملەر ئاچمىسا، بىزدەك باغرى يۇمشاق قولى ئوچۇق ئادەملەرگە قاملاشمايدىكەن. . .- ئۇ يەنە بىرنەرسىلەرنى دەپ توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي دەپتەردىكى تىزىملىكلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتۈم. تىزىملىكتىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ماڭا تونۇش بولسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ ئىسمىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغانىدىم.

- بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى مەن تونۇمايدىكەنمەن، تونۇغان تەقدىردىمۇ سىزنىڭ نېسىلىرىڭىزنى مەن يىغىپ يۈرسەم خەق نېمە دەيدۇ،- مەن ئايالىمنىڭ ھەدىسىنىڭ مىجەزىنى بىلسەممۇ، ئۇنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە يەنىلا شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم.

- سىز تونۇمىغان بىلەن سىزنى ئۇلار تونۇيدىكەن، پۇلنى ئىككى كۈندىن كېيىن ئالسامۇ بولىدۇ، مەن بۈگۈن دۇكاننى بىرسىگە ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى ئىدىم، شۇڭا. . .- ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ھاراق ئىچىۋاتقانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ قادى يەكەننى كۆرۈپلا چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى - دە، دەرغەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

- ھۇيت غوجام، ھەجەپ ماۋۇ دۇكانغا كىرىدىغان بولۇپ قاپسىزا ئەمدى، نەق پۇل تاپسىڭىز بۇ دۇكاندىن، نېسىنى بىزنىڭ دۇكاندىن ئىچىپ يۈرۈپسىز - دە،- ئۇ ماڭا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى،- دەپتەرگە قارىۋېتىڭە، يەتمىش نەچچە يۈەن نېسى بار بۇنىڭ، بۈگۈن پۇلنى بەرسە بەردى، بولمىسا چاپىنىنى سالدۇرۇۋالىمەن بۇنىڭ، ماڭا تېخى ئەتىگەن تېلېفون ئۇرۇپ «ئانام ئاغرىپ قېلىپ يۇرتقا كەتكەن، پۇلىڭىزنى بارغاندا بېرىمەن» دېسە، راستىمىكىن دەپتىمەن، قاراڭلار، بۇنىڭ بۇ يەردە بەخۇدۇك ئولتۇرغىنىنى. ھۇيت مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، پۇلنى بېرەمسىز ياكى چاپىنىڭىزنى سەپ بېرەمسىز،- قادى يەكەن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاچقا ئۆزىگە كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم قۇيۇپ ئىچىۋەتتى.

- ئاچا، خاپا بولماي تۇرىڭە، بىز بىرىيەرگە قېچىپ كېتىدىغان ئادەم بولمىغاندىكىن، قاچان بەرسەك بېرىمىز ئەمەسمۇ.

- ھېلىمۇ بەرمەيۋاتقىلى قانچىلىك ۋاقىت بولۇپ كەتتى.

- سودىمىزدىن پايدا چىقماي زىيان چىقىۋاتسا نېمىنى تۆلەيمىز؟

- مېنىڭ دۇكىنىم سەن خەقنىڭ زىيىنىنى تۆلەيدىغان يەرمىكەن،- قادى يەكەن ئايالىمنىڭ ھەدىسىنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ يانچۇقىدىن 50 يۈەننى چىقىرىپ تەڭلىگەندىن كېيىن،- ھازىرچە ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ تۇرۇڭ، قالغىنىنى مەمەتجانغا بېرىۋېتەي.

ئايالىمنىڭ ھەدىسى پۇلنى ئېلىپ ساختا پۇل بولۇپ قالمىسۇن دېگەندەك شاراقشىتىپ، ئالدى - كەينىگە ئۇزاق قارىۋەتكەندىن كېيىن پۇلنى يانچۇقىغا سالدى ۋە، «شۇنداق بولسۇن ئەمىسە» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

- يائاللا، بۈگۈن نېمە كۈن بولۇپ كەتتى، ئاستا چىقىپ كېتەيلى جۇما، ھېلى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ كېلىپ قېلىپ ئانامانىمنى كۆرسەتمىسۇن،- ئۇلار ھېساباتنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئوڭ - تەتۈر گەپلىشىپ چىقىپ كەتتى. مەن ھېلىقى دەپتەردىكى نېسى مال ئالغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىگە تىكىلگىنىمچە نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم.

## 6

بۈگۈن ئەتىگەن دۇكاننى ئېچىپ ئادىتىم بويىچە دۇكاننىڭ بوسۇغىسىنى پاكىز يۇيۇپ پارقىرىتىۋەتتىم. ئادىراسمان بىلەن ئىسرىق سېلىپ ئۆزۈم بىلىدىغان بىرنەچچە سۈرىنى ئوقۇپ بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنى ھۈرىۋەتتىم.

ئىككى يىلدىن بېرى مېنىڭ ئەتراپىمدىن دۇكان ئېچىپ باققانلار خېلى كۆپ بولدى. قىزىشقاندەك ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ يېقىنلىرىم ياكى تۇغقانلىرىم ئىدى. يۇرتتا دېھقانچىلىقتىن نەپ ئالالمايۋاتقانلار، تۇرۇپ - تۇرۇپلا تېلېفون ئۇرۇپ ئۇرۇمچى تەرەپلەردە ئىش - ئوقەت بولسا ئۇقۇشۇشىمىزنى، ئەگەر ئېپىدە بولۇپ قالسا بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ سايىمىزدا جان باقمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ نەچچە يىلدىن بېرى چېگرا ئېغىزىدا ئۇنى، بۇنى قىلىپ يۈرۈپ «لاۋبەن» بولۇپ قالغان ھەدەمنىڭ ئېرى تولا تېلېفون ئۇرىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ قازاقىستاندىن

كېلىدىغان ئۇرۇق - تۇغقاندەك بولۇشۇپ كەتكەن چۆپقەتلىرى 500 نەچچە مىڭ يۈەنلىك مالنى نېسى ئېلىپ كەتكىلى ئۈچ ئاي بوپتۇدەك، مالنىڭ ئىگىلىرى ئارىلىقتا ۋاستىچى بولغان بۇ ئادەمنى سوتقا ئەرز قىلىپ ئارام تاپقۇزمىغاچقا، يەتتە - سەككىز يىلنىڭ ياقى تاپقان - تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قەرزگە تۇتۇپ بېرىپ ئىلگىرىكى ياۋاش، مۆمىن ۋاقتىغا قايتىپ كەپتۇمىش.

مەن يۇرتتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارغا «ئۇرۇمچىدە ئىش - ئوقەتنىڭ تايىنى يوق، بىزمۇ ئاران - ئاران كېتىپ بارىمىز» دەپ ھەرقانچە چۈشەندۇرسەممۇ ئۇلار مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىدىغاندەك قىلمايتتى.

دېگەندەك، ھەدەمنىڭ ئېرى ئاخىرى يېتىپ كەلدى. «توۋا، بۇ ئادەم نېمانچە ئورۇقلاپ كەتكەندۇ؟» مەن ياسىنجىنىكامنى كۆرۈپلا ئىچىمدە شۇنداق دەۋەتتىم. ياسىنجىنىكامنىڭ سەمرىپ قورساق سالغان قىياپىتىدىن ئەسەر قالمىغانىدى. تۇرۇلگەن قاپاق، ھومايغان چىرايى ئەمدى بىچارىلەرچە ھىجاراپ تۇراتتى. «توۋا، بۇ ئادەم خېلى ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى، ئەمدى نېملەرنى كىيىۋالغاندۇ؟» ياسىنجىنىكام پۈرلىشىپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولۇپ، شىبلىتى مايلانمىغاچقا ئاختامىنىڭ چالمىسىدەك ئاقىرىپ تۇراتتى.

ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ خوتۇنمۇ ياسىنجىنىكام- نى بەكلا ھۆرمەتلەيتتى. كەپ بولغىچە چاي دەملەپ، داستىخانغا تاتلىق - تۇرۇملەرنى تىزىپ پاتپاراق بولۇپ كېتەتتى ۋە ئېغىزى - ئېغىزىغا تەگمەي خۇشامەت بىلەن سۆزلەپ كېتەتتى.

- ماڭا قاراڭ، ياسىنجىنىكا، مۇشۇ مۇھەممەتجانغىمۇ پۇل تېپىشنىڭ ئاز - تولا يولىنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز بوپتىكەن. سىز دېگەندەك زاۋۇتتىن بېرىدىغان تۆت تەڭگىگە قاراپ ئۆتسەك، قورساققا يېسەك كىيىدىغانغا يوق، ئۈچىمىزغا كىيسەك قورساققا يوق، قاچانغىچە قىينىلىپ ئۆتەرمىزكىن تاڭ!- خوتۇنۇمنىڭ بۇ خىل ۋايساشلىرى مېنىڭ ئازراق غۇرۇرۇمغا تېگەتتى.

ئەتىگەن سائەت بەش بولغانىدى. مەن دۇكانغا ماڭمىغانىدىم. خاسىيەتمۇ ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ چېكىلگىنىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلىگىنىچە ياتاق ئۆيدىن چىقتى.

- ئەتىگەندە نېمە تاراق - تۇرۇق بۇ مۇھەممەتجان، بىرسىنىڭ ئاۋازى چىقىدىغۇ.

خاسىيەت ياسىنجىنىكامنى كۆرۈپ:

- ھە، مېھمان كەپتىكەن - دە،- دەپ ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىدىن چىقارغان بېشىنى تارتىۋېلىپ بىردەمدىن كېيىن كىيىنىپ چىقتى. خاسىيەتمۇ ياسىنجىنىكامنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ ھەيران بولغان بولسىمۇ، چاندۇرماي ئەھۋال سوراپ قويدى. ئۇ نېمىگىدۇ جىددىيلىشىۋاتقان ئادەمدەك يوتقان - كۆرپىلەرنى يىغىشقا باشلىدى.

ياسىنجىنىكامغا 500 نەچچە مىڭ يۈەن تۆلەش ئېغىر كەلگەچكە، ئۇرۇمچىنىڭ قوينى كەڭ شەھەر بولغاندىكىن، تىرىكچىلىكنىڭ بىرەر يولى چىقىپ قالار دەپ قايتىپ كەپتۇ. ياسىنجىنىكام ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەردلەرنى سۆزلەۋېتىپ، خۇددى كىچىك بالىدەك ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. خاسىيەت ئىككىمىزنىڭمۇ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردۇق.

ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياسىنجىنىكامغا «بۈگۈنچە دەم ئېلىپ تۇرۇڭ، مېنىڭ دۇكانغا بارىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى» دەپ دۇكانغا ماڭدىم. دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلسەم تېلېفون ئۇرىدىغان، تاماكا ئالىدىغان بىرنەچچە خېرىدارلىرىم مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

- بۈگۈن كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ، ئاخشام بىرەر رېستورانغا بېرىپ تانسىنى بەك ئوينىۋەتكەن ئوخشىمامسىز،- ئۇلار ئاشۇنداق چاقچاقلارنى قىلغاچ كەينىمدىنلا سۈگۈدىشىپ دۇكانغا كىردى.

- بىزگە نەدىكى رېستورانىكەن، ئۇ؟ ئەتىگەن ماڭاي دەپ تۇرسام يۇرتتىن تۇغقانلار كېلىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن بىردەم ھال - ئەھۋال سورۇشۇپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن.

- يائاللا، مۇشۇ يۇرتتىن كېلىدىغان تۇغقانلاردىن ھەجەپ زېرىكتىم،- دېدى بايا مەن بىلەن بىللە كىرگەن خېرىدارلارنىڭ بىرسى ھازىرلا ئالغان تاماكىسىنىڭ ئېغىزىنى يىرتىپ كالپۇكىغا بىر تال قىستۇرغاندىن كېيىن،- بىرسى كەتسە يەنە بىرسى كېلىۋاتقان. بىرسى دەپتىمىنا، بىرلەپ، ئىككىلەپ كەلسىغۇ بىر گەپ، ئالتە - يەتتىسى بىراقلا كېلىپ ھەپتە - ئون كۈن ياتمىغىچە قايتمىغان، ھازىرغۇ يېمەك - ئىچمەك كەڭرى بولۇپ كەتتى. يېگەننىڭ گېپىنى قىلساق سەت تۇرىدۇ. بىزنىڭ خوتۇن ئۇلارغا تاماق ئېتىمەن، ئورۇن سالىمەن دەپ جولىقى چىقىپ كېتىدۇ.

- نېمىشقا ئۇنچىۋالا تولا كېلىدىكەن ئۇلار،- مەن ئۇنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن شۇنداق سوراپ قويدۇم.

- نېمىگە كېلەتتى، بىرسى بالام داشۆگە ئۆتكەن، مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ

كەتكىلى كەلگەن دەۋاتقان، يەنە بىرسى، دوختۇرخانىغا كەلگەنتۇق، تونۇش دوختۇرۇڭلار بولسا ئۇبدانىراق، ئەرزانىراق دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي دەۋاتقان. يەنە بىرسى بىز ئۈرۈمچىنى كۆرگىلى كەلگەن، ئۈرۈمچىنىڭ نوچى يەرلىرىنى كۆرسىتىپ قوي دەۋاتقان. . .

ئۇ بىر تال تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ يەنە بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرغىنىچە ئۆيىگە كەلگەن يۇرتلۇقلىرى ھەققىدە شۇنداق كۆپ ۋايساپ كەتتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دۇكانغا ئانچە - مۇنچە سۇ سېپىپ، سۈپۈرۈپ قويدۇم. شۇ چاغدا يۇرتىمىزدىكى قوشنىمىز ئەيساجاننىڭ ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلى سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىردى. بۇ مەن بىلەن سەنلەپ تۇرۇپ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن خۇددى يىقىن ئەل - ئاغىنىسىگە سۆزلەۋاتقاندەكلا تارتىنماي تۇرۇپ:

- ئەكىلە، 200 كوي بېرىپ تۇر، ئۆيدىكى پىسپاسلار پۇل ئەۋەتىمىز دەۋاتاتتى، ئەۋەتمەيدىغۇ، سەھرايى قىيامەتتىكى ئۇ خەق بىلەن يا تېلېفوندا ئالاقىلەشكىلى بولمىغان، - ئۇ مېنىڭ تىكىلىپ قارىشىمدىن بىرنەرسىنى سەزگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ئىزاھات بەردى.

- ئالدىدىكى ھېساب - كىتابىمىزنى مۇشۇنىڭغا قېتىپلا قىلىۋېتىمىز، تېزرەك بولە، مېنىڭ ئالدىراش ئىشىم بار ئادەم، قاتۇرۇپ قويغان بۇتتەك تۇرىسەنغۇ، - ئۇنىڭ يىقىنچىلىق قىلىمەن دەپ ئەدەپسىزلىك قىلىشى ئەرۋاھىمنى ئۇچۇرىۋەتتى. ئاچچىقىمدا قوپاللا سۆزلىۋەتتىم.

- ئۇكا، مەن سېنىڭ بىر بانكاڭ ئەمەس، گەپ قىلمىسا نېمە ئادەمنى مالال قىلىسەن، بىر قېتىم سورىساڭ بەردىم، ئىككى قېتىم سورىساڭ بەردىم، ھازىرمۇ گەدىنىڭدە 600 كوي بار، بېرىۋېتەي دېمەكتە يوق، يەنە پۇل سوراپ كەلگىنىڭ قىزىققۇ سېنىڭ، بىزمۇ پۇلنى ئاسان تاپمايمىز. دۇكان دېگەنگە دەسمى بولمىسا شامالغا چۆرگىلەيدىغان تۇگمەن ئەمەس بۇ، - ئۇ مەندىن بۇنداق گەپنى كۈتمىگەچكە ئۆزىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئۈن - تىنسىز چىقىپ كەتتى. مەنمۇ كۆپۈپ كېلىۋاتقان قورسىقىمنى بوشىتىپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! قانداق ئەھۋالىڭ؟ ھەي، مۇشۇ يەردە بىر پاخپاق دۇكاننى ئېچىۋېلىپ، يوقىلىپلا كەتتىڭا، دۇكىنىڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، سېنى بوزەك قىلىدىغانلار يوقتۇ، ماۋۇ باجگىر - پاجگىر دېگەن نېمىلەر

ئاۋارە قىلمىغاندۇ، ئۇ گۇيلارغا دەپ قويغانىدىم.

ئىشىكتىن تۇرسۇن كىرىپ كەلدى.

مەن ئۇنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلۇشۇپ كېتىپ بارغان سوئاللىرىغا «كېلە، كېلە، سەن بار يەردە مېنى كىم بوزەك قىلالايتتى» دېگەن گەپلەر بىلەن جاۋاب بېرىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم.

- ئاڭلىسام سېنى ماۋۇ يەرلىك باجىتكى گۇيلار ئاۋارە قىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

ئۇ مەن ھازىرلا ئەپ بەرگەن «خۇڭنيۇ» ماركىلىق ئىچىملىكنى غورتۇلدىتىپ ئىچكەچ سورىدى.

- ئۇلار ئۆزى بىردەم مانچە كوي تۆلەيسەن دەيدۇ، ماقۇل دەپ تۆلىسەم، ئەتىسى يەنە تونۇگۇن ئالغىنىمىز ئاز بولۇپ قاپتۇ، يەنە پوستانچى كوي تۆلىمىسەڭلار بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىپ بارىدۇ.

- ئۇلارغا سەن مېنىڭ بىلەن ساۋاقداش ئىكەنلىكىڭنى ئېيتمىدىڭمۇ؟

تۇرسۇن نېمىگىدۇ ئاچچىقى كەلگەندەك ئىچىپ بولغان ئىچىملىكنىڭ قۇتىسىنى مىجىۋېتىشكە زورۇقۇپ شۇنداق دەپ سورىدى.

- مەن ئۇلارغا «مەن تۇ سوجاڭنىڭ تۇغقىنى، شۇنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ماڭا ئانچە - مۇنچە ئېتىبار قىلىپ قويساڭلار» دېسەم، «بۇ بازارنى سېنىڭ ئاشۇ تۇ سوجىڭنىڭ سورامدىكەن، ئۇنداق پاخپاق سوجاڭدىن ئوتتۇزنى باشقۇرىدىغان ئادەم بىز» دەيدۇ.

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا قەستەن «تۇسوجاڭ» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالغانىدىم. ئۇ ئۆزىمۇ شۇنداق ئاتىشىمغا خۇشتاردەك قىلاتتى. مەن ئۇنى قەستەن تېرىكتۇرۇش ئۈچۈن باجگىرلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن دېمىگەن گەپنىمۇ دېدى دەپ قويدۇم.

ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېرىكىپ كەتتى ۋە تېلېفون ئۇردى:

- قايسىڭ بار؟ مەن ماۋۇ گۇڭشاڭسودىكى تۇرسۇن، ئەركىن سوجاڭ بارمۇ؟ بار بولسا قىچقىرىۋېتە.

ئۇ تېلېفوننى تىڭشاپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن سۆزلىدى:

- ھە، كىملىكىمنى بىلمەيۋاتامسەن، ھەجەپ مېنى تونۇمايدىغان بولۇپ قاپسىنا، ھە، ئاخشام سائەت قانچىدە كەتتىڭلار؟ قاچمىدىم، ئۆيدە ئىش بار دېدىمغۇ، ئۆيگە چوڭلار كەلمەكچىدى. ھەي، ساڭا دەيدىغان گەپ، ماۋۇ قۇشخانىنىڭ سول تەرىپىدىكى 17 - دۇكان،

مېنىڭ دۇكىنىم جۇمۇ، مېنىڭ ئىسمىمنى چىقىرىپ تۇرسا نېمانداق ئۇلۇڭ - تەتۇر باج ئېلىۋېرىسىلەر دەيمەن. قانچە يەردە دۇكىنىڭ بار دەيسەنغۇ، مۇشۇ سوئالنى ئۆزۈڭدىن سوراپ باقە، يولنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدىكى ئاشخانا، ماگىزىنىنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولۇپ كېتىپتۇ، ھازىر دېدىمغۇ 17 - دۇكان، باللىرىڭغا دەپ قويە تولا ئادەمنى ئاۋارە قىلمىسۇن، چاقچاق قىلىشقىنىمىز بىلەن مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى دەيمىز - دە، ماڭە - ماڭە. . . كەچتە بىرەر يەردە ئولتۇرامدۇق. چۈشتىن كېيىن بىرنەرسە دېيىشەيلى،- تۇرسۇن يانفوننى يېنىغا سالغاندىن كېيىن،- ئۇلارغا دەپ قويدۇم، ئەمدى غىرىڭ - پىرىڭ قىلغىنىنى بىر كۆرۈپ باقاي ئۇ گۇيلارنىڭ، يەنە ئىش بولسا تېلېفون ئۇرغىن، ئەتىگەندە ئازراق ئىشىم بار ئىدى، چىقىپ باقاي،- تۇرسۇن مەغرۇر چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلغاندەك پايپاسلاپ چىقىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ ئۆزىتىپ قويدۇم. ئۆزۈمگە يات بولغان بۇ مىجەزنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. نەپ - مەنپەئەت دېگەن ئادەمنى خۇشامەتچى قىلىپ قويامدۇ نېمە؟

7

مەن دۇكانغا مال ئەكېلىپ بېرىدىغان چۆپقىتىمگە تېلېفون ئۇرۇپ توگىگەن ماللارنىڭ تىزىملىكىنى دەۋەتكەندىن كېيىن، غەللىدىكى پارچە پۇللارنى رەتلەۋاتاتتىم.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇكا،- ھوشۇراخۇن ئىشىكتىن بىچارىلەرچە مېڭىپ كىرىپ دۇكاننىڭ بىر چېتىدە ئولتۇردى. ھوشۇراخۇننى كۆرمىگىلى خېلى بوپتىكەن، ئوبدانلا ئورۇقلاپ قاپتۇ. ئىچىگە كىرىپ كەتكەن كۆزى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك دەرىجىدە پىلدىرلاپ قاپتۇ.

- قانداق ئەھۋالىڭىز ھوشۇراخۇن، كۆرۈنمەيدىغانلا بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، - مەن تونۇگۇن ئەكەلگەن ماللارنى تىزغاچ ئۇنىڭدىن سورىدىم.

- ھەي ئۇكا، باشقا كەلگەن كۈننى ھەممە ئادەمگە سۆزلەپ ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن، ھاراقنىغۇ تاشلاپ بىر چىرايلىق ئوقەت قىلىپ يۈرەتتىم، قويمىچىلارغا قويۇلۇپ كەتتىم ئۇكا،- ئۇنىڭ ئاۋازى كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك دەرىجىدە يىغلامسىراپ چىقىۋاتاتتى.

- ئەكېلىڭە شاۋبەيياڭدىن بىرنى، ئاشۇ ھاراقتىن باشقا نەرسە ئالالمايدىكەن بۇ دەردنى. ئۇنىڭ ئالدىغا ھاراق بىلەن پىيالىنى ئەكەپ قويدۇم. ئۇ يېرىم پىيالە ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن سەل جان كىرگەندەك سۆزلەشكە باشلىدى.

ئىككى ئاي بۇرۇن ھوشۇراخۇن بازاردا كېتىپ بېرىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ھەم ساۋاقداش، ھەم مەھەللىداش مەخسۇت ئىسىملىك بىر دوستىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇلار بىر - بىرسى بىلەن ئۇچراشمىغىلىمۇ ئون نەچچە يىل بولغانىكەن. باشتا ھوشۇراخۇن ئۇنى تازا تونۇيالماپتۇ.

- ھوي، ھوشۇراخۇن، نېمانچە قېرىپ كەتتىڭ، قارا ماۋۇنى ياپياش تۇرۇپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكىنىنى، - ھوشۇراخۇن پۈزۈر كىيىنىۋالغان بۇ دوستىنى سەپسېلىپ خېلى ئۇزۇن قارىغاندىن كېيىن ئاران تونۇپتۇ.

مەخسۇت ھوشۇراخۇننى بىر رېستورانغا ئېلىپ كىرىپتۇ. رېستوراندىكى مۇلازىمەتچىلەرمۇ مەخسۇتنى كۆرۈپ ئاچچىقى يامان دادىسىنى كۆرگەن كەپسىز باللاردەك جىمىپ قاپتۇ. ئۇ بىر ئايرىمخانىنى ئاچقۇزۇپ ھوشۇراخۇننى شۇ يەرگە باشلاپتۇ. ھوشۇراخۇن ئايرىمخانىغا كىرىپ قورۇنۇپ ئولتۇرالماي قاپتۇ. شىرەگە غىزا - قورۇمىلار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەخسۇت ئۆزىنىڭ بېيىش تارىخىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ھوشۇراخۇن ئوبدان يەپ، قانغۇدەك ئىچىپ بىر چاغدا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلغىنى مەخسۇتنىڭ مۇشۇ رېستوراننىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك گۆش ئۆتكۈزسە ئۆزىنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئۆزىنىڭ رېستورانىغا ئوشۇق كەلسە ئۇرۇمچىدىكى رېستورانلارنىڭ «لاۋبەن»لىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دوستلىرى بولغاچقا، شۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچىلىكى بارلىقى. . . دېگەندەك گەپلىرى بوپتۇ.

شۇ كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ مەخسۇت كېلىپ ھوشۇراخۇن بىلەن توختام تۈزۈپتۇ. ھوشۇراخۇن توختامنىڭ ھاجىتى يوق دېگەن بولسىمۇ، مەخسۇت «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. توختام بويىچە مەخسۇت كۈندە ئەتىگەندە كېلىپ ھوشۇراخۇننىڭ قۇشخانىدىكىلەر بىلەن توختام تۈزۈپ ئەپ بەرگەن ئون بەش قوينىڭ گۆشىنى ئېلىپ كېتىدىكەن، «ھېساباتىنى ئاخىرىدا بىراق قىلىمىز» دېگەن بولغاچقا ھوشۇراخۇنمۇ ئوشۇق سۈرۈشتۈرمەپتۇ. ئارىلىقتىن 40 كۈن ئۆتكەندە مەخسۇت تۇيۇقسىزلا كەلمەي قويۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هوشۇراخۇن ئۇنىڭ بىرەر ئىشى چىقىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ بىر - ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. بىراق مەخسۇت يەنىلا كەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇ رېستورانغا بارسا ياغاچچىلار رېستوراننىڭ ئىچىنى چۇۋۇپ باشقىدىن زىننەتلەشكە تەييارلىنىۋاتقانمىش. هوشۇراخۇن ئىشلەمچىلەردىن بىرسىگە دەپ خوجايىننى چاقىرتىپ مەخسۇتنى سوراپتۇ. ئۇ «ئۇنداق ئادەمنى تونۇمايمەن» دەپ پارقىراپ تۇرغۇدەك، شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 نەچچە كۈننىڭ ياقى هوشۇراخۇن مەخسۇتنى ئىزدىمىگەن ئۇرۇمچىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرى قالماپتۇ.

هوشۇراخۇن گېپىنى تۈگىتىپ هۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ خۇددى سۆزلەپ قالغان ئادەمدەك «ئەمدى قانداق قىلارمەن، ئەمدى قانداق قىلارمەن» دەپ تەكرارلايتتى. ئۇنىڭ بىچارىلەرچە قىياپىتى مېنىڭ يۈرەك - باغرىمنى ئېزىۋەتتى. هوشۇراخۇن ئاخىرقى پىيالە هارىقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن «مەخسۇت دېگەن ئۇ هەزلەكنى نەدىن بولسا تاپىمەن» دەپ سۆزلىگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەست ياكى ساراڭ ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايتتى.

هوشۇراخۇن چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بېلىگە ئاق باغلىغان ئابلىز چايچى كىرىپ كەلدى. ئۇ مەن بىلەن ئۇنىسىز ئەهۋاللاشقاندىن كېيىن، تېلېفوننى ئېلىپ نەگىدۇ چاقىرغۇ قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ بېلىدىكى ئاقنى كۆرۈپ، «ئاپلا، ئابلىزكامنىڭ نېمىسى تۈگەپ كەتكەندۇ» هەجەپ خەۋەردار بولالماي قاپتىمىنا دەپ ئويلاپ قالدىم ۋە ئابلىز چايچىدىن سورىدىم:

- هازىدار بوپ قاپسىز - دە، خەۋەرسىز قاپتىمەن ئەلەكمولىللا، - مەن ئابلىز چايچىغا «هازىدارلىقىڭىز سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمەمسىز» دېگەندەك تىكىلدىم.

- سەن بىلمەسەن، - دېدى ئۇ، - مېنىڭ ساقاللىق ئىككى ئاكا ئاغىنىلىرىم ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا تەڭلا قازا قىلدى قارا.

- نېمە بوپتۇ؟ نېمىشقا ئىككىسى تەڭلا قازا قىلىدۇ.

- ئۇلار نەدىن ئالغان ئىككى بوتۇلكا هارىقنى ئېلىپ ئۆيىدە ئىچمەكچى بوپتۇ. ئۇلار ئۆزىچە سەن ئوغۇلبالىمۇ، مەن ئوغۇل بالىمۇ دېيىشىپ قېلىپ، كىم ئوغۇل بالا بىرلىسا بىر بوتۇلكا هارىقنى بىراق كۆتۈرۈۋېتىدۇ دەپ مۆرلىشىپ ئىككىسى بىر بوتۇلكىدىن هارىقنى تىنماي تۇرۇپلا ئىچىۋەتكەن گەپ، ئىچىۋېتىشنىغۇ ئىچىۋېتىپتۇ، بىراق ئۇلار كەينى - كەينىدىن جان بېرىپتۇ. ئۇنچىلىك هاراقتا بىرنەرسە بولمايتتى، جىنىڭ ئادەملەرنى ساختا هاراق تۈگەشتۈرۈۋەتتى.

ئابلىز چايچىنىڭ چاقىرغۇسى قايتمىدى.

- ئۇكا، چاقىرغۇ قايتىپ قالسا مېنى قىچقىرىپ قوي، مەن مۇشۇ ئىشىك ئالدىدا بار، - ئابلىز چايچى سەل ئېگىلگىنىچە ئېغىر دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا دۇكانغا يەتتە - سەككىز خالتىچى بالا كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇخىلىچىخان ۋە مەمەتجانلار بىلەن بىللە يۈرىدىغان بىر بالا بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

- مەمەتجان كۆرۈنمەيدىغۇ؟

- مەمەتجاننى ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەنىكەن، - دېدى بالىلاردىن بىرسى هازىرلا مەندىن ئالغان سىغىز كەمپۈتنى ماكشىتىپ چاينىغىنىچە پەرۋاسىز هالدا.

- ئۇنى نېمىشقا ساقچىلار تۇتۇپ كېتىدىكەن؟

- ئۆگەي دادىسىغا پىچاق تىقىۋېتىپتىكەن.

ئابلىز چايچى گېپىنى قىلغان ئىككى بوۋاينى، هوشۇراخۇننى، مەمەتجان بىلەن بۇخىلىچىخاننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، نېمىشقىدۇ يامان قىسمەتكە ئۇچراۋاتقان تۇغقانلىرىمنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش كەلدى.

تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفون ئۇرغان خاسىيەت ئىكەن.

- هە، نېمە گەپ؟ - دېدىم مەن سەل ئەنسىرىگەندەك قىلىپ، ئادەتتە ئايالىم ئالاهىدە ئەهۋال بولمىسا تېلېفون ئۇرمايتتى.

- مۇهەممەتجان مەن ئىدارىدە ئىشلىمەيدىغان بولدۇم، - دېدى ئۇ خىرامان هالدا.

- نېمىشقا؟

- ئىدارىنىڭ ئالدىدىكى دۇكاننى ئۆتكۈزۈۋالدىم. سىزگە دېمىگەن بىلەن مەن يول مېڭىۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان. هازىر دۇكاننى رەسمىيلا ماڭدۇرۇپ بولدۇم.

- ئوبدان قىپسەن، جاپا تارتىپ قالمىساڭ بولاتتىغۇ، - دېدىم مەن.

مانا بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ دۇكان ئىككى بولدى. خاسىيەتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ياسىنجىنىكامنى مال ئەكېلىشكە ئوخشاش ئىشلارغا ياردەملەشتۈرمەكچىكەن.

مەن ئويلىنىپ قالدىم، بىزنىڭ دۇكانلار يەنە كۆپىيەرمۇ؟




## يىلان ۋە بۆرە

قايسى كۈنى باغچىغا كىرگىنىمدە ئىككى نەرسە مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى.

ئۇنىڭ بىرى يىلان. لەغمەنىنىڭ پىلتىسىدەك تۈگۈلۈۋالغان بىر يىلان قاتمۇقات كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇنى بەس - بەستە كۆرۈشكە سەۋەب بولۇۋاتقان نەرسىمۇ شۇ بولسا كېرەك. يىلاننىڭ زەھەرلىك مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەرگە قويۇلۇشىنى ھايۋانات باغچىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت ئېھتىياج كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. يىلان قاتمۇقات كۆرپىدە ياتىدۇ. كىشىلەر شۇڭا ئۇنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن بىلەت ئېلىپ باغچىغا كىرىدۇ. يىلاننىڭ كۆرپىدە يېتىشىنىڭ سەۋەبى بەلكىم مۇشۇلىمىدۇ؟

مېنى ھەيران قىلدۇرغان يەنە بىر نەرسە بۆرە بولدى. قاتمۇقات تۆمۈر رىشاتكىغا سولانغان بۆرە زۇلمەت كېچىدىكى چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزىنى ھەر تەرەپكە تىكىپ، قانداقتۇر بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك ۋە ياكى بىرەر ئولجىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلىشقا تەييارلانغاندەك رىشاتكىنى ئايلىنىپ ھەر تەرەپكە تىت - تىتلىق بىلەن يۈگۈرەيتتى.

ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىتى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. يىلاننىڭ تەبىئىتى چېقىش. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ نېمىشقا كۆرپىگە نائىل بولدى؟ بۇ يەردە «چېقىش» دېگەن ئاتالغۇ يىلانغا نىسبەتەن يات ئۇقۇم. چۈنكى يىلان چاققۇدەك نەرسە بۇ يەردە تېپىلمايدۇ. شۇڭا كۆرپە يىلاننى جەلپ قىلىدىغان بىردىنبىر نەرسە بولغان بولۇشى، يىلانمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. باغچا خادىملىرى يىلاننى خەق كۆرىدىغان يەرگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ياخشىراق ئامال تاپالمىغان بولۇشى ئېھتىمال.

ئەمما، بۆرىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ يېمەكلىرى مول بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەجدادىدىن باشلاپ دالادا خالىغانچە ياشاپ كۆنۈپ قالغاچقا، رىشاتكا ئىچىدە ياشاشقا كۆنمىگەندەك، ھەر سائەت يېتىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھوشيار تۇرۇۋاتقاندەك، پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنىڭ ئەركىن دۇنياسىغا كېتىدىغاندەك قىلاتتى. رىشاتكىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا مەخسۇس ئۆي ياساپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا رىشاتكىلىق ھويلىدا گويا قورشاۋدا قالغان گېنېرال نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تىنماستىن تىپىرلاۋاتقاندەك تۆت تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. قارىغاندا بۆرە بۇ باغچىغا ئېلىپ كېلىنگىلى خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىن ۋاز كەچمىگەندەك قىلاتتى.

شۇنداق، دۇنيادا ئازراق مۇشكۈللۈككە يولۇقسىلا تەبىئىتىدىن ياتلىشىپ، ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدىغان مىجەز يالغۇز ئادەملەردىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلاردىمۇ ئۇچرايدىكەن. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، تەبىئەتكە (قانۇنىيەتكە) خىلاپ ھەرقانداق ئىشنىڭ توغرا نەتىجە بەرمەيدىغىنى بەرھەق. بۇنداق قىلىش ھامان ئەسلىدىكى مەۋجۇتلۇق ۋە ئېقىمغا نەتۇر تاناسىپ بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تراگېدىيىسىگە ئەسلىدىكىدىنمۇ تېز ھامىلدار بولماي قالمايدۇ.

## كۆسەي

يېقىندىن بۇيان كۆسەي ھەققىدە تولا خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

21 - ئەسىرنىڭ 2 - يىلىغا قەدەم قويغان

بۇ كۈنلەردە، دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارمۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تۇرمۇش رىتىمى قاتارلىق ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ كۆپلىگەن ساھەلىرىدە كۈچلۈك رىقابەت قاينىمىغا غەرق بولدى. رەھىمسىز شاللىنىشنىڭ شىددەتلىك قورشاۋى ئىچىدە بېكىدىن يېڭى ھايات يوللىرى ئۈستىدە ئۆزىگە خاس تەپەككۇرانە نەزەر بىلەن نۇرانە پەللىلەرگە ئىنتىلىش روھىنى ئاستا - ئاستا نامايان قىلىشقا باشلىدى. تەرەققىياتنىڭ رەڭدار چەمبىرەكلىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان شەھەر خەلقى زامانىۋى تۈس ئالغان تەقلىدىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىزچىللىققا ئىگە بىرقىسىم مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇشقا يۈزلەندى.

شۇ قاتاردا ھازىرقى شەھەرلەشكەن خەلق، بولۇپمۇ شەھەردىكى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر «كۆسەي» دېگەن ئۇيغۇرچە ئاتالغۇنى لۇغەتتىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى «كۆسەي» دېگەن نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە ئىدى. ھازىر شەھەر خەلقى ئۆزى نان يېقىپ يېمەيدىغان تۇرسا نان ياققاننى كۆرمىگەن ئادەم ئەلۋەتتە «كۆسەي» نىمۇ ئۇقمايدۇ - دە!

ئۆتكەندە تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن يۇرتقا بېرىپ، يېزىدىكى ئاچامنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئۇ دەل نان يېقىش ئۈچۈن تونۇرغا ئوت قالاشقا تۇتۇش قىلىۋاتقانىكەن. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە: «ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بەلگىلىرىنى چېلىقتۇرۇپ قالسام ئىدىم» دېگەن خىيال ئەگىپ يۈرگەچكە، بۇ تاسادىپىي ئۇدۇل كەلگەن پۇرسەتتە «نان يېقىش» جەريانىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم.

ئاچام تونۇرغا ئوت قالاپ بىردەمدىن كېيىن ئۇزۇنلۇقى ئالاھەزەل ئىككى مېتىر كېلىدىغان، توملۇقى كەتمەن دەستىسىچىلىك بىر ھۆل ياغاچنى تۇتۇپ، تونۇرنىڭ ئىچىگە چۈشمىگەن شاخ - شۇمبىلارنى تونۇر ئىچىگە - ئوت ئىچىگە ئىتتىرىشكە باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا بىز سۆھبەتلىشىپ قالدۇق.

- ئادەتتە بىر كۆسەي قانچە ئۇزۇن يېتىدۇ؟

- تۆت - بەش قېتىم نان يېقىشقا يېتىدۇ.

- نېمىشقا كۆسەيگە قۇرۇق ياغاچ ئىشلەتمەي، ھۆل ياغاچ ئىشلىتىدۇ؟

- قۇرۇق ياغاچ ئىشلەتسە ئىتتىك كۆيۈپ كېتىدۇ. شاخ - شۇمبىنى ئوتنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ ئەكىرىپ بولغۇچە ئۇمۇ كۆيۈشكە باشلايدۇ. ھۆل ياغاچ ئۇنداق ئەمەس.

بىردەمدىن كېيىن ئاچام بىر مېتىرچە كېلىدىغان، چۈچۈلا بولۇپ كەتكەن بىر ياغاچنى تونۇر تۈۋىدىن ئېلىپ، تونۇر ئىچىگە تاشلىدى.

- ئۇمۇ كۆسەيمىدى؟

- ھەئە،- دېدى ئاچام،- بۇ كۆسەينى ئۇزۇن ئىشلىتىپ كەتتىم. ئەمدى ئۇ كۆيۈپ قىسقىراپ قالدى. بۇنى ئىشلىتىۋەرسەم ئەمدى مېنىڭ قولۇم كۆيىدۇ. شۇڭا ئۇنى تونۇرغا سېلىۋەتكىنىم تۈزۈك. «كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەس» دەيدۇ ئەمەسمۇ كونىلار.

قارىماققا ئاددىيلا ئىزاھاتتەك ئاڭلانغان بۇ سۆزلەر بىردىنلا قەلبىمنى لەرزىگە كەلتۈردى. بىلدىمكى، كۆسەي دېگەن ئۆزىگە ئوخشاش قاتتىق غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنى ئىگىسىنىڭ قولى ئارقىلىق تونۇر ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدىغان، مۇشۇ ۋەزىپىنى بىرنەچچە قېتىم ئورۇندىغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ قۇرۇپ، كۆيۈپ، قىسقىراپ، ئاخىر تونۇرغا كىرىپ كۆيۈپ، كۈلگە ئايلىنىپ تۈگەيدىغان بىر خىل ياغاچ ئىكەن.

تۇرۇپلا تونۇر بىلەن ھاياتنى سېلىشتۇرۇپ قالدىم. تونۇر ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن پائالىيەتمۇ ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا. ھايات تېخىمۇ شۇنداق. تونۇرنىڭ قىزىشى، تاۋلىنىشى ئۈچۈن ئىگىسى چوقۇم كۆسەينىڭ ھالقىلىق رولىدىن پايدىلىنىدۇ. پايدىلىنىپ بولۇپ تونۇر سۈپىسىنىڭ يېنىغا تاشلاپ قويىدۇ. ئاخىر ئۇنىڭ رولى تۈگىگەندە ئۇنىمۇ تونۇرغا سېلىپ چوغقا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ «كۆسەي» لىك ھايات شەكلى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ھاياتتىمۇ شان - شۆھرەت، نام - ئاتاق، ئەمەل - مەنسەپ، مەنپەئەت ناملىق ھەر خىل شەكىلدىكى «نان» لارنى ياققۇچىلار تېپىلىدۇ. ئۇلارمۇ ھۆل، ئۆزىگە يارىشا ئۇزۇن «كۆسەي» دىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن بۇ پايدىلىنىش ھامان ۋاقىتلىق. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ رولى تۈگىگەندە ئۇنىڭ قىممىتىمۇ تۈگەيدۇ. قىممىتى تۈگىدى دېگەنلىك، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلاندى دېگەنلىكتۇر.

ھالبۇكى، ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەتلەرمۇ تېپىلىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ كېتىلگىنىنى سەزگەن ھالدا ياشايدۇ. چۈنكى ئۇلار «ھۆل» ھەم توغرا ياشاش مەنتىقىسىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلار ئىگىسىنىڭ

ئوتنى ئۇلغايتىش ئارقىلىق نىمىلەرگىدۇر ئېرىشمەكچى بولۇشنى خىيال قىلىشىدۇ. ئىگىسى ئۇلارنىڭ «هوّل» لۇكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىيالىدىكىدەك «نان» لارنى يېقىش شەرتىنى ھازىرلىماقچى بولىدۇ. قارىماققا ئىگىسى بىلەن «كۆسەي» ھەمكارلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كۆزەتكەندە، ھەر ئىككىسى ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان يوشۇرۇن رەقىبلەرگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ئىچىدە «كۆسەي» ھامان قەدەممۇقەدەم ئۆز تراگېدىيىسىگە قاراپ تېز ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى تۇيمايدۇ. ئاقىۋەتتە مۇنۇ مىسرالاردا يېزىلغاندەك بولىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلسە ئىدى، كاشكى!

ئۆمرۈڭ ئاشۇنداق
كۆيدۈرۈشكە بەخشەندە بولغاچ
ئىزىڭ قارا! يۈزۈڭ قارا!
ئاخىر
ساق قالمايسەن ئۆزۈڭمۇ
يەپ تۈگەيسەن شۇ ئوتتىن دەككە.
ياتقىنىڭدا ئازگالدا جانسىز
شامال بىر كۈنى
سورۇۋېتەر كۈلۈڭنى كۆككە!

# ئۈچ ئەدەبىي خاتىرە

**ئەھەت داۋۇت**

## «ئەپەندى»

«ئەپەندى» سۆزى بىر مەھەل سەلبىي تۈس ئېلىپ، «سېسىق توققۇزىنچى» دېگەن ھاقارەتكە قالغان مۇئەللىملەرنىڭ لەقىمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇزاق جەريانلىق ئاقارتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تەسىرىدە ئىدىيە يېڭىلاش ئارقىلىق بۇ ئۇقۇم ئەسلى مەنىسىگە قايتىپ، ھازىرقى «زىيالىي» دېگەن ھۆرمەت نامىدا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتاتتى.

بىراق، يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئىش مېنى بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى ھەققىدە يەنە ئويلاندۇرۇپ قويدى.

ناھىيىمىز بازىرىدا رېستوران تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەن قادىر ئىسىملىك بىر يىگىت بولىدىغان. رېستوران ئېچىپ رەھىمسىز بازار رىقابىتىدە ۋەيران بولغانلار ناھىيىمىزنىڭ ئۆزىدىلا ئوندىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قاراتۇرك بولۇشىغا قارىماي ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى تۇغما يوشۇرۇن قابىلىيىتى، بىرقاتار ئارتۇقچىلىقلىرىغا تايىنىپ، ھازىرغا قەدەر سۇنماي ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل پۇت دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. ھەم باج تاپشۇرۇش، ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھىيە بويىچە ئۈلگىلىك تىجارەتچىلەردىن بىرى بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى بىرقانچىمىز ئۇنىڭ رېستورانىدا ئولتۇرۇپ قالدۇق.

— قادىر، قانداق ئەھۋالىڭلا ئاداش، — ئالدى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى بىزنى باشلاپ بارغان ساھىبخان دوستىمىز.

— ياخشى، ئۆزۈڭلارمۇ تىنچ - ئامان تۇرۇپسىلەر؟ — جاۋاب سالىمى قايتۇردى قادىرمۇ قىزغىنلىق بىلەن.

بىز تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، چاي ئىچىشكەچ ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇمۇ ھەمراھ بولۇپ بىز بىلەن بىرگە ئولتۇردى. بىرپەس ئۆتمەي تاماقنىڭ ئالدىمۇ چىقتى. شۇ چاغدا ساھىبخان دوستىمىز:

— ھە، قادىر ئاداش! بىزگە قانداق ئالاھىدە قورۇمىلىرىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— نېمە يېگۈڭلار بولسا شۇ بار، — ئۇنىڭ چىرايى سەل ئۆزگەرگەندەك بولدى. قورۇمىلار كەلتۈرۈلۈپ، كەيپىيات سەل قىزىشقان چاغدا ئۇ قولىغا رومكىنى ئېلىپ، تۇساتتىن سۆزگە ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— بىر ئىشنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويسام، خاپا بولماي توغرا چۈشەنسەڭلار، — ئۇنىڭ چىرايى

www.uyghurkitap.com



سەل جىددىي تۇس ئالدى.- ھەممىمىز ئۆز ئاغىنىلەر، ھەممەڭلار مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى ئوبدان بىلىسىلەر، مەن ئون يىل تىجارەت قىلىپ، 2 مىليوندىن ئارتۇق پۇل تاپتىم. شۇڭا مېنى بۇنىڭدىن كېيىن قادىر دېمەي «قادىر ئەپەندى» دەپ چاقىرساڭلار!

ئولتۇرغانلار بىرپەس ھاڭۋېقىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. جىمجىتلىقنى يەنە ساھىبخان دوستىمىز بۇزدى:

- ھەي ئاداش، سېنىڭ ئەسلى كەسپىڭ قاسساپلىق تۇرسا، ئازراق پۇل تېپىۋېلىپلا ئەمدى ئەپەندى بوپ قالدىڭما؟- دېدى ئۇ گەپنى چاقچاققا يۆلەپ.

- شۇنداق، قاسساپ چاغدىكى ئىسمىم قادىر ئىدى، ئەمدى پۇل تاپتىم، قاسساپلىقىم ئۆتمۈشكە تەۋە، مەندە ھازىر پۇل بار. شۇڭا مەن ھازىر «قادىر ئەپەندى» ! ئامېرىكا، شىياڭگاڭنىڭ كىنولىرىدا قورال ئەتكەسچىلىرى، ئاقچىلار، ئوغرى، يانچۇقچىلارمۇ قولىغا پۇل كىرگەن كۈندىن باشلاپ «ئەپەندى» دېيىلىدىكەنغۇ؟ ! مەن ھالال تىجارەت بىلەن پۇل تاپقان تۇرۇقلۇق ئەپەندى بولسام بولمامدىكەن؟

- ئۇغۇ راست، ئەمدى. . .

ھەممىمىز شۈك بولدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ «ئەپەندى» بولغانلىق شەرىپىگە ئاتاپ قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ، چاقچاق، كىنايە ئارىلاش سورۇن تارقىغىچە ئۇنى «ئەپەندى» دەپ چاقىرىۋېرىشتۇق.

بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن كاللامغا بىر سوئال كىرىپلا قالدى.

«ئەپەندى» ھۆرمەت سۆزىمۇ ياكى پۇلى بولسىلا «ئەپەندى» بولۇپ قالامدۇ؟ ! ئامېرىكىلىقلارنىڭ «ئەپەندى» ھەققىدىكى قارىشىدا مەسىلە بارمۇ ياكى بىز قارىشىمىزنى توغرىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ! . . .

## باھا

بىر سورۇندا باشقىلارنىڭ ھاراق ئىچىشىۋېتىپ، سورۇنغا قېتىلمىغانلار توغرىسىدا دېيىشىۋاتقان گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

- يېڭىدىن كەلگەن قاسىم قانداقراق ئاداشكەن؟

- توغرا تامىنىڭ كەينىدىن چىقماي شېئىرلا يېزىپ كۆڭلىنى خۇش ئېتىدىغان بۇلۇڭ سارىڭى ئۇ، بۇنداق سورۇنلار بىلەن خۇشى يوق.

- مەمۇرىي بۆلۈمدىكى ياسىنچۇ؟

- ئۇخلىسىمۇ ئېشەك مىنىپ چۈش كۆرسەم دەپ تىلەيدىغان ئەمەل مەستانىسى، چۈجە خورازنىڭ دوكۇرىچىلىك بىرەر ئەمەل تېگىپ قالارمىكىن دەپ ئەتىدىن - كەچكىچە باشلىقنىڭ ئۆيىگە قاتراپ، بۇنداق سورۇنلارغا كەلگىلى چولىسى يوق ئۇنىڭ.

- كەسپىي ئىشخانىدىكى ھوشۇرچۇ؟

- كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا بىرلا كېلىۋالسا ھەپتىلەپ خوتۇنىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىغان كومپيۇتېر سارىڭى. . . شۇڭا دائىم ئۇنىڭ خوتۇنى يامانلاقتا. . .

- مالىيە ئىشخانىسىدىكى ئەشرەپچۇ؟

- قويغىنا ئۇنى، چولاق دۇتاردىن بىرنى تېپىۋالسا تاڭ ئاتقۇچە كاركىراپ، قۇلاقنى پاڭ قىلىۋېتىدىغان پوقاق ئۇ. . .

ئۆزۈمچە ئويلىنىپ قالدىم.

ئۇنداقتا مەنچۇ؟ سەنچۇ؟ . . .

## يىلتىز

ئامېرىكىدا 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قارا تەنلىك مەشھۇر يازغۇچى ئالېكىس خاررىنىڭ «يىلتىز» رومانى تېلېۋىزىيە فىلمى قىلىپ ئىشلەنگەندىن كېيىن، پۈتۈن ئامېرىكا قىتئەسى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى باش كۆتۈرگىنىدەك بىزدىمۇ ئەجدادلارنى سېغىنىش، يەتتە ئەۋلاد ئاتا - بوۋىسىنىڭ نەسەبىنى ئېيتىپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، قوزغىتىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن شۇ يىللاردا ناھىيىمىزدە يۈز بەرگەن بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

شۇ كۈنى قوشنا ئىدارىمىزنىڭ باشلىقى قازا قىپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئىدارىمىزدىكى ئۇيغۇرلار نامىزىنى چۈشۈرگىلى بارغاندۇق. تۇپراق بېشىغا بارغاندىن كېيىن، مېيىتنى يەرلىكتە قويغىچە بىرئاز ساقلاشقا توغرا كەلدى. تۇپراق بېشىغا چىققانلار ئانچە كۆپ ئەمەس بولۇپ، سۈرلۈك قەبرىستانلىق تولىمۇ جىمجىت ئىدى. يىغا - زارىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى. مېيىت يەرلىكتە قويۇلۇپ بولدى، شۇ چاغدا توپ ئىچىدىن بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن، كەكە ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان بىر مويسىپىت كىشى ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك جامائەت ئارىسىغا بويۇنداپ:

- ئۆمەر قارى، غوپۇر جۇجاڭنىڭ

دادىسىنىڭ ئىسمى نېمىتىيا؟!– دەپ سوراپ قالدى، بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا قارا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، بېلىگە ئاق باغلىغان، ئۇزايىدىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم، ئېرەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان 30 - 31 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىتكە قاراپ.

«غوپۇر جوجاڭنىڭ چوڭ ئوغلى» دېيىشىپ پىچىرلاشتى ئۇنى تونۇيدىغانلار. ھېلىقى يىگىت گەدىنىنى تاتىلاپ، بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، بىردەم دۇدۇقلىغاندىن كېيىن:

– مەن چوڭ بولسام خەقلەر دادامنى «غوپۇر دۇيجاڭ» دېيىشىدىكەنتۇق، كېيىن غوپۇر زەنجاڭ، غوپۇر شاڭجاڭ، غوپۇر جوجاڭ دەپ چاقىرىشىدىغان بولۇشتى. مەن ئاپام بىلەن بىللە تۇرۇپ، دادام بىلەن جىق باردى - كەلدى قىلىشمىغاچقا، بۇۋامنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن،– دېدى چىرايىنى غەلىتە بىر قىسما پۇرۇشتۇرۇپ.

– خۇدايا توۋا، شۇنداقمۇ ئاتا - بالىلار بولىدىكەن - ھە؟!

ھەممە ئايانچلىق كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ ياقىسىنى تۇتۇشتى.

– ئۇنداق بولسا غوپۇرئاخۇن دەۋرەيلى. . .

جامائەت! غوپۇراخۇن قانداقراق ئادەم ئىدى؟!

بوۋاينىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. پەقەت ئۇ يەر - بۇ يەردىن گۇڭگىرىغاندەك ئاڭلانغان «ئوبدان ئادەمتى» دېگەن سۆز سادا مەرھۇمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىغا بېرىلگەن ئاداققى باھا بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

جامائەت ئېغىر سۈكۈت، مۈرەككەپ خىياللار ئىسكەنجىسىدە ئاستا - ئاستا تۇپراق بېشىدىن ئايرىلدى.

يولدا كېتىۋېتىپ، ئېغىر خىياللارغا پاتتىم. باشقىلارمۇ ئۈن - تىنسىز كېتىپ باراتتى. بەلكىم، نەۋرىلىرىنىڭ ھالىنى ئەسكە ئېلىپ ئۇلارمۇ ئېغىر غەمگە پېتىۋاتقاندۇر. . .

# ھېكمەت ئۇچقۇنلىرى

ئېزىز نۇر

ئاياللارنىڭ ساداقەتسىزلىكى - ئۆز بەختسىزلىكىنىڭ يازما خاتىرىسى.

* *

سەن ھەرقانچە ئۇستۇپىشىڭنى پەردازلىساڭمۇ، قېنىڭنى پەردازلىيالمايسەن.

* *

ھىيلىگەر ئايال - باتۇرنىڭ قىلىچىنىمۇ ئېگەلەيدۇ.

* *

قۇشقاچ، قارا ۋىچىرلاشلىرىڭغا، مەنمۇ سەندەك ۋىچىرلاشنى بىلسەم - ھە!

قۇشلىرىم، قارا سېنىڭ پەرۋاز ئۇرۇشلىرىڭغا، مەنمۇ سەندەك پەرۋاز ئەيلىسەم - ھە!

بۇلبۇلۇم، قارا سېنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىڭغا، مەنمۇ سەندەك يىغام بىلەن ئەمەس، ھەقىقىي خۇشاللىقىم بىلەن كۈي تۆكەلىسەم - ھە!؟. . .

* *

سودىگەرنىڭ ھەممىدىن ئۇستۈن كۆرىدىغىنى پۇل، ئاشىقلارنىڭ ھەممىدىن ئۇستۈن كۆرىدىغىنى كۆڭۈل.

* *

سېنىڭ ئالتۇن قەدەھتە كۆتۈرگەن شارابىڭ - مېنىڭ كۆز يېشىم.

* *

ئاجىزلىقتا ھۇجۇم قىلىش بىلەن غەلىبە قىلىش - مۇھەببەتكە ئەمەس، ئۇرۇشقا خاس.

* *

ئائىلىدە يات جىنسلار ئارىسىدا پۇل ۋە ئىمتىيازدىنمۇ يۇقىرى تۇرىدىغان بىرنەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ چىن مۇھەببەت. ئەمما بۇ پۇل ۋە ئىمتىياز بىلەن چىن مۇھەببەت ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىغىچە ئېلىشىدۇ.

* *

دۈشمىنى يوق ئادەمنىڭ ئوخشاشلا ھەقىقىي دوستىمۇ يوق.

* *

ھۆكۈمدار يېرىڭنىڭ ئىگىدارلىقىنى تارتىۋالسىمۇ، ئۆز ئۆيۈڭنىڭ خوجايىنلىقىنى

تارتۇۋالالماس.

* *

شەرمەندە ئايال تېنىنى سېتىش بىلەن قانائەت تاپقاندەك، جاسارەتسىز ئەر يالغانچىلىق بىلەن قانائەت تاپىدۇ.

* *

كۆكرىكىدىن ئوق تەگكەن جەننىتى،
ئارقىدىن ئوق تەگكەن دوزىخى.

* *

ئائىلە تۈۋرۈكلۈكىدىن ئايرىلغان ئەر گويا ئاياللارنىڭ ئالىقىنىدىكى دېدەككە ئوخشايدۇ.

* *

ھەر بىر تال بىخ ئۆرۈۋاتقان ئورۇق - كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى.

* *

يولۋاس خۇيىنى ئالغان ئىت يولۋاسنى يەۋېتەر،
ئىت خۇيىنى ئالغان يولۋاس ئىتتىن يېڭىلەر.

* *

موھتاجلىقتا بەرگەن ياردەم -
توقلۇقتا قىلغان پادىشاھنىڭ شاپائىتىدىن ئۇلۇغ.

* *

غالىبلاردىن ھېچكىم راست ئېيتقان - ئېيتمىغانلىقىنى سوراپ باققان ئەمەس؛ ھەقىقىي سوراقتا قالىدىغىنى يەنىلا غالىبلاردىن يېڭىلگۈچىلەردۇر.

* *

سەن غەمكىن كۆزلەرنىڭ كېچىدە يىغلايدىغانلىقىنى، تاڭ سەھەردە سەھەر قۇياشىدەك پارلايدىغانلىقىنى بىلمەيسەن.

* *

مەن ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغىنىم - ئۇلۇغ ئىمپېراتور ناپالېئوننىڭ «مېنىڭ لۇغىتىمدە مۇمكىن ئەمەس، دېگەن سۆز مەۋجۇت ئەمەس!» دېگەن جەسۇرانە روھى. سەن شۇنىڭغا شەپقەتسىزلەرچە ئىرادە قىلساڭ، دۇنيادا يەنە مۇمكىن بولمايدىغان نېمە بولسۇن!

* *

ئىتنىڭ قۇيرۇق شىپاڭلاتقىنى قولۇڭدىكى بىر پارچە ناننى ئېلىۋېلىش ئۈچۈندۇر.

* *

مەشھۇرلارنىڭ «ئەدەبىيات ئاجىزلارنىڭ قورالى» دېگەن ھېكمىتىگە قايىل بولىدىغاندەك تۇرىمەن، چۈنكى بىزدە تىترەپ تۇرغان قەلەمدىن باشقا يەنە نېمە بولسۇن - ھە! . . .

شۇ قەلەم ئارقىلىق قەلب ئىشىكىنى چەكمەكتىمەن؛
شۇ قەلەم ئارقىلىق ھېكمەت ئىشىكىنى چەكمەكتىمەن؛
شۇ قەلەم ئارقىلىق دۇنيا ئىشىكىنى چەكمەكتىمەن.

* *

ھەقىقەتنىڭ بىر يۈزى سەپسەتە.

* *

ھەقىقىي قانۇن بىر ھاكىمىيەتنىڭ دىكتاتۇرا قورالى بولۇپلا قالماستىن، كىشىلىك ئەركىنلىك، تۇرمۇش ۋە ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك كاپالەت قورالى.

* *

نىكاھ - زۆرۈرىيەت ئۈچۈن يېيىلگەن غىزا.

* *

پەزىلەتسىز تالانت يېغى قۇرۇغان چىراغقا ئوخشاش ئاسانلا كۆز يۇمىدۇ.

* *

ئىشنى ئارقىغا سۆرەش - ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنلىكتۇر.

* *

ئۆزلۈك سۆيگەن ھەقىقىي كەسىپ - بىر جۈپ قاناتقا ئوخشايدۇ. ئۇ سىنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرالايدۇ.

* *

توي - مۇھەببەتنىڭ بۇيۇملاشتۇرۇلۇشى.

* *

سەن پەرىشتە ئىدىڭ، ئادەمزات دۇنياسىغا كىرىپ شەيتان بولدۇڭ.
بۇۋى مەريەم ئانا ئادەمزات دۇنياسىدا ياشاپمۇ ئۇلۇغ پەرىشتە ئانا بولۇۋەردى!

* *

قەلەم بىلەن ناتىقلىق بىر گەۋدىلەشكەن تالانت ئىگىسى - ھەم ئەدىب، ھەم سىياسىئوندۇر.

* *

ئەر:
- مەن ئۇرۇش قەھرىمانى بولساممۇ، سېنىڭ مۇھەببەت ئۇرۇشىدا يېڭىلدىم.
ئايال:
- چۈنكى مەن مۇھەببەت ئۇرۇش ئىلاھى، بۇ خىل ئۇرۇشنىڭ ھەم شېرىن، ھەم رەزىل ئۆتلىرى ئىچىدە ھەممىنى يىقىتىشقا قادىرمەن.
سىلەر - مۇھەببەتنىڭ قۇربانى.



# سۇ ھەققىدە قىسسە

ئەھەد بارات

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## ئەنۋەر ئايىمەتنىڭ چاقچىقى

توقسۇ ناھىيىسى دىققىتىنى ئەمدى سۇ سىڭىمەس ئۆستەڭگە قاراتتى. يەن يولۇڭ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ئىدى. شى شۇجىڭ بولسا تارماق قۇرۇلۇشلارنى قىلدۇرغان سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. بۇ قۇرۇلۇشقا دۇنيا بانكىسى بەرگەن قەرز بىلەن 1992 - يىلىدىن 1997 - يىلى ئاخىرىغىچە 650 چاقىرىملىق سۇ سىڭىمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 1318 چاقىرىم زەيكەش چاپتى. 150 مىڭ مودىن ئارتۇق سۇغۇرۇش كۆلىمىنى ياخشىلىدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن بوز يەرمۇ 147 مىڭ مودىن ئېشىپ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى 50 پىرسەنتكە يەتتى.

4 - ئاي كىرىسمۇ سوغۇق شامال توقسۇ، كۇچا، شايار زېمىنىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. تېمپېراتۇرا 20 گرادۇسقا چۈشۈپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆگەن دەرياسىدىن ئۈچ ناھىيىگە ئاقىدىغان ئەتىيازلىق تېرىلغۇ سۈيى 1997 - يىلىدىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ سۈيىگە قارىغاندا خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. بۇ قۇتلۇق ئىشتىن تېخى خەۋەر تاپمىغان ئۈچ ناھىيە خەلقى ئالدىنقى يىللارغا ئوخشاشلا ئۈمىدسىز ئىدى. شۇڭا مۇئاۋىن ھاكىم ئەنۋەر ئايىمەت بىلەن سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاۋ جيەنفۇ سۇ ئىزدەپ سۇ بېشى قۇمتۇرغا كەلدى.

ئۇلار قار - يامغۇر، شامال يالاپ مىتالدەك سىلىقلىشىپ كەتكەن شېغىل تاشلارنى غاراسلىتىپ دەسسەپ كېلىپ دەريادىكى تۇرمەللەپ ئېقىۋاتقان تاتلىق سۇلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىنى باسالماي «ياخشى، ياخشى» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئەمما ئۇلار توقسۇ ناھىيىسىنىڭ سۇغۇرۇش كۆلىمىنى ئويلىغاندا ئېغىر خۇرسىندى.

كۆك يىلاندەك تولغىنىپ ئەگرى - بۈگرى كېلىۋاتقان بۇ سۇنى ئىككى تاغ قىسىپ تۇراتتى. بۇ سۇ قاقاس جىلغىنى جىراپ ئۆتۈپ سۇ سىڭىمەس ئۆستەڭ بىلەن ئۈچ ناھىيىنىڭ بوستانلىقىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. جىلغا ئىچىنى نېپىز ھەممە كۆكۈش بىر قەۋەت تۇمان باسقانىدى.

ئەنۋەر ئايىمەت جاۋ جيەنفۇغا ئالدى تەرەپتىكى توقسۇغا كىرىدىغان شامال ئېغىزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- رىۋايەت قىلىنىشىچە، شېرىننىڭ ئاشىقى پەرھاد مۇشۇ تاغنى تېشىپ توقسۇ، كۇچا، شايار تەرەپكە سۇ ئۆتكۈزگەنىكەن. نۇرغۇن ئۆلىمالار بۇ يەرگە كېلىپ سۇ پىرلىرىدىن سۇ تىلەپ نەزىر - چىراغ قىلغانىكەن. بىزمۇ شۇنداق قىلىمىزمۇ جاۋ جيەنفۇ؟- دېدى.

ئورۇق، ئوتتۇرا بوي، خۇشچاقچاق جاۋ جيەنفۇ ئەنۋەر ئايىمەتنىڭ بۇ چاقچىقىغا پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.

## سۆزلىمەسلىكمۇ بىر خىل جاۋاب

ئۇلار ئۆگەن دەريا مەركىزىي سۇ تەقسىملەش پونكىتىغا كىرىپ، باشقارما باشلىقى ئەنۋەر ئۆمەر، پونكىت باشلىقى توختى تۇردى، ھۇسەن ھېمىت، شايار ناھىيە سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لوقمان قۇربان بىلەن كۆرۈشتى.

جاۋ جيەنفۇ ئەنۋەر ئۆمەرگە ئەمدى گەپ قىلاي دەۋاتقاندا، ئاق پىشماق، كەم سۆز لوقمان قۇربان گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

- باشقارما باشلىقى، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى تىزگىنسىز قالغان بارلىق ئەركىن سۇلارنى ئۆگەن دەرياسىغا يىغىپ ئەكەلمەيمىزمۇ؟

- يىغىپ بولدۇق، سىلەر نىسبەتلىك سۈيۈڭلارنى قاچىمىزدىكى «ئاش» دەپلا بىلسەڭلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇسا قىلىدىغان 450 مىڭ مودىن ئارتۇق ئاق يېرىڭلار مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پاك - پاكىز تۈگەيدۇ، - دېدى ئەنۋەر ئۆمەر لوقمان قۇربانغا.

قارىغاندا ئەنۋەر ئۆمەر، ئەنۋەر ئايمەت، جاۋ جيەنفۇغىمۇ شۇنداق دەيدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ باي ناھىيىسىدىكى تىزگىنسىز قالغان بارلىق ئەركىن سۇلارنى قىزىل سۇ ئامبىرىغا يىغىپ سەپەردىن ھازىر كەلگەندى.

## ياش پىدائىيغا بەرگەن باھا

ئەنۋەر ئۆمەر ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسىغا باشقارما باشلىقى بولۇپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تېخى ياش بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دەرگۇماندا قاراشتى. ئۇنىڭ كۆنى ئۆگەن دەريا بويىدا لاي سۇدەك بەخىرامان ئۆتۈپ كەتمىدى. ئۇ ئىش قىلىشتىن ئاۋۋال، ئۆگەن دەريا سۈيىنى قانداق قىلغاندا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىزدەندى. سۇ باشقارمىسىدىكى خادىملار ئارىسىدا سۇنى «ئايلىنىدۇ، كېلىدۇ تۇپراقلارنى كۆرگىلى، ئاقار سۇلار شارقىراپ تەكلىماكانغا سىڭگىلى» دەپ قوشاق تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئازابلاندى. خادىملار ئارىسىدا ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسىنى كۆن ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن دەپ قارايدىغانلارنىڭ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. ئۇ ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسىنىڭ «ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسىدا ئىشتىن ئادەم كۆپ، نان قېپىلار كۆپ» دەپ ئەيىبلەشلىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان. ھەر قېتىملىق يىغىندا ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسى نۇرغۇن قورساق كۆپىكى تارتىۋالغاندى. ئەمەلىيەتتە بىلگەن ئادەمگە بۇ ئورۇندا ئادەمدىن قىلىدىغانغا ئىش كۆپ ئىدى.

بەزى سۇ خادىملىرى ئەنۋەر ئۆمەرنىڭ سىرلىق قاراشلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ كۆن ئۆتكۈزۈپ ئۆگىنىپ قالغان تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلۇش شەپىسىنى سېزىپ ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇلار ئەنۋەر ئۆمەرنى ئىسلاھات ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 30 يىلغىچە ئورۇندىغىلى بولمايدىغان تەلەپ - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاسماندىن ئېغىز ئاچسا ئاي، يۇلتۇز، مارىسقىچە، يەردىن ئېغىز ئاچسا زېمىنىنىڭ ئۇل قىسمىغىچە سۆزلەپ ۋەز ئېيتىپ تۇرۇۋالاتتى. ئەمما ئۇلار ئاشۇ بىلىملىرىنى ئۆگەن دەريا سۈيىنى كۆپەيتىش خىزمىتىگە ئىشلەتمەيتتى. ئۇلار ئاخىر ئەنۋەر ئۆمەرنى ئۆزلىرىنىڭ سەنىمىگە دەسسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. مەسئۇلىيەتچان، ۋىجدانلىق خادىملار ئۆزلىرىنىڭ سېپىگە ئىلغار، مەسلەكداش، سەپداش ۋە رىقابەتچى زىيالىيدىن يەنە بىرسى قوشۇلغانلىقىغا قالتىس خۇش بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار ئەنۋەر ئۆمەردىن ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىنى كۆرگەندەك بولدى. قۇسۇر چىقىرىشقا ئامراق ئادەملەرگە ھامىنى قىلغۇدەك گەپ چىقىدۇ. بەزى سۇ خادىملىرى ئەنۋەر ئۆمەرنى ئوبرازلىق قىلىپ:

- ئۇ ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسىغا باشقارما باشلىقى بولۇپ كەلگىلى يېرىم ئاي بولدى، بەزى ئىشنى قىلماي جىممىدە يۈرگىنىگە قارىغاندا بۇ سويمىنىڭمۇ قولىدىن ئىش چىقمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قىزغىنلىقىنى تىلغا ئالساق، ئۇ باشلىق بولماي سودىگەر بولسا بوپتىكەن، - دېيىشتى.

- ئۇ كىچىك تۇرۇپ باشلىق بولغىنىغا قارىغاندا پاراستى بار، جاسارىتى يوقلاردىن ئوخشايدۇ، ئۇ تېخى بالا تۇرسا، گەپ - سۆزلىرىدىن، سىرلىق قاراشلىرىدىن قارىغاندا كارامىتىنى ھازىرچە ئاشكارىلىمايدىغاندەك قىلىدۇ، - دېيىشتى يەنە بەزىلەر.

## ھاياجىنى بېسىۋالالمىغان ئەنۋەر ئۆمەر

ئۇ سۇ ئۇزۇلىدىكى خادىملىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ سۇ ئېلىش ئىقتىدارىنى كۆرگىلى تۆۋەنگە چۈشتى.

سۇ ئۇزۇلىدىكى خادىملار ناھىيىلەرگە سۇغا ئېھتىياجى كۈچلۈك چاغلاردا ناھىيىلەرگە «خۇدانىڭ سىلەرگە قىلغان ئىلتىپاتى مۇشۇنچىلىك، بىزگىمۇ ئامال يوق» دەپ دەريادىكى ئازغىنە سۇنى كۆرسىتىپ قوياتتى. ناھىيىلەرنىڭ سۇغا ئېھتىياجى يوق چاغلاردا دېھقانلارنىڭ سۇ ھەققى ئېشىپ كېتىشى بىلەنمۇ ياكى تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي، كەلگەن سۇلارنى ئۈچ ناھىيە خەلقىگە مەجبۇرىي تاڭاتتى. تېڭىلغان سۇلارنىڭ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ قويمايتتى. ئۇلار ئۈچ ناھىيىنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن ھىممىتىگە قاراپ ئاندىن سۇ تەڭشەيتتى. باشقا چاغلاردا ئۇلار چەت سۇ بويىدىن

تېزرەك يۆتكىلىپ كېتىشنىڭ كويىدا بولاتتى. دائىم ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسىنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا يۆتكىلىپ كېتىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى چوڭ بەخت ئىدى. چۈنكى شەھەر دېگەندە نۇرغۇن ھۇزۇر - ھالاۋەتلەر بولىدۇ - دە!

ئەنۋەر ئۆمەر ھەممىنى تەكشۈردى. ئۇ كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي يېزىسىدىكى دېھقانلارنى شادلىققا چۆمدۈرىدىغان تۇرمۇشنىڭ مەنبەسى بولغان مۇنبەت تۇپراقنى كۆردى. سۇ بولمىغانلىقتىن تېرىلماي ئارال بولۇپ قالغان مەھەللە ئارىلىقىدىكى داللارنى كۆردى. بۇ يەرگە سۇلا بولسا دېھقانلارنىڭ بېيىغان كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئىدى.

ئەنۋەر ئۆمەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ يەردىن چىقىدىغان غايەت زور پاختا ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى غايىۋانە زاھىر بولدى. يولۇچىلار ئۈچۈن بۇ دالا كۆرۈمسىز ئارال، سودىگەرلەر ئۈچۈن دېھقانلار ئۇنتۇپ كەتكەن ئۇنۇمسىز تۇپراق ئىدى. ئەنۋەر ئۆمەر تۇپراققا تولىمۇ يۇقىرى باھا بېرىپ «كەلسە سۇ تۇپراققا، بەرگۈدەك ئالتۇننى كۆرمىگىلاپ» دەۋەتتى.

ئۇ شايار ناھىيىسىنىڭ يېڭى مەھەللە، توي بولدى، تاللىق، نۇر يېزىلىرىنىڭ داللىرىنى، ئېچىلغان بوز يەرلىرىنى، كۆرسە ئادەمنىڭ رەڭگى ئۆچىدىغان، سۇ بولمىغانلىقتىن توشقانمۇ تۇرمايدىغان جاڭگاللىرىنى كۆرۈپ «بۇ يەرگە سۇلا بولسا بايلىق دېگەن ئېشىپ - تېشىپ تۇرغۇدەك» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇ ئاق چېچەكلەپ كەتكەن تۇزلۇق ئاراللارنى، زۇمچەك - زۇمچەك بوز دۆڭلەرنى كۆرۈپ «ياپىرىم» دەۋەتتى. بۇ يەر توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تېخى سۇ كۆرۈپ باقمىغان تاشئېرىق، ئۆگەن، ئۈچقات يېزىلىرىنىڭ يەرلىرى ئىدى. سۇ خادىملىرى بۇ يەرنىڭ تاتلىق سۇيىگە كاپالەتلىك قىلالىسىلا بۇ يەردىكى ئاق شورلار، ئاق پاختىغا ئايلىناتتى.

ئەنۋەر ئۆمەر ئاشۇ تۇپراقلارغا سۇ كۆرۈش نىيىتىدە تەڭرىتاغلىرىدىن باشلىنىدىغان بەش دەريا رايونىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىغا كەلگەندە قۇم شېغىللىق بىر سايىنى يالاپ كېلىۋاتقان كۆك سۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئەنۋەر ئۆمەر كۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ بۇ سۇدا ئۇزگىسى كېلىپ كەتتى. ئۇ بىر شائىرنىڭ «سۇ بىلەن چىقسا جېنىم، سۇلا بولسا كۆكنەيدۇ تېنىم» دېگەن شېئىرىنى ئەسلەپ قالدى.

ئۇ تەلۋىچەك دەرياسىغا كېلىپ بىر كۈنى ئۇ قىرنى، يەنە بىر كۈنى بۇ قىرنى بىھۇدە سۆيۈپ، ئېقىپ ئۆزگەرتىپ كېلىۋاتقان تاتلىق سۇغا قاتتىق ھەسرەتلەندى. ئۇ ھەر ئىككىلا تەرەپ تاغ بولۇپ كەتكەن قاپسىلان دەرياسىغا كەلدى. ئۇ مۇزارت، قارا سۇ دەرياسىغا كەلگەندە نۇرغۇن سۇلارنىڭ سايلاردا ئەگىپ يۈرۈپ، يەنە ئىزىغا چۈشۈپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

سۇدىن ئېغىز ئاچساق، بەش دەريانىڭ تاتلىق سۇلىرى ئادەمنى خۇشال قىلمىسىمۇ، تىزگىنسىز قالغان ئاشۇ سۇلار ئادەمنى ئېچىندۇراتتى.

## ئۆگەن دەريا سۇيىنىڭ جانلىنىپ كېتىشىدىكى سىر

ئۇ قايتىپ كېلىپ: «مېنىڭچە، بەش دەريا رايونىغا سۇ ئايرىش ۋە سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرىدىن نەچچە ئوننى قۇرۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى ئورگاندىكى خادىملارنىڭ تەمىناتىدىن ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا قۇرۇق ئۆستەڭگە سۇ كېلىدۇ. ئارال بولۇپ قالغان داللارنى كۆكەرتكىلى بولىدۇ. ئارتۇق خادىملاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغىلى بولىدۇ» دېدى.

ئۇنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسىنى ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسى قوللىدى. كادىرلار بۆلۈمى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەڭشەپ بەش دەريا رايونىغا يۆتكىدى. توختى تۇردى، ھوسەن ھېمىتتەك خىزمەتكە پىششىق، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ خىزمىتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرالايدىغان قابىل يېتەكچىلەرنى ۋەزىپىگە قويدى. چېقىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئۆۋىلار چۇۋۇپ تاشلاندى. راھەت - پاراغەتكە بۇرما مىخدەك كىرىپ كەتكەنلەر ئۆز ئۆۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپكە تېلېفون بېرىپ ئەنۋەر ئۆمەرنىڭ خىزمىتىگە ئاق ساقاللارنى ئارىلاشتۇردى. ئەمما ئەنۋەر ئۆمەر مۇرەسسەلەرگە يول قويمىدى. ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسىدا بىرمۇ ئارتۇق ئادەم قالمىدى.

ئەنۋەر ئۆمەر ئۆگەن دەريا سۇ باشقارمىسىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى بۇرۇنقى ھوقۇق يۈرگۈزۈش خاراكتېرىدىن مۇلازىمەتكە ئۆزگەرتىپ، تۆت ناھىيە بىلەن سۇ ئېلىش، سۇ ھەققى تاپشۇرۇش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، ئارتۇق

سۇلارنى تارىم دەرياسىغا قويۇۋېتىش، سۇ تەقسىملەشلەردە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۇ نازارەتچىلىرى بولۇشتىن ئىبارەت مەقسەتكە يەتتى.

تاغ ئىچىگە كەتكەنلەر جىرا - سايلاردا ئەگىپ يۇرگەن بارلىق ئەركىن سۇلارنى بەش دەريا رايونىغا قارىتىپ ئېقىتتى. قىزىل سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ ئورنى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئۆگەن دەريا سۇ ئۇزۇلىغا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلارنى كۆچەپ ئاقتۇردى. شۇڭا ئۆگەن دەرياسىنىڭ تارتىلىپ كەتكەن تاتلىق سۇلىرى جانلىنىپ كەتكەندى.

ئۇلار توقسۇ ناھىيىسىدىكى توختام سۇلارنى، زەيكەشلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۈچ سەپ بولۇپ، سېسىق سۇ كۆللىرىگە ۋە زەيكەشلەرگە بىر - بىرلەپ كەلدى. ئۇلار كۆتەمە كۆلىدىكى توختام سۇلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى 3 مىليون كۇب مېتىر دەپ پەرەز قىلدى.

ئەنۋەر ئايمەت غاز، ئۆردەك، باكتېرىيىلىك ئوت - چۆپلەر پۇراپ تۇرىدىغان بۇ سۇغا قولىنى تىقىپ تېتىپ باقتى. سۇنىڭ تۇز مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. سۇ تەركىبىنىڭ تۇز مىقدارى 1.5 گرامدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنداق سۇلارنى يەر سۇغۇرۇشقا ئىشلەتكىلى بولمايتتى.

سىڭدۈرۈلگەن ئەجىر ھېچقاچان بىكارغا كەتمەيدۇ. دېھقانلار سەل قارىغان سازلىق كۆللەرنىڭ توختام سۇلىرى ئۇلارنى خۇش قىلىۋەتتى.

راخمان ھوشۇر زەيكەش كۆرۈپ ئاق ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇزۇلمەس ئېقىندا سىرغىم سۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار نىشاننى توقسۇ خەلقى 1975 - يىلى كولىغان چوڭقۇر قۇدۇقلارغا قاراتتى.

ئەنۋەر ئايمەت تاشئېرىق، ئۆگەن يېزىسىنىڭ ئۆلگەن قۇدۇقلىرىنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ يېزا باشلىقلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ راسا تىللىغۇسى بار ئىدى. ئەمما ئۇ يېزا باشلىقلىرىنىڭ «مەن تېخى بۇ يېزىغا يېقىندىلا يېزا باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىپ كەلدىم» دەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

راخمان ھوشۇر ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار يېزىلىرىنىڭ قۇدۇقلىرىنى كۆردى، بۇ يېزىدىمۇ مەسىلە ئېغىر ئىدى. راخمان ھوشۇرنىڭ كۆزلىرى ئاچچىقتىن سوغۇق نۇر چېچىپ، تېخى تۇنۇگۈن قىردۇرغان قويۇق ساقاللىرىنىڭ ئورنىمۇ تىكەنلەشتى.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇنداق سۇ كرىزىسى بولۇۋاتقان باھار تېرىلغۇسى پەيتىدە قۇدۇقلارنىڭ كۆزىنى ئاچمىسا بولمايدۇ دېيىش، دېھقانلارنى «ياندۇرقى يىلى دېھقانچىلىق قىل» دېگەن بىلەن باراۋەر ئىدى.

## زەيكەش سۇ تارتىپ كېتىلدى

ئەنۋەر ئايمەت «ئۆز كۆچمىزگە تايىنىپ يەر ئوسا قىلايلى» دېگەن پىكرىنى مۇئاۋىن ھاكىمغا ئېيتتى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت زەيكەشلەردىكى ئۇزۇلمەس ئېقىننى، سېسىق سۇ كۆللىرىدىكى توختام سۇلارنى، سازلىقلارنى ئارال قىلىپ تاشلىغان ئۆچەك - ئۆچەك تاتلىق سۇلارنى تېرىمغا قارىتىپ ئاختۇرۇشقا ھاشار ئورۇنلاشتۇردى. كۆز بۇلاقلار ئېچىلدى. ئىشلىتىشكە بولىدىغان بارلىق قۇدۇقلار ئانا زېمىنغا مېھرىنى تۆكتى. سۇ ساھەسىدە شىددەتلىك ئېقىم ھاسىل بولدى. سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ بىلەن شاخاپچە ئېرىقلارنىڭ «قان بېسىمى» ئۆرلەپ كەتتى.

سۇ خادىملىرى كەلدى. ئۇلار سۇ ئۆلچەش، سۇتەقسىم قىلىش ئۈچۈن يەتتە يېزا، بىر مەيدانغا مېتىر تۇتۇپ كەلگەندى. شۇنداق قىلغاندىلا سۇنى تېجىگىلى بولاتتى. بۇنى بىر يېڭى دەۋر، يېڭى باشلىنىش دېيىشكە بولاتتى. 90 مىڭدىن ئارتۇق دېھقانلار قۇراشتۇرۇلغان بۇ سۇغا قاراشلىق ئىدى.

سۇ خادىملىرى بەرگەن سۇ بىلەن كەلگەن سۇنىڭ ھېسابىنى قىلىپ يالىڭاچ تۇپراقتا، دەل - دەرەخنى سىلكىپ تۇرغان بوران - چاپقۇندا ئېتىز بېشىدا ئوت قالاپ، مۇزلاپ قالغان قۇرۇق نېنىنى يەپ سۇ ئۆلچەيتتى.

سۇ ئىچىدە ئارال بولۇپ قالغان زەيكەش كەنتلەر ئەتراپىدىكى زەيكەش سۇلارنى پۈتمەس - تۈگىمەس بالايىئاپەت دەپ قارايتتى. ئۇلار ئاشۇ زەيكەش سۇلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. چۈنكى دېھقانلار ئۇ ئاپەت سۇلارنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە تارتىپ كەتكەندى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# «مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن»لەر پائالىيىتىگە قاتنىشىڭ!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەتبۇئاتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى ئوقۇرمەن، سىزمۇ خوجايىنلىق ھوقۇقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ ژۇرنىلىمىز-
نىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالامسىز؟
بىز رايى سىناش جەدۋىلىنى ئەستايىدىل تولدۇرۇپ بىزگە ئەۋەتىپ بەرگەنلەر ئىچىدىن يىل ئاخىرىسىدا «مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن»لەرنى
باھالاپ چىقماقچىمىز. باھالانغۇچىلار نەشرىياتىمىزنىڭ مۇكاپاتىغا ۋە ئاددىي كۆڭۈل سوۋغىسىغا ئېرىشىشتىن سىرت، يەنە نەشر-
ياتىمىز تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

جىنسى: ئەر ☐ ئايال ☐

ئىسىم فامىلىڭىز: ______

يېشىڭىز: 20 ياشتىن تۆۋەن ☐ 21 - 30 ☐ 31 - 40 ☐ 40 ياشتىن يۇقىرى ☐

كەسپىڭىز: ______ مەدەنىيەت سەۋىيىڭىز: ______

ژۇرنالنى قايسى يول بىلەن ئوقۇيسىز؟ مۇشتىرى ☐ سېتىۋېلىپ ☐ ئارىيەتكە ئېلىپ ☐

سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ: كونا ئوقۇرمەنى ☐ يېڭى ئوقۇرمەنى ☐

سىز بۇ يىلقى «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» نىڭ قايسى سانىنى بەكرەك ياقتۇردىڭىز؟ ☐ 1 - سان ☐ 2 - سان ☐ 3 - سان ☐ 4 - سان ☐ 5 - سان

بىزگە دېمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىڭىز: ______

تېلېفون ياكى چاقىرغۇ نومۇرىڭىز: ______ پوچتا نومۇرى: ______

ئالاقىلىشىش ئادرېسىڭىز: ______

| ئەسەر نامى | ياخشى | يامان ئەمەس | ياقتۇرمىدىم |
|---|---|---|---|
| 1. بىزنىڭ دۇكان | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 2. مۆڭلۈق كېچە | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 3. جۇللار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 4. ئەللىيدە تېبىئەتنىڭ ئۇخلايدۇ دېگىنى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 5. شېئىرلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 6. ئۈچ شېئىر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 7. شېئىرلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 8. ئەدەبىي خاتىرىلەر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 9. ئۈچ ئەدەبىي خاتىرە | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 10. ھېكمەت ئۇچقۇنلىرى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 11. سۇ ھەققىدە قىسسە | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 12. بېغىشلىمىلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 13. «تەڭرىتاغ» ئەسلىمىلىرى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 14. «تەڭرىتاغ»، ساڭا تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى قايىل | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 15. قەلبىمدىكى «تەڭرىتاغ» | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 16. تېخىمۇ گۈللەپ ياشنا، «تەڭرىتاغ» | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 17. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدىكى ئارالچە | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 18. ئەدەبىياتىمىز، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ۋە مەن | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 19. ئۆتتىن مۇھەببەتكە... | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 20. «تەڭرىتاغ»، مەن ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىزدىنىش مۇساپىسى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 21. «تەڭرىتاغ» بويلاپ | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 22. سەن ئۆردەك بالىسى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 23. ھايات ئىنسانلار قەلبىدىن باشلىنىدۇ | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 24. «تەڭرىتاغ» ۋە مەن | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 25. ھەر چېچىكنىڭ تۇغار بىر قۇياش | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 26. «ۋارىس ھۆكۈمەت» | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 27. زۇردۇن سابىر ۋە مەكتەپ | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| سەھىپە نامى | سىز ياقتۇرغان سەھىپىلەر | سىز ياقتۇرمىغان سەھىپىلەر |
| --- | --- | --- |
| 1. ھېكايىلەر | ☐ | ☐ |
| 2. شېئىرلار | ☐ | ☐ |
| 3. ئەدەبىي خاتىرىلەر | ☐ | ☐ |
| 4. مۇساپىلەر | ☐ | ☐ |
| 5. 100 سانغا مۇبارەك | ☐ | ☐ |
| 6. ئەسلىمە | ☐ | ☐ |

سىز بايقىغان يېتەرسىزلىكلەر

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

سىزچە يەنە قانداق يېڭى سەھىپىلەرنى ئۇيۇشتۇرساق بولىدۇ؟

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

سىزچە يەنە قايسى خىلدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرساق بولىدۇ ؟

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

ژۇرنىلىمىز سىزنى قايسى جەھەتتىن بەكرەك قىزىقتۇرىدۇ؟

------------------------------------------------------------

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇقاۋا ۋە ئىچ بەت لايىھىسىگە نىسبەتەن كۆزقارىشىڭىز؟

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

**ئىزاھات : جەدۋەلنى تولدۇرغاندىن كېيىن ، ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 – نومۇر ، « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى نەشرىياتى دېگەن ئادرېس بويىچە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ . پوچتا نومۇرى : 830002 سىز تولدۇرماقچى بولغان مەزمۇنلار جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن دائىرىگە پاتمىغان شارائىتتا شۇ تۈر بويىچە ئايرىم قەغەزگە يېزىپ ئەۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ . يېڭى بىر سان چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ۋاقتىدا ئەۋەتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز .**












2003 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئادىل ھوشۇر چۆچەك شەھىرى فېڭجىي ناھىيىسىنىڭ شىگلۇڭ كەنتىگە جايلاشقان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەبىئىي ئازگالدا ئۇزۇنلۇقى 687 مېتىر ، ئېگىزلىكى 662 مېتىر بولغان پولات سىم ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىپ ، ئۆزى ئىلگىرى ياراتقان ئەڭ ئېگىز رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى .





# شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى

# 新疆国际大巴扎



国际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/I 邮发代号 58—83 零售价：5.00元